
«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物
双效期刊
XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•
●دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىك
ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا
ئەسلە قىلىمىز●
6
2005
شىنجاڭ مەدەنىيىتى
新疆文化
ISSN 1008-6498
11>
9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



«يىللار»، «تۆشۈك مۇنچاق»، «داۋالغۇش» قاتارلىق رومانلار؛ «ئوغۇلخان»، «تونجۇققان سۆيگۈ»، «ئادراسمان چېچەكلىگەندە»، «ئۆلۈك-تىرىك ئارىلىقىدا» قاتارلىق پوۋېست-ھېكايىلەر توپلاملىرى؛ «يول ئۈستىدە»، «بوزۇلغان قەسەم» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، قەشقەر ۋىلايىتى خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، مەملىكەت بويىچە «ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقان خادىم» شەرىپىنىڭ نائىلى، تونۇلغان يازغۇچى ئابلا ئەھمىدىي ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(54 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2005 ـ يىل 6 ـ سان

(ئومۇمىي 276 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نا-
زارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شۇئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


### تەبرىك سەھىپە

«مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق .......... ئىسمائىل تىلىۋالدى 2

«مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق .....كۇرەش مەخسۇت 7

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە بۈيۈك تىل قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» .... ئابلىز ئابدۇرېھىم 10

### زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئۈمىد ۋە تەقەززا ........................................ ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان 13

### تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە

مۇسابايېفلار هاياتىدىن پۈل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 20

### شېئرىيەت مۇنبىرى

مەشئەل كۆتۈرگەن ئۇلۇغ بوۋىلار ........................................ قۇربان بارات 23

### ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

توپان باسقۇنى راستىنلا ھاجەتمۇ؟ .................................. نۇر مۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 26

### پىروزا كۆزنىكى

ئۇسسۇشۇم كىرەك ........................ (ھېكايە) ........................ خامۇش مۇمىن 41

### ھەر ئىش يولى بىلەن

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم ............ مامبەت تۇردى 44

### چېقىمچىلىق قەبىھ ئىللەت

يېڭى زامان چېقىمچىلىرى ئۈستىدە ۋىجدان سوئال ـ سورىقى .... ت. باقى ئارتىشى تەرجىمىسى 49

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ ئىمام مەجىد خەنجەرىي قاتارلىقلار 51

### ئىلىم تەلەپكارلىرىدىن تەۋسىيە

ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدىكى ھېكمەتلەر ...... تەۋسىيە قىلغۇچى: مۇھەممەت ئىسمائىل 63

### كلاسسىكلارنىڭ قۇدرىتى

بىز كلاسسىك ئەسەرلەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ ........................ ئىمىن ئەھمىدىي 68

### ياش ئالىملىرىمىزغا تەشەككۇر

زەپەر ئالغان ستاتا ........................................ ئوبۇل مۇھەممەت ئۆگمەس 78


مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



رەھبەرلەرنىڭ «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا سۆزلىگەن تەبرىك نۇتۇقلىرى

## «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

ئىسمائىل تىلىۋالدى
(ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى)

ھۆرمەتلىك ئالىملار، مېھمانلار، يولداشلار، دوستلار:
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 56 يىللىقى ۋە شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغى-
لىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئەۋجىگە چىققان خۇشال كۈنلەردە، بۈگۈن

بىز قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى قەشقەردە «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزمەكتىمىز. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى-سىرتىدىن قەدەم تەشرىپ قىلغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە ئۇلاردىن قىزغىن ھال سورايمەن!

مەھمۇد قەشقەرى ئېلىمىزنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى. بۇ يىل مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىغا 1000 يىل بولدى. بۈگۈن بىزنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتىدا مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە بۇ يىل مايدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ئالاقىدار ئىشلارنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن جاپالىق، ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىدى.

مەن بۈگۈنكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر ۋە يىغىن ئەھلىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

## 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر توغرىسىدا

بۇ يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولدى. شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا، بۇ 50 يىل قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، شىنجاڭ «نامرات ھەم يوقسۇز» ھالەتتىن مەدەنىيلىككە، گۈللىنىشكە ۋە تەرەققىياتقا زور قەدەم بىلەن ئاتلاندى. 50 يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى.

بىرىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. 2004-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 220 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955-يىلدىكىنىڭ 42 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 32 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيىنىڭ ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 15 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955-يىلدىكىنىڭ 90 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1955-يىلدىن 2004-يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسى ئاز كەم 800 مىليارد يۈەن ئورۇنلاندى. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم چوڭ-چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى پۈتۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزدا غايەت زور ئىلگىرىلەش بولدى. 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.8% كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 86.3% كە يەتتى، ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2% تىن تۆۋەن بولدى، ئاھالىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، رادىئو-تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 92% تىن يۇقىرى بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىدى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى كۆپلىگەن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىشىپ، جۇڭگودىكى كۆپ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى 50 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ئەڭ ياخشى گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەت، تەرجىمە، نەشرىياتچىلىق، تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشتا دەسلەپكى كۆلەم ھاسىل بولۇپ، سىستېما شەكىللەندى؛ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ ئىقتىدارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ھەمدە تەسىرى كۈچكە ئىگە بىر تۈركۈم داڭلىق يازغۇچى ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مەيدانغا كەلدى.

ئۈچىنچى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 50 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ، كىيىنىش ۋە كېسەل كۆرسىتىش، تەربىيىلىنىش جەھەتلەردىكى شارائىتى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى، تۇرمۇشى تەدرىجىي ياخشىلاندى. 2004-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2245 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 7503 يۈەنگە يەتتى. خەلق تۇرمۇشىدا كىيىنىش-تويۇنۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشتەك تارىخىي ھالقىش بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 37 ياشتىن ھازىرقى ئاز كەم 70 ياشقا ئۇزاردى.

تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى. ھەممە مىللەت قەد كۆتۈرۈپ ئازاد

www.uyghurkitap.com

بولۇپ خوجايىن بولدى. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى، قازاق خەلقىنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى، موڭغۇل خەلقىنىڭ «نادام» مەرىكىسى قاتارلىق ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلۇپ ـ گۈللەندۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلق ھەمنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بىرلىكتە كۈچ چىقارماقتا.

بىز 50 يىلدىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشى بولمىغان بولاتتى. يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى باسقۇچتا، بىز پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغانلا بولساق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز ـ دە، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتالايمىز.

## 2. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى گۈزەل تەرەققىيات مەنزىرىسى توغرىسىدا

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىمىز تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتكە يۈزلىنىپ، تېخىمۇ گۈزەل تەرەققىيات مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇۋاتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا: بىرىنچى، تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىمىز بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. سۇ، يەر، كۈن نۇرى، ئىسسىقلىق، قىزىلما بايلىق ۋە ساياھەت بايلىقىمىز ئىنتايىن مول، ئېچىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىمىز ناھايىتى زور، غەربكە ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكىمىز تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا؛ ئىككىنچى، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتى بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بارغانسېرى تېز بولدى. مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، زور بىر تۈركۈم چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى كەينى ـ كەينىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇل ئەسلىھە شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى؛ ئۈچىنچى، مەركەزنىڭ قوللاش سالمىقى بارغانسېرى ئاشماقتا. بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى توغرىسىدا بىر قاتار زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ۋە تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى ئالدىدا، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، «شىنجاڭنى مۇقىملاشتۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش» دېگەن ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى چۆرىدەپ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە شىنجاڭنى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، تەرەققىيات قەدىمىمىزنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە پۈتكۈل مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەم تاشلاش نىشانىغا تىرىشىپ يېتىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇلۇق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق ۋە باغۇەنچىلىكتىن ئىبارەت تۆت چوڭ بازا قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنۇۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىشىمىز لازىم. بايلىق ئەۋزەللىكىمىزگە تايىنىپ، يېڭىچە سانائەتلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېز يولغا قويۇپ، نېفىت، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتىنى كۈچەيتىپ، كۆمۈر، ئېلېكتر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىزىلما بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى تولۇقپىلەپ ئىنچىكە پىششىقلاش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ساياھەت ۋە مۇلازىمەت كەسىپىنى كۈچلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئۇل ئەسلىھە ۋە ئۇل كەسىپ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم. «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربتىن چىقىرىش، غەربتىن كىرگۈزۈپ، شەرققە چىقىرىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەردە پائال بازار تېپىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. ئىشىنىمەنكى، مەركەزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنى جەزمەن تېخىمۇ ئىناق، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ گۈللەنگەن ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

## 3. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

مەدەنىيەت ــ مىللەتنىڭ جېنى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان مەنىۋى ۋاستە. مەدەنىيەت

ئىشلىرى «مەنىۋى مەشئەل» ۋە «ئىلگىرىلەش سىگنالى»، شۇنداقلا كوممۇنىزملۇق ھالىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. كوممۇنىزملۇق ھالىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرىمىز كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىش ۋە كۆرەشچانلىق ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە بۇرچىنى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. شۇڭا، قانداق قىلىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — ھەر بىر مەدەنىيەت خادىمىمىز ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا يېڭى دەۋر بىزگە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپە. مېنىڭچە، يېڭى تارىخىي مەزگىلدە، ھەممە مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، «تۆتتە چىڭ تۇرۇش»ىمىز لازىم.

**بىرىنچى، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئارقىلىق يېتەكلەپ باشتىن - ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم.** ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بىر تەرەپتىن،ماركسىزم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئاڭدا كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشى پەيدا بولۇپ، ھەر خىل قاراشلار گىرەلىشىپ، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن چەت ئەللەر مەدەنىيىتى بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش چەت ئەللەردىلا ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزدىمۇ كۆپلەپ يۈز بەرمەكتە. بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت بىزدىن سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ سەگەك ۋە قەتئىي بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇھىمى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، يېتەكچى ئىدىيىنى ھەرگىزمۇ كۆپ مەنبەلەشتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز لازىم. مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش دېگىنىمىز قۇرۇق شوئار ئەمەس، بەلكى ئۇنى پەنلەر قۇرۇلۇشىدا ۋە دەرسلىك تۈزۈش، ئوقۇتۇش، تېما تەتقىقاتى، ئىلىم ئالماشتۇرۇش، نەتىجە باھالاش قاتارلىق ھالقىلاردا، ھەر بىر تەتقىقاتچىنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا، شۇنىڭدەك تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا قوشقان ئەمەلىي تۆھپىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. بىز چوقۇم «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مېڭىمىزنى بۇ ئىدىيە ئارقىلىق ئاڭلىق قوراللاندۇرۇپ ۋە بۇ ئىدىيىنى ئىلمىي تەتقىقاتىمىزغا يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي نەزەرىيە يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن ئالىيجاناب ئىلمىي ئىزدىنىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، مەۋقەنى «ئىككى ئورتاق»قا قويۇپ، نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىشنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش لازىم.** شىنجاڭ تارىخى - ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى جەھەتتە بىرلىككە كېلىشكە ئىنتىلىپ، تاشقى جەھەتتە دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرغان تارىخ، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنى ئورتاق ئاچقان ۋە گۈللەندۈرگەن تارىختۇر. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدىكى بەزى مەسىلىلەر خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىم شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىدە ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن مۇھىم تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشتى. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىجتىمائىي - سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، بۇ تەتقىقات ساھەلىرىدە ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە مېتود بىلەن غەيرىي ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە مېتود، ھەتتا ماركسىزمغا قارشى نەزەرىيە ۋە مېتود ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق ۋە كۆرەش باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەر «ئىلىم تەتقىقاتى» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ تارىخىنى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىن ئۆزگىرىش تارىخىنى بۇرمىلايدىغان تۈرلۈك سەپسەتىلەرنى تارقاتتى. بۇ جەھەتتە بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت خادىملىرىمىز ئۆز تەتقىقاتى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كادىر ۋە ئاممىنى ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەرنىڭ «بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىش» نىشانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ئىلىم كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم.** مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ھەم «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. تارىخىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزگىچە قانۇنىيىتى بولىدۇ، ئۇ مول بىلىم ۋە پۇختا نەزەرىيىۋى ساپا تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ مەنىۋى

ئەمگەكتۇر. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىـزم
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «بارچە
گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»
فاڭجېننى ئاكتىپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن قا-
نۇنىيىتىگە، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكـىـگە
ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن
ھازىرلاپ بېرىشىمىز؛ سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىلىم مەسىلىسىنى توغرا
بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي يۆنىلىش ۋە تۈپ پرىنسىپ مەسىلىسىدە
بايرىقىمىز روشەن بولۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەسلىكىمىز؛ ئىلمىدە يېڭى-
لىق يارىتىش ۋە ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىش، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي
قارىشى ۋە ئىلمىي ئىدىيىلەردە مۇنازىرىلىشىش ۋە كېڭىشىشنى، شۇ-
نىڭدەك ئىلمىي ئاساستىكى قايىل قىلارلىق تەنقىد بىلەن قارشى تەن-
قىدنى تەشەببۇس قىلىشىمىز؛ جانلىق، ئىتتىك، دېموكراتىك ۋە ئىناق
ئىلىم كەيپىياتىنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيە
ئۈستىدىكى ئىزدىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەقىقەتنى بىلىش ۋە
ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، خاتالىقنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتى-
شىمىز؛ مەۋقەيىمىزنى ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىنى مۇستەھكەمـ
لەشكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە، پۈتكۈل پار-
تىيە ۋە پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىگە، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە،
پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى، كىشىلـەرنـىڭ
ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قى-
لىشقا قويۇپ، ئىلمىي ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە چىڭ
تۇرۇپ، تەتقىقاتىمىزدا تىرىشىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈشىمىز، قانۇنىيەتنى ئىگىلىشىمىز ۋە ئىجادچانلىققا باي بولۇشىمىز
كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق
ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ ئىدىيىدە ئا-
زاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ
ئىلگىرىلەش ۋە ئىلمىي، ئەستايىدىل بولۇشتەك ئىلىم كەيپىياتىنى
يەنىمۇ تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. پۈتكۈل پارتىيە، پۈتكۈل مەم-
لىكەت خىزمىتى ئومۇمىيلىقىنىڭ تەلىپى ۋە دەۋرنىڭ تەلـىـپـىنى
ئاساس قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئەستا-
يىدىل قاراپ، تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا كۆرۈلگەن سۇبيېك-
تىپلىق، ئالدىنقىلار ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ تەتقىقاتىنى تەھلىل قىل-
ماستىنلا شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشتەك خاتا خاھىشلاردىن قەتئىي
ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

**تۆتىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىلـدۈ-
رۈشنى چىڭ تۇتۇپ ئىزدىنىشكە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرە-
دىغان تەتقىقات مۇھىتى ۋە كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىشىمـىـز
لازىم.** 50 يىلدىن بۇيان بىز پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن
كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان دەسلەپكى كۆلەمگە ئـىـگـە
مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار قوشۇنىنى بەرپا قىلدۇق. لېكىن، يېڭى
دەۋردە سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بۇ قوشۇننى يەنىمۇ زو-
رايتىشىمىزغا، ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشـ
مىزغا توغرا كېلىدۇ. قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە، بىرىنچى، ماركسىزم
نەزەرىيىسىنى پۇختا ئىگىلىگەن بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىم-
لارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلار ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدە-
نىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ئۇلار
ئارقىلىق دۇنياغا جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى تونۇتۇشىمىز لازىم؛ ئىككىنچى، بىر تۈركۈم ئىلىم
پەن باشلامچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئىلىم ـ پەن باشلام-
چىلىرى پەن تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ئىككىسى بىر ـ بـىـرىـنى
شەرت قىلىپ ۋە بىر بىرىنى تولۇقلاپ، پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن ساھەسىنىڭ
ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ياش ئالىملار
ۋە تەتقىقاتچىلارنى يېتىلدۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. بىز مەۋقە-
يىمىزنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ
كەلگۈسىنى يارىتىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە قويۇپ، ياش ئالىملارغا كۆپ-
رەك كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپرەك ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ياش ھەم قا-
بىلىيەتلىك، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، ساپاسى ياخشى، جاسارەت بە-
لەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر تۈركۈم ياش ئىلمىي تەتقىقات تايانچ-
سىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئىلىم ئەخلاقىنى تەشەببۇس قى-
لىپ، ئۆگىنىشتىكى ئېسىل كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ـ ئىشلىرىمىز-
نىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم شەرتى. ھەر مىللەت
مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار ئىلىم ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت
بېرىپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىلىم تەتقى-
قاتىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتەك ماركسىزملىق ئۆ-
گىنىش كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ۋە
ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىلمىي تەتقىقاتقا بېرىلىپ،
نادىر ۋە ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، تىرىشىپ ۋە-
تەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

يولداشلار:

1000 يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز زېمىنىدا مەھمۇد قەشقەرى-
دەك ئۇلۇغ ئەدىب، ئالىم توغۇلۇپ، مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى،
مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئى-
تىنى تەتقىق قىلىدىغان قامۇس ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئوتتۇرا
ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقى-
نىڭ مول نەتىجىسى. ئۇيغۇرخەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنى-
ۋى مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت
خەزىنىسىدىكى جۇلالىق مەرۋايىتتۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىن-
تايىن مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپلا قالماستىن، ئىنتايىن
يۇقىرى تارىخىي ئىلىم قىممىتىگە ئىگە مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.
ئۇنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئە-
سەرنى يېزىش داۋامىدىكى ئوبيېكتىپ، ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسى-
يىسى، شۇنىڭدەك لۇغەت تۈزۈش داۋامىدىكى مۇكەممەللىككە ئىنتى-
لىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز ئۈچۈن ئىن-
تايىن مۇھىم ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن شۇنى ئالاھىدە كۆر-
سىتىپ ئۆتىمەنكى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىـللار دىـۋانى»دا
«چىن» دېگەن ئاتالغۇغا بەرگەن ئىزاھاتىدا، ئەمەلىيەتتە قەدىمىي

جۇڭگونىڭ ئۈچ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە قاراخانىيلار خاندانلىقى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەزەلدىن چىن مەملىكىتى، يەنى جۇڭگودىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئورتاق ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تارقىتىۋاتقان تۈرلۈك تارىخىي سەپسەتىگە دەل جايىدا بېرىلگەن قاتتىق زەربىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ قېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى پائال تۈردە تەتقىق قىلىپ ۋە قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشى ۋە نۇرلاندۇرۇشى، ھەم شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچ مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. مەدەنىيەت خادىملىرى، ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ۋەزىيەتنى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى شان - شەرەپ قازىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىشى لازىم.

ھۆرمەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار، دوستلار:

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مول نەتىجىلىك ۋە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

2005 - يىل 4 - ئۆكتەبىر

# «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

كۆرەش مەخسۇت
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ھۆرمەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار:

«مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن بۈگۈن غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 56 يىللىقىنى، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان خۇشال كۈنلەردە ئېچىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتىغا خۇشاللىق بىلەن جەم بولۇپ، زىيارەت قىلىش، ئۆگىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ ئالىم ۋە تىلشۇناسنى خاتىرىلەپ، قەدىمىي مەدەنىيەت شەھىرى بولغان قەشقەرگە يېڭىچە مەدەنىيەت كەيپىياتى قوشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەتىجىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تەسىرىنىڭ زورلۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى تارتتى. مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىدىغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ياد ئەتتى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بىز جەمئىي 200 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدۇق. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تاللانغان 100دىن ئارتۇق ئالىم - مۇتەخەسسىس ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭدىن مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ۋە سالمىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخ ئادىل باھا بەرگۈچى، ھەقىقەت مەڭگۈلۈك، بىلىم بىباھادۇر. كىمكى تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان، كىمكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشقان، كىمكى ھەقىقەتنى بايقاش، ھەقىقەتنى تونۇشقا تۆھپە قوشقان بولسا، شۇ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، پەن - مەدەنىيەت بىلىمى، مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقى ئارقىلىق مىللەت، دۆلەت، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ زات مەھمۇد قەشقەرىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەۋاتىمىز.

«مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەدەنىيەت - مىللەتنىڭ روھى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەھكەم چاتقۇچى مەنىۋى رىشتە. ۋەتىنىمىزنىڭ 5000 يىللىق ئېسىل مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىدە ئۇلۇغ

www.uyghurkitap.com

مىللىي روھنى يېتىلدۈرگەن ۋە شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدىكى مىل-
لەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ مۇ-
ھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مە-
دەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت ۋا-
رىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ،
مىللىي كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ
مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي مېلودىيە
قىلىنغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ، ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇشتا
مۇھىم رول ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئىشلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ يۈكسە-
لىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن
ئەتتى. ئۇ بىزدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ماركسىزم ئارقىلىق مىللەتلەر-
نىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،
توغرا يۆنىلىشنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش؛ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي
مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا «تۆتنى ئېتىراپ قىلىش» ئىدىيىسى ئارقىلىق
يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، «ئىككىنى مەۋقە قىلىش»نى ئىشقا
ئاشۇرۇپ، نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىش؛ «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى
خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى،
«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە ساي-
راش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئە-
مەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇش؛
قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى داۋاملىق چىڭ
تۇتۇپ، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىدىغان ياخشى
ئەتقىقاتى مۇھىتى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ «تۆتتە چىڭ تۇرۇش»،
«بىرنى داۋاملاشتۇرۇش» بىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت
تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزدىكى ئومۇمىي يېتەكچى ئى-
دىيە. تۆۋەندە مەن قانداق قىلىپ بۇ يېتەكچى ئىدىيىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇپ، جۇڭگوچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي مەدەنىيەت سىستې-
مىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيە-
تىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش ھەققىدە بىر قانچە پىكرىمنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، دەۋر بىلەن تارىخنىڭ تۇگۈنىدە تۇرۇپ، تارىخ بىلەن
رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىناق شىن-
جاڭ بەرپا قىلىش، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈ-
چۈن ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك.
ھازىر بىز ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتىمىز. بۇ يىل-
نىڭ بېشىدا، باش شۇجى خۇجىنتاۋ پۇتكۇل پارتىيىگە ۋاكالىتەن سوت-
سىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ،
مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق
رەھبەرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىقتىدا-
رىنى ئۆستۈرۈش مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا
سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئالتە ئۆلچىمىنى
ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئالتە ئۆلچەم «دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈم
ئورنىتىش، باراۋەر ـ ئادىللىقنى تەشەببۇس قىلىش، سەمىمىي ـ دوس-
تانە بولۇش، ھاياتىي كۈچكە تولۇش، تىنچ، تەرتىپلىك بولۇش، ئادەم

بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت. بۇ ئالتە
ئۆلچەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەممە تەرتىپىنى، بىز
كوممۇنىستلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر ئاستىدا ئىدىيىنى
ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلـ-
گىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پائال
ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدىكى يېڭى مەنزىل ۋە يېڭى تەلەپنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان. بىزنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر
تارىخ ۋە مەدەنىيەت خادىملىرىمىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنى مەنىۋى مە-
دەنىيلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىدىيىۋى مەدەنىيەت كۈچى قۇرۇلۇ-
شىدىن ئىبارەت. ھازىرقى دۇنيادا، ئىدىيىۋى مەدەنىيەت كۈچى ئۇنى-
ۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ تاشقى پوستى ۋە ئەمەلىي مەنىۋى كۈچى
سۈپىتىدە چوڭقۇر، ھەم ئومۇمیۈزلۈك تەسىرگە ئىگە بولماقتا. ئىدى-
يىۋى مەدەنىيەت كۈچى كۆپىنچە مىللىي روھنىڭ يادروسىغا ئايلىنىپ،
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، ئىجتىمائىي
سىياسىي ئىشلار ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىگىچە ئۈزاققىچە ئۈزۈلمەي
سىڭىپ، بىر مىللەتنىڭ جاسارىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ تۈرتكىسى
بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئىجتىمائىي پەن
خادىملىرى چوقۇم ماركسىزملىق مەيدان، قاراش ۋە ئۇسۇللاردىن
پايدىلىنىپ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق
دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيىلىك مەنىۋى بىرلىكتە چىڭ تۇرۇپ،
«تۆتنى يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىش» پرىنسىپىنىڭ بىر تۇتاش
رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى
پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئۆز تەتق-
قاتى ئارقىلىق ماركسىزملىق تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت
قارىشى، دىن قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تېخىمۇ كۆپ كادىر ۋە
ئاممىغا ئىگىلىتىپ، يېڭى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مىللەت-
لىرىنى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېتىراپ قىلىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئا-
شۇرۇپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىدىن بار-
غانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت
بەرپا قىلىش، ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىشنى روھىي تۈرتكە، ئىدىيىۋى
كاپالەت ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. مۇشۇنداق
تەتقىقاتلا يۇقىرى قاتلاملىق تەتقىقات، مۇشۇنداق نەتىجىلەرلا تارىخ-
نىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق
پەن ـ تەتقىقات يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغاندىلا، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتى خەلق
ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا
ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىدۇ. بىزنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمىز
مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى روھىي بايلىققا، سوتسىيالىستىك ئىلغار
مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا، خەلقنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان
مەشئەلگە ئايلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىكى پەن تەت-
قىقات كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، بىر تۇتاش
ماسلاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ئۆتكىلىگە بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ،

ھەر مىللەت خەلقىنى مۇنەۋۋەر تارىخىي مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونىمىز مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىزدىكى ئاچقۇچ شۇكى، بىز ئومۇمىيۈزلۈك، تەكشى، سىجىل ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىشقا تەشكىللىدۇق ۋە سەپەرۋەر قىلدۇق. بۇ بىز ئۈچۈن بىباھا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە بولدى. ئىلگىرى جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ب د ت غا دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىلتىماس قىلىشتىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغانىدۇق. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي مەدەنىيەت پەن تەتقىقات قەدىمىنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەم، تېخىمۇ كۆپ جايغا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇتۇش، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىمىز ۋە ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ مول ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئۆتكىلىگە بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قېزىلمىغان ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تېزدىن پەن تەتقىقات نەتىجىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ تۇگۈنى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوڭ مەدەنىيەت بايلىقى رايونى. بۇ جەھەتتە «مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئۆلكىسى» دەپ نام ئالغان قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن ھەرگىزمۇ قېلىشمايدۇ. كۆكسى - قارنىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن پايدىلىنىدىغان جاسارەتكە ۋە ياخشى سىياسەتكە ئىگە بولۇپ، بىرلىكتە ئېچىپ، ئورتاق مەنپەئەتلىنىدىغان مېخانىزم بەرپا قىلساقلا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تېزرەك ۋە كۆپرەك نەتىجە يارىتىپ، تېزدىن جۇڭگودىكى مەدەنىيەت بايلىقى چوڭ رايونىغا ئايلىنىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. بۇ يىل مەدەنىيەت تارماقلىرىمىز يەنە «ماناس»نى ب د ت غا دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىگە كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى، بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خىزمەت. مەدەنىيەت تارماقلىرىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن كۈچلىرىنى تەشكىللەپ ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەتقىقات ئۆتكىلىگە بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دۆلىتىمىز ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، شىنجاڭنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى لازىم.

**ئۈچىنچى، نام - ئاتاق قوغلاشماسلىق، پۇختا ئىشلەش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش، بېرىلىپ پەن - تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش - رەتلەش ۋە نەشر قىلىش يولىدا ئايىماستىن كۈچ چىقىرىش لازىم.** بىلىملىك كىشىلەر چىدامىلىق بولىدۇ. چىدامسىز كىشى بىلىم ئىگىلىيەلمەيدۇ. ھەر بىر سەپ ۋە ھەر بىر پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەم مانا شۇنداق بولۇشى كېرەك. نام - ئاتاق قوغلاشماسلىق، سالماقلىق بىلەن يىراققا نەزەر سېلىش كونىلارنىڭ غايىلىك كىشىلەر ۋە نىشانغا يېتىش يولىدا ئىزدەنگۈچىلەرگە بولغان باھاسى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىرادىلىك، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان كىشىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى ئاساسىدۇر. مەھمۇد قەشقەرى مانا مۇشۇنداق ئىرادە ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئالقىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بۇ ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك روھىي بايلىقى. ئۇ بۇ مەشھۇر ئەسىرىگە توپتوغرا 15 يىل يەنى 5475 كۈن سەرپ قىلغان. ھەر كۈنى تۇرمۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئاممىنى ئۇستاز تۇتۇپ، توختىماي بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىزدىنىش ۋە كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. بۈگۈنكى سۆز بويىچە ئېيتقاندا، بۇنى «ئۈچكە يېقىنلىشىش»، خەلقتىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى تاماملاش ئۈچۈن، كىتابنى تۆت قېتىم يېزىپ، قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ۋە قايتا - قايتا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىتىگە، دۇنياغا ۋە كېيىنكىلەرگە ئەڭ ياخشى قانائەتلىنەرلىك مىراس قالدۇرغان. خۇددى خەلقىمىز ئېيتقاندەك، ھەقىقەتەن جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق.

بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي مەدەنىيىتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش قاتارلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە مەھمۇد قەشقەرى ئۆتكەن دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگىمىز. ھازىر بىلىمگە، ئىلىم - پەنگە، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە پەن تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىي ئېقىم ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات بولۇپ قالدى. شارائىت ۋە مۇھىت ياخشىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە، پۇختا خىزمەت قىلىش، ئۈن - تىنسىز ئىشلەش روھىغا، تارىخنى ئەينەن - چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىلمىي روھقا ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىز قىلىۋاتقان بۇ ئىشلار مۇقەددەس، ئۇلۇغ ۋە توغرا ئىشلاردۇر، شۇنداقلا ئىنسانىيەت، تارىخ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولىدىغان ئالىيجاناپ خىزمەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ماكان، زامان ۋە تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىشى كېرەك. بۇ ھەم كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى، ھەم بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى. بىلىمنى كىتابتىنلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتىن ئېلىش كېرەك. بىز قېتىرقىنىپ بىلىم ئىگىلەپ، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلايدىغانلا بولساق، ئەقىل - پاراستىمىز تېخىمۇ ئۇرغۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمىز مول مېۋە بېرىدۇ. سىڭدۈرگەن قان - تەرىمىز چوقۇم جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا

ئېرىشىدۇ، غەلىبە بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.

ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، ۋەكىللەر، يولداشلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئۆتكۈزگەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات ئورنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ۋاكالىتەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە خىزمەتچى خادىملارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! قېنى، ھەممىمىز قىزغىن ئالقىشلىرىمىز بىلەن ئورتاق ئارزۇيىمىزنى ئىزھار قىلايلى.

بىز بۇ ئىلمىي يىغىلىش ئارقىلىق مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. بىزنىڭ بۇرچىمىز زور، ۋەزىپىمىز ئېغىر، يولىمىز تېخى يىراق. بىز يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى.

يىغىن ئەھلىگە رەھمەت.

2005 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىر

# ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە بۈيۈك تىل قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئابلىز ئابدۇرېھىم

ـــ «مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى)

مۆھتەرەم رەھبەرلەر، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، يىغىن ئەھلى:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق شانلىق تويىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىنىۋاتقان بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە ئاپتونوم رايونىمىز ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئاتاقلىق ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان شەھەر ئەزىزانە قەشقەرگە جەم بولۇپ، بۇ شۆھرەتلىك دىياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گىگانت ئىنسان، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى، دۇنياۋى شۆھرەتلىك بۈيۈك قامۇسىي ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 930 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىمەكتىمىز.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلاردىن باشقا ئۇچۇر يوق. مانا بۇ ئەھۋال تەتقىقاتىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالىم تەخمىنەن مىلادى 1005 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىغ (ھازىرقى قۇمباغ) كەنتىدە تۇغۇلغان. ئالىم نەسەب جەھەتتىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانزادىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. مەھمۇدنىڭ دادىسى ھۈسەيىن قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەن بىلىملىك كىشى بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى.

مەھمۇدنىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئېسىلزادىلەردىن بولغان خوجا سەيپىددىننىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ئېسىل تەبىئەتلىك، ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق، مۇزىكىغا ھېرىسمەن، پەزىلەتلىك ئايال بولغانلىقى، ئېرى ھۈسەيىننىڭ قابىل ياردەمچىسى ئىكەنلىكىگە ئائىت رىۋايەتلەر ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى مەدرىسەلەردە ئالغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى مەشھۇر «مەدرەسەئى ھەمدىيە» ۋە «مەدرەسەئى ساچىيە» قاتارلىق مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئالغان. ئالىم مۇشۇ ئىلىم ھۇزۇرىدا ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىدەك كاتتا ئالىملارنىڭ قوللىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن يەنە زامانىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسى، تىل ئىلمى، مەنتىق (لوگىكا)، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) قاتارلىق ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئالىم يەنە خان جەمەتى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن بىلىش زۆرۈر بولغان چەۋاندازلىق، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن. بۇ ھەقتە «دىۋان»دا «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاسىلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن ...» دەپ يازىدۇ.

ئوردىدىكى خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىش مالىمانچىلىقلىرى مەھمۇدنىڭ دادىسى ھۈسەيىننىڭ بېشىغا تالاي كۈلپەت سالىدۇ. بۇ مالىمانچىلىقلاردىن ئامان قالغان مەھمۇد ئائىلىسى ۋە يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، باشقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بولغۇسى ئالىم بالىلىقىدىنلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ، قەشقەردىكى «مەدرەسەئى ساچىيە»دە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا تىل ئىلمىگە، جۈملىدىن ئانا تىلىغا ناھايىتى زور قىزىقىش ـ ئىشتىياق پەيدا بولغان ۋە بۇ يولدا

كۆڭلىگە بۈيۈك ئارزۇلارنى پۈككەنىدى. ئەنە شۇ يىللاردا ياش مەھمۇدنىڭ قەلبىدە ئويغانغان تۈركىي تىللارنىڭ گرامماتىكىسىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب يېزىش ھەققىدىكى ئويلىرى مەدرىسىدىكى ئۇستازلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە مەھمۇدنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تۇنجى ئەسىرى «كىتابى جاۋاھىرۇن نەھۋى فىل لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى») مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ھەققىدە ئالىم «دىۋان»دا «بىرلىك، كۆپلۈك، ئاشۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، كىچىكلىتىش ۋە تۈرلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سۆزلىمىدىم. چۈنكى بۇلار ئۈچۈن ئايرىم بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭغا ‹كىتابى جاۋاھىرۇن نەھۋى فىل لۇغاتىت تۈرك› («تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى») دەپ ئات قويدۇم» دەپ يازىدۇ. «كىتابى جاۋاھىرۇن نەھۋى فىل لۇغاتىت تۈرك» گرامماتىكىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭ گەرچە قورال كىتابلىق قىممىتى بولسىمۇ، لېكىن، ئاساسلىقى ئۇ تۈركىي تىللارنى ھەم يېزىقنى قائىدە ـ قېلىپقا سالغانىدى. دېمەك، ئالىم تۈركىي تىللارنىڭ سىنتاكسىسىغا ئائىت ئاساسىي قائىدىلەرنى مانا شۇ كىتابىدا بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن «دىۋان»دا بۇ ھەقتە قايتا توختالمىغان. مىڭ ئەپسۇسكى، ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئۆمۈرلۈك بۈيۈك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كېزىپ يۈرۈپ تىل تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارىدۇ ۋە كېيىنكى بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلايدۇ. ئالىم 15 يىلغا سوزۇلغان تىل تەكشۈرۈشتىن كېيىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، باغدادقا قاراپ يول ئالىدۇ. باغداد ئەينى يىللاردا شۇ زاماندىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ۋە خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇ بۇ شەھەردىكى زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى، تىلشۇناسلىرى بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولىدۇ. تەپەككۇر قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. مىلادى 1072 ـ يىلى 25 ـ فېۋرالدا ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلاپ، يېزىشقا كىرىشىدۇ ۋە تۆت قېتىم قايتا تۈزىتىپ، تولۇقلاپ، مىلادى 1077 ـ يىلى 9 ـ يانۋاردا بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئىشنى نەتىجىلىك تاماملاپ، ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئەل مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلىدۇ. ھەمدە ئەينى زاماندا ئىنتايىن زور تەسىر قوزغايدۇ.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئالىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئوپالدا مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى قەشقەردە «ھەزرىتى موللام مازىرى» نامى بىلەن مەشھۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. ھەمدە دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن بۇ مەقبەرە قايتا ياسالدى. بۇ مەقبەرە ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىملار، ئىلىم تەلەپكارلىرى ھەم ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

مەھمۇد قەشقەرى ئىلىمگە قارىتا ئىجتىھات بىلەن تەتقىقات قىلىش ۋە ئىجادكارلىق يۈزىسىدىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى قالدۇرماي ئارىلاپ چىققان ھەمدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، تىل ئادىتى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر خاتىرىگە ئېلىپ، رەتلەپ چىققان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل (چىپىل)، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى».

مەھمۇد قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شېۋە لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ، تىزىپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرگەن ۋە ئىجادىي يوسۇندا رەتلەپ چىققان. يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ تىل ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا تەتبىقلاپ، تىلشۇناسلىق ئۆلچەملىرى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېڭىلىق ياراتقان. بۇ خىل ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم»، «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي ـ جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم».

مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىلنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە، مەنىۋى كامالەت جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ چىققان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەپەككۇر ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى قورال كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەقەت ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش جەھەتتە، زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇكەممەل قامۇسىدۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئالدى بىلەن بىر مۇكەممەل قامۇسىي لۇغەت بولۇش سۈپىتى بىلەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، ئىشلىتىلىشىنى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن،

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تىللارنى، ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ، گرامماتىكىلىق، فونېتىكىلىق قائىدىلەرنى ئىزاھلىغان.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي (تىللىق) قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇ زامانلاردا ئىسلام پەلسەپىسى ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن مەھمۇد قەشقەرى نوقۇل دىنىي ئىدىيىۋى چەكلىمىگە قارىماي، تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقەرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب، پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلار ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن بىردىنبىر قەلەم ساھىبىدۇر.

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي (تىللىق) قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپلا قاراخانىيلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي (تىللىق) قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن، ھەتتا بۇ ناملار پەقەت ئادەتتىكى ناملار سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلغان.

مەھمۇد قەشقەرى شۇ زامانلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ خاقانىيە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس، مۇھىم يېزىلارنى، قاتناش تۈگۈنلىرىنى، تاغ ـ دەريالارنى تولۇق يازغان.

مەھمۇد قەشقەرى يەنە تۈركىي (تىللىق) خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمىي خەرىتىسىدۇر.

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن سۆزلەمنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالىم بۇ ئەدەبىي پارچىلارنىڭ يوقىلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەي كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەدەر يېتىپ بېرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلغانلىقى ئېنىق. بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار تەخمىنەن 20 پارچىغا يېقىن رىۋايەت، تەكرارلانغان ئالتە پارچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە 237 پارچە شېئىر، قوشاق، تەكرارلانغان قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە 279 پارچە ماقال ـ تەمسىل، ئىككى پارچە ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئائىت بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي (تىللىق) خەلقلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي مەدەنىيىتىنى بىلىپ يېتىمىز. مەسىلەن: «دىۋان»دا يېزا ئىگىلىكىگە، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇقىغا ئائىت ئاتالغۇلار، ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرى، خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەملەر، شەھەر مەدەنىيىتىگە دائىر سۆزلەملەر، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كىيىنىش ئادىتىگە دائىر قىممەتلىك مەلۇماتلار، تېبابەتچىلىك ئاتالمىلىرى بېرىلگەن بولۇپ، ئەينى زاماندىكى جەمئىيەت، سىياسەت ۋە ماددىي تۇرمۇش شەكلىنى تەتقىق قىلىشقا چوڭ ياردەم بېرەلەيدۇ.

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە دائىر سۆز ـ ئاتالغۇلار، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىغا ئائىت قەدىمكى ۋە شۇ دەۋردىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار، يەنى ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلار تەبىقىلىرى، ئۇنۋانلىرى، ھەربىي تۈزۈم، جەڭ تاكتىكىلىرى توغرىسىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، زور تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

7. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن كالىندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلاردۇر.

قىسقىسى، بۈيۈك قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمەن تولىمۇ كۆپ قىرلىق، ئۇنىۋېرسال، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىلىم، مەزمۇنلارنىڭ تىرەن ۋە كەڭلىكىدىن ئېيتقاندا ئاللىقاچان «لۇغەت» سۆزىنىڭ ھازىرقى مەنىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي (تىللىق) خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك قامۇسى، دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئۇلۇغ ئەسەر، بۈيۈك ئابىدە ھېسابلىنىدۇ.

يولداشلار:

سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپە. زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياۋىلىشىشقا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، مىللىيلىققا، ئىلمىيلىققا ھەم ئاممىۋىلىققا ئىگە بولغان ئىلغار مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا بىز ۋارىسلىق قىلىشتىن، تەرەققىيات ۋە ئىجادكارلىقتىن ئايرىلالمايمىز، شۇنداقلا يەنە رەتلەش، قېزىش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتىن ئايرىلالمايمىز. بۈگۈن بىزنىڭ بۇ ئىلمىي يىغىلىشقا جەم بولۇشتىكى مۇددىئايىمىزمۇ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش ئۈچۈندۇر. ئىشىنىمەنكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش پوزىتسىيىسى ۋە تارىخنى ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن تونۇش روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقۇسىدۇر! بىزنىڭ تېخىمۇ مول ۋە يېپيېڭى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن دەۋرىمىزگە، خەلقىمىزگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولغۇسىدۇر؛ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش، يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رولىنى جارى قىلغۇسىدۇر!

يىغىن ئەھلىگە رەھمەت!

2005 ـ يىل 4 ـ ئۆكتەبىر



# ئۈمىد ۋە تەقەززا

ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان

## مەدەنىيەت بوشلۇقىمىزدا تىجارەت ۋە ئەنئەنە روھى

دەرھەقىقەت، ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا ئىنساننىڭ ياشاش ۋە مەدە-نىيەت مۇئامىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش، تىرىكچىلىك ھوقۇقى ئۈستىدە ئالىي پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈش، مۇھەببەتلىك دۇنيانىڭ تەبەسسۇمىغا كۆڭۈل پەنجىرىسىنى ئېچىش، دەۋر ھامىلىرىغا قەلب ئىزھارىنى تۆ-كۈش، چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى چىڭىتىش تولىمۇ قىممەتلىك ۋاجىب-لاردىن بوپقالدى. خەلقئارا مۇلاھىزىلەردە ئورتاقلىشىش، دۇنيانىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىمىزنى كۆزىتىش، ئۆزلۈك روھىمىزنى، ئەنئەنە رو-ھىمىزنى، ئىسلاھات روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، مۇكەممەل پىكرىي بىرلىكنى قۇرۇپ چىقىش ـ كەلگۈسىدە تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاساستۇر.

بىز دۇنيانى مۇلاھىزە قىلغاندا، چوقۇم تۆپكى سەۋەب ۋە ماھى-يەتنى تونۇپ يېتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. ئۆزىمىزنى مۇلاھىزە قىلغان-دىمۇ چوقۇم شۇنداق. ئەمما ئۆزىمىزنى مۇلاھىزە قىلغاندا، دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش ئەڭ مۇھىم. مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ھەرگىز يەڭگىللىك قىلماسلىق، كەيپىياتىمىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ قىزىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزدىكى كۆپىنچە مەغلۇبىيىتىمىز بىھۇدە قىزىپ كېتىش، چالا تەپەككۇر، پىشقان كاللىنىڭ بولماسلىقى بىلەن يۈزىگە چىقتى. ئەلنى توغرا پىكرىي يۆنىلىشكە باشلاش، ئاپئىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پۇختا ئاساس بىلەن ئۆ-زىنى قوغداش ئۈچۈن ئەقلىي ھاسىلاتلىرىمىزدىن باشقا قانۇن ئېڭى-مىز، سىياسىي ئېڭىمىز تولىمۇ يۇقىرى بولۇشى كېرەك. دۇنيا بولسۇن، دۆلىتىمىز بولسۇن ياكى بىز بولايلى ھېچقايسىسى سىياسىيدىن ئايرى-لالمايدۇ. قانۇن ۋە سىياسىي ئېڭىمىز كۈچلۈك بولسا، ئۆزىمىزنى تەڭشەپ خاتالىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز، ئۆزىمىزنى ئوڭ-شايمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. ئەكسىچە بولغاندا، قانۇن ۋە سى-ياسىينىڭ جازاسىغا كۆپ ئۇچراش، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خوراش ۋە چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن

### زامان تەقەززا پىكىرلەر

گۈزەل كەلگۈسىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماي چۈجە چىقىرىش» ئەڭ ئاقىل ئۇسۇلدۇر. پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ئىشتىراك قىلىش، كلاسسىكلاردىن ئۆرنەك ئېلىش، رېئاللىقنى ئەينەك قىلىش، دەۋر تاپشۇرغان ۋەزىپىگە دادىل ئاتلىنىش مۇئەممالىرىمىزنى يېشىشنىڭ ئەڭ ئىستىقباللىق ئۇسۇلدۇر. بىز ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە ساھەلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولساقمۇ، بۇ ساھەلەردە يەنىلا مەسىلىلەرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. بۇ بىزنىڭ مېخانىكىلىق سىجىل تەرەققىياتىمىزنىڭ توسالغۇسىدۇر ئەلۋەتتە. ئىقتىساد ساھەسىنى ئالىدىغان بولساق، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن بۇيان خېلى كۆپ مىللىي كارخانا مەيدانغا كەلدى. بۇ، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان مىللىي ئىگىلىكىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىشقا تېگىشلىك. ئەمما كارخانىچىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، سودا جەھەتتىكى تالانتى، يىراقنى كۆرەرلىكى، مىللىي ئىگىلىكنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە بولغان تونۇشى، مەسئۇلىيەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار قاتماللىقلار ساقلانغاچقا، تارقاق، بېكىك، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزمەسلىك مەسىلىلىرى ئېغىر، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى كەمچىل، خۇسۇسىي، يەرلىك تىجارەتتىن شىركەتكە، شىركەتتىن گۇرۇھقا ئايلىنىدىغان ئىدىيە بىرلىكى يوق. خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، گۇرۇھلاشقان تىجارەت ئەڭ مۇكەممەل تىجارەتتۇر. ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان بىر مىللەتتە گۇرۇھلاشقان تىجارەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھازىرقى كۈندە مەۋجۇدلۇقنىڭ بىر ئاساسىدۇر. ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىدا رايونىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەمدە خەلقئارانىڭ ئىستېمال ساھەسىنى تەتقىق قىلىدىغان، سودا يۆنىلىشىگە نىشان ـ تەدبىرلەر بەلگىلەيدىغان ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئىلمىي ئۇيۇشمىلار ياكى فوندلار قۇرۇلمىدى. تىجارەت ساھەسىدە ئىختىساسلىقلارنى بايقاش كەمچىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كارخانا ئىشلەپچىقارغان مالنى ئىككىنچى كارخانا تەكرار ئىشلەپچىقىرىدىغان، ئۈچىنچى كارخانىمۇ شەكىلدە ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قويۇپلا تەكرار ئىشلەش نەتىجىسىدە بازاردا ئوخشاش تۈردىكى ماللار كۆپىيىپ كېتىپ، ئىستېمالدا كرىزىس پەيدا بولۇپ، ماللار ئامباردا بېسىلىپ قېلىپ، زىيان تارتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ. تىجارەتچىلەر ئايرىم ھالدا بىرلىشىپ گۇرۇھلاشسا زىيان ئاز، پايدا كۆپ، تەرەققىيات تېز بولىدۇ، مىللىي ئىگىلىكنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئاشىدۇ. گۇرۇھلىشىشقا تۇتۇش قىلغان تىجارەتچىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى سودا ماھارىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرغان ئاساستا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەر كارخانىچىلىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ. ھازىرقى زامان سودىگەرلىكى خۇددى ئىنتېرنېتقا ئوخشاش بەلباغسىمان كەڭ بوشلۇقتۇر. ھوشيار كارخانىچىلىرىمىز بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۇيغۇرچە مەھسۇلاتلىرىمىز ئۇيغۇرچە داڭلىق ماركىلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالىسا، مەھسۇلاتلىرىمىزنى باشقا مىللەتلەر ياقتۇرۇپ سېتىۋالسا، ھەتتا خەلقئارا بازارلارغا بۆسۈپ كىرەلىسە، تولىمۇ ياخشى بولاتتى. قىسقىسى، بىز ئىشلەپچىقارساق، باشقىلار ئىستېمال قىلسا بۇ تازا گۈللەنگەن مىللىي كارخانىچىلىق ھېسابلىناتتى. ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇر كارخانىچىلىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرىپ، ئەنئەنىۋى بازارلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىز ئىستېمال قىلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلى ئاخىر كارخانىنى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش خەۋپىگە ئېلىپ بارىدۇ. مىللىي ئىگىلىكنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. خەلقئارالىق داڭلىق ماركا يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم گۇرۇھلاشقان تىجارەتنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

مەدەنىيەت ساھەسىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، كۆپ قۇتۇپلۇق تاللاش يەنىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بوشلۇقىدىكى يۈزلىنىش بوپقېلىۋاتىدۇ. ھېلىھەم بۇ ساھەدە ئەنئەنە، زامانىۋىلىق، مىللىي ئىقتىساد بىر گەۋدە قىلىنغان يېتەكچى مەدەنىيەت مېخانىزمى بارلىققا كېلەلمىدى. بۇ ئەلۋەتتە تارىخىي مەسىلە ئەمەس. زىيالىيلار، سودىگەرلەر، دېھقانلاردىن ئىبارەت مەدەنىيەت بەلبېغىمىزدا سەير قىلىۋاتقان ئۈچ خىل ئادەملەر توپى ئۈچ پۇتلۇق داڭقان شەكىلدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىكى زاھىر مەدەنىي قۇرۇلما ئۆز خۇسۇسىدا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. زىيالىيلار زامانىۋىلىققا كۆپرەك مايىل. ئۇلارنىڭ مەپكۇرە ـ تەرغىباتلىرىدا ئەنئەنە پۇراقلىرى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنى قول تىقىپ مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىش ئەقىدىسى ئاجىز. ئۇلارنىڭ ئۇدۇمچانلىق روھىدىن خالىي كېيىنىش، ئۆرپ ـ ئادەت، ئائىلىۋى پائالىيەت ۋە ئايەم ـ باراۋەتلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جۇلاسى كۆپىنچە خۇنۈكلىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر شەھەر مەدەنىيىتىگە يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن رېستوران مەدەنىيىتى كۆپىنچە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت بولۇپ، زىيالىيچە ئويۇن ـ تاماشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەر ـ ئاياللار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش، ھاراق ـ شارابلار كۆپ ئىچىلىش، يۇمۇرىستىك چاقچاقلارغا چۆمۈلۈپ، لىرىك مۇزىكىلار بىلەن ئەللەيلىنىش، ئەرلىك خوتۇنلار ۋە خوتۇنلۇق ئەرلەرنىڭ سىرلىق نىگاھلار بىلەن بېقىشىشلىرى، تانسىلاردىكى ھاياجانلىق پىچىرلىششلار زىيالىي ئاتالغان ئاشۇ ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ روھىنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇرچە روھ، ئۇيغۇرچە خاراكتېردىن يىراقلاشتۇرماقتا. تىرىشىش، ئىجاد قىلىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ لەقۋا، سۆيۈق ۋە ئايال مىجەزلىككە ئېلىپ بارغانلىقتىن، مۇقەددەس ئائىلە ئەخلاقى پارچىلىنىپ، سەبىيلەر شەرەپلىك ئانا مېھرىدىن، مۇكەممەل ئائىلە تەربىيىسىدىن تولۇق بەھر ئالالمىدى. بۇ خىل رېستوران خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بۇلغىنىشنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىۋى زېمىندىن باشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيىنىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. بىر قېتىملىق توي ياكى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن چاي ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل بىلەن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، روھىيىتى ۋە مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىر قېتىملىق پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگىلى بولۇشى مۇمكىن، ئىقتىساد يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن نەشر قىلىنماي توپا بېسىپ قالغان ياخشى كىتابتىن بىرنى نەشر قىلىپ چىقىرىش مۇمكىن، ئىستىقباللىق ئەمما نامرات ئوقۇغۇچىدىن بىرنى ئالىي مەكتەپ قوينىغا ئەكىرگىلى ھەم بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ بويىچە خام چوت قىلساق، پۈتكۈل رايونىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر يىل ئىچىدە مەئىشەت، ساختا شۆھرەت ۋە قۇرۇق ئابرۇي ئۈچۈنلا بۇزۇپ ـ چاچقان پۇللىرىنى يىغىپ بىر فوند قۇرۇلسا، بۇ پۇل بىلەن جەنۇبتىكى ئەڭ نامرات يېزىغا زامانىۋى مەكتەپتىن بىرنى بىنا قىلغىلى ياكى ئەسلىھەلىرى تولۇق دوختۇرخانىدىن بىرنى سېلىپ، داۋالىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەن نامرات كېسەللەر بىلەن، ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقانلارغا ئۈمىد بېغىشلىغىلى بولاتتى ياكى ئاممىۋى تەنتەربىيە، كۇتۇپخانا دېگەندەك تۈرلەرگە مەبلەغ قىلىپ سېلىنسىمۇ بولاتتى. زىيالىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال

شارائىتىدىن قارىغاندا، بۇ تامامەن قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىشلار. پارتىيىنىڭ «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پروگراممىسىنىڭ روھىنى چىقىش قىلغاندىمۇ بۇ تامامەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە تېگىشلىك خەيرلىك ئىشتۇر. مەدەنىيەتكە بولغان ئۇدۇمچانلىق روھىمىزنى داۋاملىق ساقلاپ، خىرىسلار ئالدىدا باش ئەگمەي، ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماي، قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلار ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، توغرا نىشان، توغرا يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەپ، مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىمىزنى مۇستەھكەملەپ، يەر شارى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت خىرىسىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالىساقلا كېيىنكى مەۋجۇدلۇقىمىزدىن ئېغىز ئاچالايمىز. مەيلى مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىكى ئۇستازلار، رەھبىرىي زىيالىيلار بولسۇن ياكى ھەرقايسى شەھەر - يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلامغا، خەلقىمىز ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككەن زىيالىيلىرىمىز بولسۇن، ھەممىسى مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي قۇرۇلما، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ ھاكىمىيەتتىكى نامايەندىلىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىز نۇرغۇن ئارزۇ - ئۈمىدىنى شۇلارغا باغلايدۇ، دىل يارىسىغا شۇلاردىن مەلھەم ئىزدەيدۇ. قانۇن ۋە سىياسىينىڭ ئادالىتىنى شۇلار ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى مەمۇرىي ۋە كەسپىي ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇستاز، زىيالىيلىرىمىز مەدەنىيەت مەنزىلىمىزدىكى ئۈلگىلىك كىشىلەردۇر. تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، قەدىمدىن تارتىپ ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئۆلىمالار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يولىسىغا رەڭ قوشۇپ كەلگەنلەردۇر. قاراخانىيلار دەۋرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، مەشھۇر ئۆلىما يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا مەمۇرىيىتىدە خاس مەنسەپدار بولسىمۇ خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك پەلسەپىۋى، مەدەنىي ئۇدۇملىرىنى قېزىپ مۇكەممەل بولغان قانۇن، مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئائىت يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە دەستۇرنى پۈتۈپ چىققانىدى. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە مەدەنىيەت قۇرۇلمىمىزنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالدى. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن مەمۇرىي جەھەتتىن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھوقۇق يۈرگۈزسىمۇ ھەرقايسى قاتلاملاردا خىزمەت مۇلازىملىقلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىلىم ئەھلىلىرى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي ساھەلەردە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار شۇ دەۋردىمۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ چۇلۋۇرىغا چىڭ ئېسىلىپ، موڭغۇللارغا ئۈلگە بولغانىدى. قىممەت ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىدىن باشلىنىدۇ. ئالىيجاناب ۋە مۇكەممەل ئەخلاق ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر دۇنيانىڭ ئادالەت مىزانىدا ئۆزىگە خاس ئېتىبارىنى تاپىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەنىدىزىلىك ئەنئەنە مەدەنىيىتى ئىسلاھات روھىغا باي بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىدۇر. مىللەت روھىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇم مەدەنىيىتى ھامان شۇ كىشىلەرنى ئۆزلۈك يادروسىغا تارتىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى مەدەنىيەت ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەتنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنىڭ تامغىسى چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرغان بولىدۇ. يېزىلمىش تارىخلار گۈللەنگەن بىر دەۋرنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئىنساننىڭ روھىي قۇرۇلمىسىدا مۇستەھكەم ساقلانغان بولىدۇ. سىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتتىكى ئەڭ نازۇك، نەپىس تەرەپلەرنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز تالاي تارىخىي كىتاب دۆۋىلەنگەن كىتابخانىڭىزدىن چىقىپ، خەلقىڭىز ئارىسىغا بېرىڭ، ئەزىز ئانا ۋەتىنىڭىزنىڭ تۇپرىقىنى كېزىڭ.

زىكرىمىزدىن ئورۇن ئېلىۋاتقان زىيالىي قېرىنداشلىرىمىز دۆلەت شتاتىدىكى كىشىلەر بولۇپ، مائاش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېپىللىك قىلىدۇ. تۇرالغۇ ئۆي، داۋالىنىش، سۇغۇرتا ۋە باشقا تەمىناتلار ئۇلار ئۈچۈن بىر قەدەر قولايلىق ھەم بەختەر بەھرىمەن بولىدىغان رىزىقلار بولۇپ، خىزمەت، تۇرمۇش شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە نىسپىي بولسىمۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېپكەلگەن. بۇ تۈرلۈك رىيازەتلەر چېكىپ، ئوقۇپ ئىلىم ئەھلى بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە شۇنىڭغا يارىشا ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلۇغ كۆزى بىلەن قارىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. دېڭىز ياقىسىدىكى ئىلگىرى كەتكەن شەرقىي رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ئەقەللىي ھاجەتلەردىن ھېسابلانسىمۇ، رايونىمىز شىنجاڭغا نىسبەتەن جانغا ئەسقاتىدىغان مائاش ئىگىلىكى ھېسابلىنىدۇ. زىيالىيلار مۇشۇ ئىگىلىكنىڭ ھامىيلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇئەييەن ئورۇن ۋە سالاھىيەت ئارقىلىق ھاكىمىيەت قاتلاملىرىدا مەمۇرىي ھوقۇقلارغا ئىگە. بۇ ئاپتونومىيىلىك ئەۋزەللىكنىڭ زاھىرىي تەركىبلىرى بولۇپ، ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتكە قاتناشقۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھوقۇقتۇر. ھوقۇق مۇقەددەستۇر، ھوقۇق ھاياتلىق ۋە مەۋجۇدلۇقنىڭ ئالىي كاپالىتىدۇر. يەنە ھوقۇق مەدەنىيەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ، ئۆرپ - ئادەتنىڭ، ئىجتىمائىي - ئاممىۋى پائالىيەتلەرنىڭ كاپالىتىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن ۋە ئاساسىي قانۇنلىرىدا ھوقۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تارماقلىرىدا مەمۇرىي، كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەمۇرلار ۋە كەسپىي خادىملار ئۆز يېرىنىڭ ئېھتىياجى، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بېرىلگەن ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق تونۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە تۈرلۈك قانۇنلىرىغا مۇتابىق ھالدا جانلىق ئىش بېجىرىپ، دادىل پىكىر قىلىپ خەلقىمىزنىڭ مەسىلە - مۇئامىلىرىغا ئەتراپلىق جاۋاب ئىزدەپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ سىجىل ئېشىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. دېمەك، بېرىلگەن ھوقۇقنى قەدىرلەپ، توغرا نىشان ئۈچۈن يۈرگۈزگەندە، خەيرلىك نەتىجىلەر روياپقا چىقىدۇ. شۇنداقلا رايونىمىزدا بىز باشتا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەنئەنە، زامانىۋىلىق، مىللىي ئىقتىساد بىر گەۋدە قىلىنغان يېتەكچى مەدەنىيەت مېخانىزمى بارلىققا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت بەلبېغىمىزدا ئۈچ پۈتلۈق داڭقان شەكلىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە دېھقانلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەر توپى قىممەتلىك ئىچكى مەدەنىيەت بىرلىككە ئىگە بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئۇدۇمچانلىقى روھىدا پەرقلەر ساقلانغان. بۇ پەرق مۇلاھىزە مەزمۇنىدىن كۆرۈپ يەتكىنىمىزدەك زىيالىيلار زامانىۋىلىققا، ئىسلاھات روھىغا باي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئۇدۇمچانلىق ئەمەلىيىتى ئاجىز، ئەنئەنىگە قاتناشماي سىرتتىن تەتقىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇلار خۇددى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تۇرۇپ ئاستىدىن كېسىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. سودىگەرلەر بولسا، كۆپىنچە ھالدا مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مېتودىغا سەل قارايدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى پۇلنى قوغلىشىش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان ئىللەت

بولۇپ، سودىگەرلىرىمىزدە مەدەنىيەتكە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئېڭى تېخى يېتىلمىگەندەك قىلىدۇ.

تارىختا مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى مۇھاپىزىتىدە دېھقانلار ئەڭ مۇكەممەل تەبىئىي قورغان بولۇپ، بىپايان بوستانلىقلارغا خوجا بولغانغا ئوخشاش، تالاي ئەسىردىن بۇيانقى سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتىمىزگىمۇ خوجا بوپكېلىۋاتىدۇ. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق، ئىبادەت بىلەن ماتانەت، سەبىر بىلەن قانائەتنى تىرىكچىلىك تەرىقەتلىرىدە مىزان قىلىپ، قان ـ ياشلىق مۇئەممالىرىغا جاۋاب ئىزدەپ، قارىماققا ئاددىي ئەمما چوڭقۇر پەلسەپىۋى قىممەتكە تويۇنغان تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بۇ قەدىمىي گەۋدە ۋەتەننىڭ ھەر بىر تۇپ گىياھنى، ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىنى ئەڭ سەممىي سۆيگۈ ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن پەرۋىش قىلىپ، تەڭپۇڭ ۋە بەرقارا بولغان مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە جۇغراپىيىسىنى قوغداپ كەلمەكتە. دېھقاننىڭ مەدەنىيەتكە بولغان بۇ خىل ساداقىتىنى دوكتور ئەسەد سۇلايمان مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى: «ئەگەر بىر مىللەتنىڭ دېھقانلىرى مەۋجۇدلا بولىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىدىكى ماھىيەتلىك ئېنېرگىيە مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ دېھقانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشى ۋە رادىئاتسىيىلىشىگە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى تىنچلاندۇرىدۇ» ① . دېمەك دېھقانلار قۇرۇپ چىققان بۇ خىل مەدەنىيەت مېتودى تارىخنى، تېپىك شەرقچە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقنى مىلادىدىن ئىلگىرىكىدىن ھازىرغا تۇتىشىدىغان ئۇدۇم تۇرمۇش ئەندىزىسىنى، ھازىرقى زامانچە ئىقتىساد فورمىسىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

مەن ئۆرپ ـ ئادەت تۈسى قويۇق بولغان جەنۇبلۇقلار ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. رىۋايەت ـ ئەپسانىلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ بىپايان، ئاتەشلىك زېمىندا دۇنيانىڭ سېھرىي تەبەسسۇمىنى، سىرلىق تىلسىماتلىرىنى ھېس قىلاتتىم. زېمىن ماڭا تولىمۇ كەڭ ھەم بەھەيۋەت تۇيۇلاتتى. باللىق چاغلىرىمدا چوڭ ئانامنىڭ ئېپوس ـ داستانلىرىنى ئۇچاقنىڭ تاقىسىغا يۆلىنىپ يېتىپ تىڭشار ئىدىم. بەزىدە مەھەللىدىكى قېرى ئاياللار بىزنىڭ ھويلىدىكى قاپاق تېرەك سايىسىغا يىغىلىپ چاق بىلەن يىپ ئىگىرەتتى، يارغۇنچاق بىلەن قوناق تارتاتتى. مومايلارنىڭ بىرى چۆچەك ئېيتاتتى، بىرى قەدىمىي چۆل كۈيلىرىگە غىڭشىيتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز ياشقا كىرگەنلىرى ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاشقانلىرىمۇ بار ئىدى. مەن قاپاق تېرەك يېنىدىكى يوغان بىر پارچە سىلىق قارا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بۇ مۆكۈلۈق مەنزىرىنى كۆزدەتتىم. چاق بىلەن يارغۇنچاقتىن چىققان يۈرەكنى تىترەتكۈچى غېرىب ئاۋاز دىلىمنى شامدەك ئېرىتەتتى. چىغىرىقچى بوۋايلارنىڭ پاختىدىن چىگىت ئايرىشلىرى، باپكا ئۇستىلارنىڭ ماتا توقۇشلىرى، كىگىزچىلەرنىڭ يۇڭ ئېتىش ئۈچۈن بىزباق ئۇرۇشلىرى، تۈگمەنچىلەرنىڭ ئۈگۈت چىلاپ چالغان بۇرغۇيلىرى، كۇلالچىلارنىڭ لايدىن كوزا ـ خۇمىلارنى ياساپ، خۇمداندا پىشۇرۇپ چىقىشلىرى سەنئەت بېغىشلىرىغا تۇتىشىدىغان ئاجايىپ سېھىرلىك ھۈنەرلەر ئىدى. بۇ ئۆزلۈك روھىنىڭ، شۇنداقلا ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىلىك داۋاملىشىشى ئىدى. سەبىيلىك چاغلىرىم جەنۇبنىڭ دەشتى ـ سەھرا، قىشلاقلىرىدىكى خەلقىمنىڭ روھىيەت ئەندازىنى ۋە جاھاننىڭ كەشپىي ـ كارامەتلىرىنى كۆرمەك بىلەن ئۆتكەنىدى. دادامنىڭ ئارقىسىدىن يالڭاياغ يۈرۈپ زاراخەتمىلەرگە باردىم، غېرىب ـ غۇرۋالار بىلەن داشقازان ئەتراپىغا ئولىشىپ شىلەنلەر ئىچتىم. دادام ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى. يىراقلاردىن ئۈممىد نۇرلىرىغا ئىنتىلەتتى. جاھان رەھنەمالىرىدىن ھېچبىر نىشانە زاھىر ئەمەس ئىدى. دادام مۇنداق دەيتتى: «ئاڭلا ئوغلۇم، سەن ئەزەلىي بىر تۇپراق، ئاخىر يەنە تۇپراققا كۆمۈلىسەن، ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ تۇما، تۇپىغا مىلىنىشتىن قورقما، مۇشۇ ئەزىز تۇپراق سېنىڭ بارلىقىڭدۇر». مەن: «شۇنداق» دەپ باش لىڭشىتاتتىم. مەن كېيىنچە مېھىر ـ ۋاپا، ۋەتەن ۋە تۇپراق ھەققىدە دادامدىن كۆپ ھېكمەتنى ئاڭلىدىم. زاكىرلارنەۋائىي، سوپى ئاللا يار، قۇلخوجا ئەھمەد، شاھمەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ قەسىدىلىرىنى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغىدەك دەرىجىدە مۇڭلاندۇرۇپ تەلقىنلار قىلىشاتتى. ھېكمەتلەردىن كۆز يېشى قىلىشىپ جەھرى سېلىشاتتى. رامىزان خەتمىلىرىدە قارىيلار بۇلبۇلدەك چىرايلىق ئاۋازلىرى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشاتتى. نىكاھ خۇتبىلىرىدە «يۇسۇف ـ زىلەيخا» قىسسىلىرى ئوقۇلاتتى. كىتابخانلىق سورۇنلىرىدا «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» بىلەن «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن ئارىيلەر كەلتۈرۈلەتتى، تەزكىرىلەر زىكىر قىلىناتتى. مەدداھلار جەڭنامىلەرگە ئاشىنا كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ، گاھ يىغلىتىپ، گاھ كۈلدۈرۈپ، شەرقچە تەپەككۇر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئېپوسلاردىن «رۇستەمىي داستان»، «ئەلى شاھى مەردان»، «ھەزرىتى بەگ ئوردىخان»، «ئەبۇل پەتتاھى دىلكەش» قاتارلىقلارنى غارايىب ھەرىكەتلىرى بىلەن سۆزلەيتتى. ئاجايىپ ئېسىل فولكلور قىممىتىگە ئىگە مەھەللىۋى ئورتاقلىقتىكى مەدەنىي قۇرۇلما 1980 ـ يىللارغىچە پەقەت ئۆز پېتىچىلا كەلگەنىدى. كېيىنچە تۈزۈلمە ۋە ماددىي نەرسىلەر شەكلەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا سەھرا ۋە سەھرا كىشىلىرىنىڭ ساددا تەبەسسۇمىدا ئاشۇ قەدىمىي مەدەنىيەت جىلۋىلىنىپ ۋە تېشىغا تېپىپ تۇرىدۇ. غەربنىڭ ۋە ئەتراپتىكى باشقا «ھازىرقى زامانچە» ئاتىلىۋاتقان شالغۇت مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسى ئۇلارنىڭ ساپ، قەدىمىي يۇراقتا ئىگە ئۇدۇم مەدەنىيىتى يادروسىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلاردىكى ئۆز ـ ئۆزىنى زەرەتلەپ ۋە قايتا ـ قايتا نۇسخىلاپ، چاقناپ تۇرىدىغان تىرىم مەدەنىيىتىگە خاس خاراكتېرى ئۆزىنى ئۆزگىچە پاسوندا ئىپادىلەپ تۇرماقتا. دەرۋەقە دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، يەر شارىلىشىۋاتىدۇ. ئىلىم ـ پەن، ئىقتىساد ۋە سىياسىي بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن يەرشارى خاراكتېرلىك يادرولۇق مەدەنىيەتلەرنىڭ نىسبەتەن ئاجىز مەدەنىيەت قۇتۇپلىرىغا كەلتۈرۈۋاتقان خىرىسىنى ھەقىقەتەن سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. كۈنسايىن يەر شارىلىشىپ كېتىۋاتقان، كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە بۇ خىل مەدەنىيەتلەرگە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇدۇم مەدەنىيىتىمىزنى نىسبەتلەشتۈرسەك قانداق يەكۈن ۋە ھاسىلاتلارغا ئېرىشىمىز؟ بۇنىڭ بىلەن ئويلىنىشقا، مەدەنىيەت مۇھاپىزىتى ۋە مۇۋازىنىتىدە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلىشىمىزغا، جانلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلەرنى تۈزۈشىمىزگە، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمىزنىڭ تەخىرسىز ئىمكانلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىزگە پايدىلىق بولغان ھاسىلاتلارنى يەكۈنلەپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىلىك داۋامى

① ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدىكى ھەر ساھەگە ئورتاق باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. تارىخىمىز شانلىق ۋە مۇئەممالىق، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەسلىك ئېچىنىشلىقتۇر. ئېسىل ئەنئەنە مەدەنىيىتىمىزنى ئۇستىقۇرۇلما قىلغان ئاساستا ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، تېبابەت، تەنتەربىيە، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلىرىمىزنى ئورتاق تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېكىرەلىسەك، بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەۋجۇدىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۆزلۈك روھىمىز بىلەن جۇلالانغان يېتەكچى مەدەنىيەت مېخانىزمى بارلىققا كېلىدۇ.

# «قوش تىللىق» بولۇش ۋە تەرجىمە ئوبيېكتى

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى مۆھتەرەم رەھبىرىمىز مىجىت ناسىر ئاكا «قوش تىللىق» تالانتلىق شائىر ئابدۇكېرىم خوجا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىغا يازغان بېغىشلىمىسىدا «تىل قەلبلەرنىڭ كۆۋرۈكى» دېگەنىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز. ھازىرقى دۇنيانىڭ يۈزلىنىش تەرەققىياتى قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق بولۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. كۆپ تىللىق شائىر - يازغۇچىلار، كۆپ تىللىق ئالىم - مۇتەخەسسىلەر، كۆپ تىللىق ئاگرونوملار، كۆپ تىللىق ئادۇۋوكاتلار، كۆپ تىللىق سودىگەرلەر ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى بەلگىلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئانا تىل شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكى، مىللىي سانائىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، تېبابىتى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۇستىقۇرۇلما خاراكتېرلىك ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ، مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق روھى ئانا تىلدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانا تىل مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. ئانا تىلدىن باشقا ئىككىنچى، ئۈچىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىش بولسا بىر خىل ھۈنەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدا تەرجىمىچىلىك خىزمىتى تولىمۇ مۇھىم. ئىلگىرى كەتكەن ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىنى، ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكىلىرىنى، ئىلغار - ئىجابىي مەدەنىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ۋە زامان بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەيدىغان مېخانىكىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تولىمۇ مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جايدا شۇ نۇقتا تولۇق ئايدىڭ بولۇشى كېرەككى، ھەرقانداق ئىككىنچى بىر تىلدىن ئانا تىلغا ئۆرۈلگەن ئەسەر ئاناتىل گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىنى ئانا تىلنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىگە تولۇق تەتبىقلاپ، چۈشىنىشلىك، ئاددىي سۆزلەر بىلەن قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئانا تىلدا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرىنىڭ بولۇشى، شۇ ئانا تىلنى خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەت ئورتاق كەشىپ قىلغان ئىلىم - پەن يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مۈلكىدۇر. ئۇنىڭدىن دۇنيادىكى ھەر بىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىدا چۈشىنىپ مەنپەئەتلىنىشكە ھەقلىق. قوش تىلدا ئىجاد قىلىش ۋە قوش تىلدا ئۆزىنى ئىپادىلەش چوقۇم مىللەتنىڭ ئۆزلۈك روھىي مەيدانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. بىر مىللەتنىڭ كۆپ تىللىق بولۇشقا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت ۋە روھىيەت ئىسلاھاتى تولىمۇ قىممەتلىك يېڭىلىققا كۆچۈش ئىسلاھاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يېڭىلىققا كۆچۈش يەنىلا ئەنئەنىۋى مىللىي روھ بىلەن يېڭىچە چاقناشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بىزدە كۆپ تىللىق بولۇشتىن ئىلگىرى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىمىزنى قوغداشقا قارىتا كۈچلۈك ئىممۇنىتېت، ئىدىيە ھازىرلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، مەدەنىيەت ئېكىنىمىزدە شالغۇت سورتلار بىخلىنىپ، ئۆزلۈك روھىمىزدا چىركىنلىك ۋە پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سىمۋولى ۋە مىللىي كىملىكىدۇر. شۇڭلاشقا بىزنىڭ مۆھتەرەم تىلماچلىرىمىز، تىلشۇناس ئالىملىرىمىز دۆلەتنىڭ تۈر مەبلەغلىرىنى كۆپرەك جەلپ قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى ئۈچۈن كۆپرەك ھەسسە قوشۇشلىرى زۆرۈر. ئانا تىلنىڭ قوللىنىش ۋە ئىستېمال ساھەسىنى كېڭەيتىش، گىراماتىكا، لېكسىكا، فونېتىكا جەھەتلەردىن پۇختىلاش، قېلىپلاشتۇرۇش، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ئاتالغۇلىرىنى ئۆز تىلىمىزغا لايىق رەۋىشتە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش، بۇ ھەقتە تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ھەرقايسى ساھەلەرگە ئورتاق چېتىلىدىغان تولىمۇ شەرەپلىك خىزمەتلەردۇر. سۈپەتلىك تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە قىلغاندىمۇ نادىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىغا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم ئېسىل تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن دىئاگنوز قويمىساق، ئۆز - ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىپ ياشايدىغان بىغەملىك كېسەلىدىن ئۇزاقىچە قۇتۇلالماسلىقىمىز مۇمكىن. يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىش، ۋۇجۇدىمىزغا يېڭى ئېنېرگىيە ۋە يېڭى قان تولۇقلاش ئەلۋەتتە تەرجىمە ئارقىلىق ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئىلغارلىق ئۆز ئېكىنىمىزدە بىخلانغاندا چوقۇم مىللىي پاسوندا غول تارتىشى كېرەك. قوش تىلدا يېزىش ۋە قوش تىلدا ئىپادىلەش ئەلۋەتتە زور بەدەل ۋە تىرىشچانلىق، شۇنداقلا يۇقىرى تالانت تەلەپ قىلىدىغان نازۇك ۋە مۇرەككەپ ئىش. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر قوش تىلدا ئىجاد قىلىۋاتقان يازغۇچى - شائىرلىرىمىز ئىنتايىن ئاز، بارماق بىلەن ساناشقىمۇ توشمايدۇ. بۇ جەھەتتە بىز مەرھۇم قوش تىللىق تالانتلىق شائىرىمىز ئابدۇكېرىم خوجا ئەپەندىنى ئۈلگە قىلساق بولىدۇ. بۇ زات خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئانا تىلىمىزغا پىششىق تەرجىمە قىلغان. مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مۇھىمى ئۇ خەنزۇچىمۇ، ئۇيغۇرچىمۇ - ئىككى ئەدەبىي تىلدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلالايدىغان ھەمدە ئۆز ئانا تىلىدەك يېتىشكەن بەدىئىي ماھارەتتە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان، خەلقىمىز بىردەك ئېتىراپ قىلغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق، بىردىنبىر قوش تىللىق، يۇقىرى سەۋىيىلىك، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە مەلۇم تەسىرگە ئىگە تۆھپىكار شائىردۇر». بىزگە ئەنە شۇنداق ئۆز مەۋقەسىدە تۇرۇپ خەلقىگە نەپ يەتكۈزەلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى تولىمۇ كېرەكلىك. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز، پىروزىمىز، مۇقام، ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز، تېبابىتىمىز، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىز ئىنتايىن روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت سەلتەنەتلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدۇر. شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى سۈپىتىدە تۈركىي مەدەنىيەتلەر يادروسىدا جەۋلان قىلىپ تۇرغان بۇ نامايەندە ھېلىھەم دۇنيانىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. بىزنىڭ ھازىرقى پروزا ياكى شېئىر ژانىرىدا ئانا تىل بىلەن ئىجاد قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

ئەسىرلىرىمىزدىن دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. بۇ جەھەتتە بىر قىسىم ئىستىبداتلىق، خەلق سۆيگەن يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز قالتىس تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى. مۇقام، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزدا خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك روشەن ئىلگىرىلەشلەر بار. ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە كلىنىك ئەمەلىيىتى جەھەتتە خېلى زور بۆسۈشلەر بارلىققا كەلدى ۋە بۇ ساھەدە بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئالىم يېتىشىپ چىقتى. يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي كىملىكىمىزنىڭ تاشقى پوستى بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىمىز ئەلۋەتتە تەرجىمە ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلىنەلەيدۇ. تەرجىمە دېگەندە، بىز ئەزەلدىن نوقۇل ھالدىكى تەرجىمىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈمىز. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ماھىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا سىرتقى يۈزلەندۈرۈشتە بۇ خىل نوقۇل تەرجىمىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىستېمىلاشقان، مۇنتىزىم ۋە نىشانلىق تەربىيىلەنگەن تەرجىمانلار قوشۇنىدىن تەركىب تاپقان تەرجىمە شىركەتلىرى بارلىققا كېلىشى كېرەك. ئاز دېگەندە ئون نەچچە خىل تىلدا تەرجىمە قىلىپ چىقىرالايدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزەلەيدىغان، تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلالايدىغان تەرجىمە شىركەتلىرىنى قۇرۇپ چىقالىساق، بۇ تولىمۇ ياخشى باشلىنىش بولغان بولاتتى. تەرجىمە بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچۈر ـ ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ، ئىلىم ـ پەن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دېموكراتىيە قاتارلىق خەلقئارالىق يۈزلىنىشلەرنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھېسسىيات بىلەن ھېس قىلدۇرالايدىغان قورال كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىش مىللەتنىڭ ساپا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن كاتتا رول ئوينايدۇ. بۇ ساھەنى بايقاش ۋە كونتېرتىپكە قويۇپ ئىستراتېگىيە بەلگىلەش، ئەلۋەتتە دەۋر ھامىيلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدۇر. بىز تەرجىمىنى تار مەنىدىكى بىرەر پارچە كىتابنىڭ تەرجىمىسى دېگەن نوقۇل قاراش بىلەن چۈشەنسەك بولمايدۇ. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ روھىنى يەنە بىر مىللەتكە تونۇتۇدىغان، شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنيانىڭ روھىنى تونۇتىدىغان روھىي ۋە مەدەنىي بىشارەتتۇر.

تارىخ بەتلىرىنى ئاچىدىغان بولساق، تەرەققىي قىلغان ھەر قانداق مىللەت تەرجىمە ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت شەكلىنى بەرپا قىلىپ چىققان. بۇنىڭ تىمسالى: ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى، ئىسلام ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىگە مەشھۇر ئۆلىما، تۈرك، ئەرەب، پارسلارنىڭ ئىلىم ئاتىسى ئەلفارابىي ھەزرەتلىرى يۇنان ۋە باشقا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئىلىم سەمەرىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىسلامنىڭ غايە مەقسەتلىرىگە مۇتابىق رەۋىشتە شەرھلەر يېزىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تىبابەت، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، كىمياگەرلىك، ھەندەسە (گېئومېترىيە) ساھەلىرىدىكى بوشلۇقنى تولۇقلاپ، مەدەنىيەت جەھەتتە بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك يېڭىچە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ چىققان. بۇ خىل ئەندىزە كېيىنكىلەرنى مۇستەھكەم ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، ئىبنى سىنادەك مەشھۇر تىبابەت ئەللامىلىرىنىڭ، ئىمام غەززالىيدەك كاتتا پەيلاسوپلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ماكان ۋە زامان ھازىرلاپ بەرگەندى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە باغداد، بۇخارا، سەمەرقەند، ئىسفاھان، كاشغەر قاتارلىق ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىچە ئىلمىي قۇرۇلما ۋە قىممەتلىك كەشپىياتلار شۇنداقلا ئۇلۇغبېك ھۇزۇرىدا قۇرۇلغان ئاسترونومىيىلىك رەسەتخانا ئىسلامىيەت شەرقىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ يارقىن سىماسىنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتقانىدى. شۇ دەۋرلەردىكى كۆپ مەنبەلىك بىر مەركەز شەرق مەدەنىيىتىنىڭ روھىيەت ئېنېرگىيىسى ھامان تەرجىمە ئارقىلىق زەرەتلىنىپ، قۇۋۋەت تولۇقلاپ تۇرغانىدى. شەرقچە روھنى ئۆزىگە مودا قىلغان دۇنيانىڭ تۈزۈلمە ئەندىزىسى تاكى غەرب ئويغىنىشقا قەدەر شەرقنى مەركەز قىلىپ دەۋر قىلغانىدى. ئۇنداقتا، غەرب نېمە بىلەن ئويغاندى؟ غەربنىڭ 700 يىللىق تىكلىنىش تارىخىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ياشلارغا خاس جۇشقۇن كەيپىياتى ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر روھىدىن ئايرىپ مۇلاھىزە قىلالمايمىز. ھېسسىيات ۋە ئەقىل بىرلەشتۈرۈلگەن غەرب روھى شەرقنىڭ ئەرەب ـ ئىسلام ئەقلىيە چەشمىلىرىدىن تەرجىمە ئارقىلىق قىممەتلىك ئۆرنەكلەرنى ئالغانىدى. بۇ ھەقتە فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى، پاكىستانلىق دانىشمەن مۇھەممەد ئابدۇسسالام «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتى» دېگەن تېمىدىكى نۇتقىدا تارىخنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق پاكىتنى دېگەنىدى: «بۇنىڭدىن 760 يىل ئىلگىرى شوتلاندىيىلىك بىر ياش يىگىت ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپ، ئىسپانىيىدىكى تولىدو (tolido)غا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىسمى مېخائېل (mechael) بولۇپ، مەقسىتى تولىدو ۋە كوردوۋادىكى ئەرەب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تۇرۇپ ئىشلەش ئىدى. مېخائېل 1217 ـ يىلى تولىدوغا يېتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە ئۇلۇغۋار بىر پىلان تۈزگەن. ئۇنىڭ پىلانى ئارىستوتېلنى لاتىن سىستېمىسىدىكى ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇش ئىدى. ئۇ گرېك يېزىقىدىكى ئەسلىي نۇسخىسىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. ئاندىن ئۇنى ئىسپانچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. كېيىن مېخائېل تولىدودىن سەپەرگە چىقىپ سىتسىلىيىگە بېرىپ پادىشاھ فېرېدېرىخ II نىڭ ئوردىسىغا كىرگەن. مېخائېل 1231 ـ يىلى فېرېدېرىخنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتى بىلەن سالېرنو مېدىتسىنا مەكتىپىنى زىيارەت قىلغان ھەمدە دانىيە دوختۇرى ھېندرىك ھاربېستران (hendrich harbestran) بىلەن كۆرۈشكەن (ھېندرىك كېيىن ئېرىس IV ۋالدىمارسۇن پادىشاھنىڭ ئوردا دوختۇرى بولغان). دانىيىلىك ھېندرىك سالېرنوغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قان ئېلىش ۋە تاشقى كېسەللەرگە دائىر ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ چىققان (ستوكھولمنىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا بۇنىڭ يەتتە تومى ساقلىنىۋاتىدۇ). ھېندرىكنىڭ دەسلەپكى ماتېرىياللىرى ئىسلامىيەتنىڭ ئۇلۇغ ھەكىمى پەخرىددىن رازى (Al- razi) ۋە ئىبنى سىنا (Avicena) نىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ھېندرىككە بۇ ماتېرىياللارنى پەقەت شوتلاندىيىلىك ياش مېخائېل تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. تولىدو ۋە سالېرنودىكى مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، غەربتە ئىلىم ـ پەن ئىجادىيەتلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلام ئەللىرىدە خېلى بۇرۇنلا يورىتىلغان ئەقىل ـ پاراسەت چىراغلىرى بۇ مەكتەپلەرگىمۇ يورۇقلۇق ئەكەلگەنىدى» ① . دېمەك، ھېندرىكنىڭ تەرجىمە ھەرىكىتىدىن باشلانغان غەرب ئويغىنىشى، كېيىنكى غەربنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە كۈچلۈك ئاساس بوپقالغانىدى. تەرجىمە ۋە تەرجىمە ھەرىكىتى بىر مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىغا نىسبەتەن ئېچىش خاراكتېرلىك ئەكېلىشپەرۋەرلىك بولۇپ، بۇنىڭ مۇئەييەن بىر زامانغا نىسبەتەن تولىمۇ لايىق تەرەپلىرى بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ مېيجى

① مۇھەممەد ئابدۇسسالام: «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتى»، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ـ قازاق شۆبىسى 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

يېقىنقى كۆچۈش ھەرىكىتى بولسۇن، گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى
تىكلىنىش تارىخى بولسۇن ياكى يەھۇدىيلارنىڭ قايتىدىن ئىگىلىك تىك-
لەش ۋە ۋەتەن قۇرۇش مۇساپىسى بولسۇن ۋە ياكى تۈركىيىنىڭ غەرب
ئەندىزىسىدىكى تۈركىيە بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى بولسۇن، ھەممىسى
ئەكىلىشپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان مەپكۇرە كىرگۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ
مەھسۇلى بولۇپ، تەرجىمە يۇقىرىقىدەك دەۋر بولگۈچ دۇنياۋى ئىسلا-
ھاتلارنىڭ ھېچقايسىسىدا كەم بولۇپ باقمىغان. بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي
ئىسلاھاتىدا ئېلىپ بېرىلغان تەرجىمە ھەرىكىتى چوقۇم ئىجابىي بولغان
ئىستراتېگىيىنى چىقىش قىلىشى كېرەك. مەسىلەن: يېزا پەن ـ تېخنىكىسىغا
ئائىت ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغاندا، شۇ رايون دېھقانلىرىنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالى، رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى، دېھقـانـلارنـىڭ
باي ـ كەمبەغەللىك مەسىلىسى (ياكى مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى) ئەتراپ-
لىق تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ ئەسىر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئۆلچەملەرگە
ئۇيغۇن كەلگەن شارائىتتا ئاندىن تەرجىمە قىلىنىشى ياكى تەرجىمـىگـە
ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. مەدەنىيەت، پەلسەپىگە ئائىت ئەسەرلەر تەرجىمە
قىلىنغاندىمۇ، تەرجىمە ئوبيېكتى بولغان مىللەتنىڭ ئۇنۇۋېرسال مەدەنى-
يىتى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەخلاقىي مىزانلىرى، قىممـەت قـارىـشى
چىقىش قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي تەرجىمىدە تامامەن يات
مەدەنىيەت، تامامەن يات ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنسا، تەرجىـمـىـنى
ئىستېمال قىلغۇچىلار مىللەتنىڭ ئاڭگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ
خۇددى تېببىي ئىلىمدە بىمارنىڭ قان تىپىغا ماس كەلمەيدىغان يېڭى قان
سېلىنسا ياكى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان قان سېلىنسا، بىمارنىڭ كېسە-
لىنى ساقايتىش تۈگۈل تېخىمۇ خەۋپلىك بولغان غەيرىي تەبىئىي ئۆزگە-
رىشلەرنى ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىغا ئوخشايدۇ. ئىلىم ـ پەن،
ھۈنەر ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادقا ئائىت ئەسەرلەردە مۇئەييەن دەرىجىدە
مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەخلاققا ياكى ئۆرپ ـ
ئادەتكە نىسبەتەن كۈچلۈك دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىك رادىئاتـ-
سىيە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئېھتىياجغا قاراپ،
دادىللىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈش كېرەك. ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر
ـتېخنىكا ئارقىلىق مىللىي ئىگىلىككە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ساھەلەرنى
ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرغاندا، مىللەتنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مە-
راسلىرىنى ئۇنۇملۇك ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىمىزنىڭ
ئاجىز ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە مەپكۇرە قۇرۇلمىسى ئۇستىگە باشقى-
لارنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشكە، قاراتمىلىقى ۋە ناچار
رېئاكسىيىگە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئېقىملىرىنى تەرجىمە ۋاستىسى
ئارقىلىق خەلقىمىز ئارىسىغا كىرگۈزسەك قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چە-
قىشى مۇمكىن؟ گەرچە خەلقىمىز ساقلاۋاتقان مەدەنىيەت روشەن ئۇدۇم
خاسلىقىغا ئىگە مۇستەھكەم مەدەنىيەت بولسىمۇ، «يېڭى زامانچە» يات
مەدەنىيەتلەر ۋىرۇسىغا قارشى ئۇنۇملۇك ۋاكسىنا ئەملەنمىگەن بول-
غاچقا، تۈرلۈك بۇلغانغان مەدەنىيەت ۋىرۇسلىرى بىلەن يۇقۇملىنىپ
كېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، تەرجىمە مەسىلىسىدە ھەم ئېھتىياتچان، ھەم
دادىل بولۇپ، نەزىرىمىزنى كەلگۈسىنىڭ ئىستىقباللىق مەنزىللىرىـگـە
كۆپرەك تىكىپ، مەدەنىيەت خاسلىقىمىزنى ئىزچىل ساقلىغان ئاساستا
تەرجىمىنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغان قىممەتلىك تەرەپلىرىدىن تولۇق
پايدىلىنىپ، باشقا ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ يېڭىچە ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەن
مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە تەرەققىيات
ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا مىللەتلە-
رىنىڭ ئاناتىل بىلەن لايىھىلەنگەن تەرەققىيات نىشانى، خەلقئارالىق
تىللار بىلەن ئۇنى ئىپادىلەش ئەندىزىسى، ئۆزىنى خەلقئارالاشتۇرۇش
شۇنداقلا خەلقئارانى ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتلەردىكى ئالدىن بەلگىلەنگەن
ئىستراتېگىيىلىرى پەقەت تەرجىمە ئارقىلىقلا كۆڭۈل خانىمىزغا شول-
سىنى تاشلىيالايدۇ. ئەمما بىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەرجىمىچـىـلـىـك
ئىشلىرىمىزنىڭ ناقىسلىقىغا باقماي يەنە كەڭ بىر بوشلۇق ساقلانماقتا.
بۇ قايسى بوشلۇق؟ بىزنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت قۇتۇپىمىزنىڭ بىر
تەرىپىدە خېلى كۆپ ئالىمىمىز، دوكتورىمىز، پروفېسسورىمىز شۇنداقلا
دوكتور ئاشتىمىز سەير قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن
ساھەسىدىكىلىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ
قىسمى دۆلىتىمىزدە شۇنداقلا چەت ئەللەردە ئوقۇپ ئۇنۋان ئالغانلار
بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە خېلى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن سانىلىدۇ. ئۇ-
لارنىڭ ئوقۇغان ئىلمىي ماقالىلىرى، ياقلىغان دېسسېرتاتسىيىـلـىـرى،
كەشپىيات، پاتېنتلىرى دۆلەت تىلىمىز بولغان خەنزۇ تىلى ياكى خەلقئارا
تىللاردا پۈتۈلگەندۇر. ئانا تىلىمىز بولسا، رايون خاراكتېرى بىلەن سا-
لاھىيەتلەنگەن بولغاچقا، ھازىرچە دۆلەت ۋە خەلقئارانىڭ ئۇنۋان ئۆت-
كىلى ئۆلچىمىگە يەتمەيدۇ، شۇڭلاشقا، بىز ئاشۇ ئىلمىي ئۇنۋانلارنى
ئېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئۇنۋان بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە نو-
پۇزلۇق تىلغا مۇراجىئەت قىلىمىز. تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئىك-
كىنچى بىر تىل بىلەن ئالغان شەرەپ ئۇنۋانلىرى ھەقىقەتەن پەخىرلە-
نىشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ نەتىجە، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىپتىخارى. لېكىن
نېمە ئۈچۈن ئاشۇ سۆيۈملۈك يادنامىلەر ئۆز ئانا تىلىمىزغا ئۆرۈلۈپ،
مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقىمىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇلمايدۇ؟ بۇ، مىللەتنىڭ
تەرەققىياتىدىكى چوڭ بوشلۇق. بىر مىللەتنىڭ ئانا تىلىدىكى تەپەككۇر
ئۇسلۇبىدا تەبىئىي پەن خاسلىقى ۋە تەبىئىي پەن ئېلېمېنتلىرى بولمىسا،
ئۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەر
قانداق تەبىئىي پەننىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى ئانا تىلىمـىـز بـىـلـەن
شەرھلەنسە ھەزىم قىلىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ئاسان بـولـىـدۇ.
چۈنكى ئانا تىلنىڭ پايانىدا تۇرۇپ تەبىئىي مەۋجۇداتلارنى تەپەككۇر
قىلىش ھەقىنىڭ شولىسىنى كۆرۈشنىڭ يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماتېما-
تىكا، خىمىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە پەنلىرى
ساھەسىدە مائارىپ بىلەن، تەتقىقات بىلەن ياكى تۈر قۇرۇلۇشى بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم ـ مۇتەخەسـسـلىرىمىز، دوكتور، دوكتور ئاشتى-
لىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى تەييارلىغاندا، چوقۇم بىر
نۇسخىسىنى ئاتا تىلدا تەييارلىشى ياكى تەرجىمە قىلىپ ئانا تىلغا ئۆرۈپ
تەييارلىشى كېرەك. بۇ، ئانا تىلغا بولغان مەسئۇلىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.
تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئانا تىلدا ئىپادىلىنىشى ۋە شۇ ئانا تىلنىڭ تەبىئىي
پەندە قوللىنىلىشى تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە زامانىۋى دۇنيا بىلەن ماس
قەدەمدە مېڭىشىنىڭ ئاساسى. ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئىلىم سەمە-
رىلىرى ئانا تىلدا كۆپلەپ نەشر قىلىنسا ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش،
جەمئىيەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يېتەكلەش، ئاساسىي خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال
ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋۇجۇدقا چىقىشى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملىرى-
مىزنىڭ مەسئۇلىيەتلىك تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

---

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.
ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا خۇسۇسىي چىش دوختۇرى

www.uyghurkitap.com

# مۇساپايىفلار ھاياتىدىن پۇل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئابدۇرېھىم دۆلەت



بىز تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن پەقەت ئىككىلا ئىشنى قىلالايدىكەنمىز، بىرى، ئۇلار ھەققىدە ياخشى دۇئا ـ تىلەكلەردە بولۇش؛ يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەك ئېلىش، تەجرىبە ـ ساۋاق يەكۈنلەش. ۋەھالەنكى، ئەنە شۇنداق ئاددىي، روشەن ئىشنى قىلىشمۇ ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىكەن ياكى باشقىچە دېگەندە، ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. قايسىبىر دانانىڭ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: «دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، ئەمما ئىبرەت ئالماي نادامەتتە يۈرگەنلەرنى ھەممىلا جايدا كۆرۈمىز». ئادەم سەل ئەقلى ـ ھوشى نورمال بولۇپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن، كەچمىشلىرىدىن ئوبدان، سوغۇققانلىق بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ ياشىيالىسا، يەنىلا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياشىيالايدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن تۇرمۇشتىنمۇ ياخشى ئۇستاز يوق. بىز تارىخنى نوقۇل تەتقىقات ياكى مەلۇم ساھەدىكى مەلۇم بوشلۇقنى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا ياكى تارىخىي پاكىتلارنى بىلىپ قويۇش، كىتابلارغا خاتىرىلەش، مۇزېيلاردا ساقلاپ قويۇش ئۈچۈنلا ئۆگەنسەك، ئۇنداقتا بۇنداق ئۆگىنىشنىڭ تەتقىقاتچىغا ئىلمىي ئۇنۋان، ئابرۇي ئەكەلگەندىن باشقا، بىزنىڭ رېئاللىقىمىز ياكى كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئىنسانلار پۇتلاشماي مېڭىش، خاتالىقنى تەكرارلىماسلىق، كۆز ئالدىدىكى ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تارىخ ئۆگىنىشى كېرەك. بىز مۇساپايىفلار ھاياتىنى ئوقۇدۇق، بىلدۇق، ھاياجانلارغا چۆمۈلدۇق. لېكىن شۇلارنىڭ تەجرىبە، ھاياتىنى ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلىغانلارنى ئۇچراتمىدۇق. ئۇلاردىن 100 نەچچە يىل كېيىنمۇ ئۇلاردەك ئۆتكۈر نەزەرگە، بازار ئىستراتېگىيىسىگە، بايلىق قارىشىغا ئىگە ئۇيغۇر بايلىرى ياكى كارخانىچىلىرىنى ئۇچراتمىدۇق. ھەرگىزمۇ بىرەر مەكتەپ سېلىش، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئىئانە قىلىش دېگەندەك خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بايلىقى، پۇلى بىلەن نوقۇل مەنىدىكى خەيرخاھلىقنىلا ئەمەس، مۇھىمى مىللەتنىڭ رېئاللىقىنى، تەقدىرىنى بىر گەۋدە قىلغان، پۇل ئۇلارغا نىسبەتەن نوقۇل بىر مەقسەتلا بوپقالمىغان.

مۇساپايىفلار ھاياتىدىن بىز ئالىدىغان ئۆرنەك نۇرغۇن. تارىخىي كىشىلەرگە باھا بەرگەندە ئۇلارنى بىز تۇرۇۋاتقان دەۋر نۇقتىسىدىنلا كۆزەتمەي، يەنە ئۇلار ياشاۋاتقان شۇ تارىخىي دەۋرنى چىقىش نۇقتىسى قىلساق، خۇلاسىمىز تېخىمۇ ئىلمىي، توغرا بولىدۇ. بولمىسا بىز ئۇلار قانچىلىك تارىخىي شارائىتتا، قانچىلىك ئىمكانىيەتتە شۇنداق قىلالىغان؟ دېگەن سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلمەيمىز ـ دە، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ قىلغان ئانچە ـ مۇنچە ياخشى ئىشلىرىمىزدىن قانائەتلىنىپ، خېلىلاچوڭ ئىش قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇدا ياشايمىز.

شۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن (بۈگۈندىن 120 يىل ئاۋۋال) ـ ئوتتۇرا ئەسىر خۇراپاتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن جاھالەتلىك دەۋردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ ئادەم تەربىيىلەش (مەسئۇل مۇھەررىردىن)، ئىگىلىكنى شىركەتلەشتۈرۈش، نوقۇل ئېلىپ ـ سېتىشتىن زاۋۇت ـ كارخانا يولىغا مېڭىش، كارخانا باشقۇرۇش، تېخنىكا ئىگىلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەملەرنى ئوقۇشقا چىقارتىش، مەكتەپلەرگە مەخسۇس چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ... دېگەنلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن يالغۇز ياخشى كۆڭۈل، نوقۇل ساۋابلىقنىلا كۆزلەيدىغان ساددا تەقۋادارلىق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ياكى پۇلى بارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. بۈنىڭ ئۈچۈن شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن نېمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلالايدىغان

## تەقدىرىڭ تەدبىرىڭدە

ئۆتكۈر نەزەر، چوڭقۇر پىكىر، شۇ چاغدىكى جاھالەتلىك سىياسىي-ئىجتىمائىي بېسىملارغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان كۈچلۈك جاسارەت، پۇل تېپىشتىن ئىگىلىك تىكلەشكە ئۆتۈشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھى (پۇل تېپىش ۋە ئىگىلىك يارىتىشنىڭ مەنىسى دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ)، كۈچلۈك تەۋەككۈلچىلىك، ئۆتكۈر ئىقتىسادىي كاللا بولۇشى كېرەك. شۇ مەزگىللەردە مانا مۇشۇ خىسلەتلەرنىڭ مۇسابايېفلار جەمەتىدە بولغانلىقى ھەقىقەتەن مۆجىزىلىك بىر قالتىس ئىش. ھەتتا بۈگۈننىڭ كۆزىدە قارىغاندىمۇ ھەم شۇنداق. ئەتراپىمىزدا ھازىرمۇ ئۇلاردەك كىشىلەر بارمۇ؟ شىركەت قۇرۇش، ماركا يارىتىشلا كۇپايىمۇ؟ خەلققە نېمە كېرەك؟ مەن مۇشۇ پۇلۇم بىلەن خەلقىمگە نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم جايىدا بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا قايسىبىر كارخانىچىمىز خەيرخاھلىق تۇسىنى ئالمىغان بىر تەپسىلىي پىلان ئوتتۇرىغا قويالايدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە بوش سەۋىيە يەتمەيدۇ.

مۇسابايېفلار ھاياتىنى كۆرۈپ چىقىپ، بىز ھەممىشە تولا پىكىر يۈرگۈزۈپ باقمىغان پۇل دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە يەنە قايتىدىن ئويلىنىپ قالدىم. تۆۋەندە بىز مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلار ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

پۇل ھەممىگە قادىرمۇ؟ پۇل بىلەن بەختنى سېتىۋالغىلى بولامدۇ؟ پۇل بارچە رەزىللىكنىڭ مەنبەسىمۇ؟ ... دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا بىز تولا ئۇچرىغان، مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارغان. بەلكىم بىزگە بۇ سوئاللار يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ. مۇنداق سوئاللارغا بىر ئېغىز گەپ بىلەن «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى «ھەئە»گىمۇ، «ياق»قىمۇ يېتەرلىك دەلىل-ئاساسلار تېپىلىدۇ. بىز پەقەت شەرتلىك جاۋاب ئارقىلىقلا بۇ سوئاللارغا ئاندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيمىز. ئەمما بۇ يەردە بىز بۇنداق مەسىلىلەرگە بېشىمىزنى قاتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت پۇل بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى توغرا مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز. بەلكىم مۇشۇ مۇھاكىمە يۇقىرىقى سوئاللارغىمۇ جاۋاب بوپقېلىشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ ياشاش مەقسىتى ھەققىدە ئوخشىمىغان دىن، مەدەنىيەتلەرنىڭ جاۋابى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھەر قانداق بىر دىن ياكى پەلسەپىۋى ئىدىيە ... چوقۇم ئىنسان مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن (مەيلى ئۇ قوبۇل قىلسۇن-قىلمىسۇن) بىر ھايات نىشانى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىنساننىڭ شۇنداق بىر نىشانى بولۇشى كېرەكمۇ-ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ يەردىكى مۇلاھىزە «بار» دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا قانات يايىدۇ. دېمەك، شۇ نىشاننى كۆزلەپ مېڭىش داۋامىدا ئىنساننىڭ ھاياتىدا مەنە دېگەن نەرسە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن شۇ نىشان تەلەپ قىلغان نۇرغۇن ئىشنى قىلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ «نۇرغۇن ئىش» ئىنسان ھاياتىنى مەزمۇنغا، مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: مەن يازغۇچى بولماقچى بولسام، ياكى يازغۇچى بولۇش مېنىڭ نىشانىم بولسا، مەن تەبىئىيلا قانداق قىلغاندا يازغۇچى بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىمەن. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى بولۇشنىڭ شەرتلىرى، يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىمەن. كۆپ كىتاب ئوقۇيمەن، يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇيمەن، كىتابخانا، كۇتۇپخانىلارغا قاترايمەن، كىتاب سېتىۋالىمەن، كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل يىغىمەن. بۇ پۇلنى مەلۇم باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىق بەدىلىگە يىغىمەن. بۇنىڭدىن ئاتا-ئانام، خوتۇنۇم خاپا بولىدۇ، ئامال يوق، دەپ ئىشىمنى قىلىۋېرىمەن، بىر نەرسىلەرنى يېزىپ باقىمەن، جىجىيىمەن، قايتا-قايتا يازىمەن. يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەتتە بولىمەن، ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولىمەن... دېمەك، مېنى ھېچكىم ھەيدىمىسىمۇ يۇقىرىقى ئىشلارنى تەبىئىي يوسۇندا قىلىمەن. نىشان تەلەپ قىلدى دەپ قارالغان نەرسىلەرنى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. يازغۇچى بولۇش نىشانى تۇرمۇش مەزمۇنىمنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، نىشان ئادەمنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. تۇرمۇش مەزمۇنى دېگىنىمىز، ئادەتتە ئادەمنىڭ كۈندىلىك كونكرېت ئىش-پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر نىشان ئۈچۈن ياشاۋاتقان-ياشاۋاتمىغىنىنى ئۇنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ.

دېمەك، بىر ئادەمدە نىشان بولغانىكەن، بۇ نىشان شۇ ئادەمنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىنى بەلگىلىگەنىكەن، ئۇنداقتا نىشان ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسە سانالغان بولىدۇ، نىشان ئۈچۈن ياشاشلا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلانغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسە نىشاننى تېپىۋالدۇق. يەنى ئىنسان ھەقىقىي ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن، مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ياشىشى ئۈچۈن نىشاندىن ئايرىلسا بولمايدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ بىرلەمچى ئامىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. خوش، ئۇنداقتا ئىككىلەمچى ئامىل نېمە؟ ياكى نىشان بولسىلا كۇپايىمۇ؟

نىشان مەۋجۇد دەپ قارالغانىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى تەبىئىي تەقەززادۇر. بىز چوقۇم نىشانىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، شۇ نىشانغا يېتىش، يېتىشكە ئۇرۇنۇش، يېتىشكە تەييارلىق قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز. بىز نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نىشان تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىش داۋامىدا يەنە بەزى زۆرۈرىيەتلەرگە دۇچ كېلىمىز. بايىقى مىسالنىڭ ئاخىرىسىنى داۋاملاشتۇرساق، مەن ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، ئىنگلىز تىلىدىمۇ يازالايدىغان بولۇشنى مەقسەت قىلسام، تەبىئىيلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىم كېرەك. ئۇنى يازغۇچىلىق قىلالايدىغان دەرىجىدە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئامال بار چەت ئەلدە بىۋاستە ئىنگلىز تىلى مۇھىتىدا ئۆگىنىشىم كېرەك. چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش كېتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى پۇل كېرەك، پۇل تېپىش كېرەك، پۇل تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلىش كېرەك. دېمەك، مانا مۇشۇ پائالىيەتلەر ماھىيەتتە نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇنى بىز ۋاستە خاراكتېرلىك پائالىيەت دەپ ئاتىساق بولىدۇ. شۇنداق يەكۈن چىقارساق بولىدۇكى، بىز نىشاننى بىرلەمچى ئامىل دېسەك، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا زۆرۈر بولغان بارلىق ئىش-ھەرىكەت، زۆرۈرىيەتلەر، ماددىي-مەنىۋى ۋاستىلەر ئىككىلەمچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي ئىنساننىڭ ھاياتى ئەنە شۇ ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنى چۈشەنگەن، ئېتىراپ قىلغان كىشىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى مەنىلىك، بەختلىك ئۆتىدۇ. نىشان ھەققىدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، نىشانمۇ ئەبەدىي نىشان ۋە ۋاستىلىك نىشان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىز بىر ئون قەۋەتلىك بىناغا چىقماقچى بولساق، يەنى 10-قەۋەت ئەبەدىي نىشانىمىز بولسا، بىز 10-قەۋەتكە بىرىنچى قەۋەتتىن باشلاپ چىقىمىز، بىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ... قەۋەتلەرگە چىقىشىمىز پەقەت 10-قەۋەتتىن ئىبارەت ئەبەدىي نىشان ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باسقۇچلۇق نىشانلاردىن ئىبارەتتۇر. ھەر بىر ئا-

دەم چوقۇم ھاياتىدىكى 10 ـ قەۋەتنى ۋە بۇ 10 ـ قەۋەتنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ... قەۋەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىۋېلىش ئاجايىپ مۇھىم. مۇشۇ چۈشەنچە ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتۈشىنى، كۈندىلىك ئىش ـ پائالىيىتىنى بەلگىلىۋېتىدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ تېمىسىغا قايتايلى. ئۇنداقتا، پۇل ئىنسان ئۈچۈن بىرلەمچى ئامىلمۇ ياكى ئىككىلەمچىمۇ؟ يەنى نىشانمۇ، ۋاسىتىمۇ؟ پۇلنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ئوينايدىغان كونكرېت رولىغا، فۇنكسىيىسىگە قارىساقلا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۆزلىكىدىن ئايان بولىدۇ. پۇل ئىنسانلارنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان، يوققا ئىگە قىلىدىغان بىر نەرسىدىن ئىبارەت. ئۇ پەقەت ئىنساننىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى قولايلاشتۇرىدىغان ۋاستىكى، ھەرگىزمۇ نىشان ئەمەس. ئەگەر ئۇ نىشان دەپ قارالسا، باي بولۇش نىشان دەپ قارالغان بولىدۇ. ئەمما بۇ يەتكىلى بولىدىغان نىشان ئەمەس. چۈنكى باي بولۇش ياكى باي بولدۇم، دېگەنلىك پەقەتلا بىر تۇيغۇدىن ئىبارەت. ئادەم ئىگە بولغانلىرىغا قانائەت قىلسا ئاشۇ باي بولغان ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر بايلىقى يەنە ئېھتىياجىغا يەتمەيۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولسا، ئۇ قارۇندەك بايلىقى بولسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا نامرات سانايدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان پۇل ئالدىدا ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، پۇلنىڭ خوجايىنى، يەنە بىرى، پۇلنىڭ قۇلى. پۇلنىڭ قۇللىرى توختىماي ئىشلەيدۇ، جاپا تارتىدۇ، لېكىن مەڭگۈ كۆڭلىدىكى پۇلنى تېپىپ بولالمايدۇ. قارىماققا پۇلنى ئۇ باشقۇرۇۋاتقاندەك، خەجلەۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ پائالىيىتى، ھېس ـ تۇيغۇسى، خۇشاللىق ـ قايغۇسى پۇل تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىق پەقەت پۇلنىڭ سانى كۆپەيگەن ۋاقىتتىكى شۇ دەقىقىلىك كۈلكىدىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇنىڭ ھاياتى پۇل تەرىپىدىن خەجلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتىن بۆلەك مەقسىتى يوق. پۇلنىڭ خوجايىنلىرى پۇلنى ئۆزىنىڭ مەلۇم نىشانى ئۈچۈن تاپىدۇ. شۇ نىشان ئۇلاردىن پۇل، ئىقتىساد تەلەپ قىلغاچقا، ئاندىن پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نورمال شەخسىي ئېھتىياجىدىن ئاشقان پۇل ئۆزىنىڭ ئەمەس، بەلكى نىشانىنىڭ. بۇنداق كىشىلەرلا ئاندىن پۇلنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى، ئىگىسىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇنداق كىشىلەر بەك ئاز، ھاياتتا بىزگە تولا ئۇچرايدىغىنى پۇلنىڭ قۇللىرىدۇر.

ئوقۇرمەنلەر بەلكىم ئىنسان بىلەن پۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلگەندۇ. قىسقىسى، بىر ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي، نورمال ئېھتىياجىدىن ئاشقان پۇل ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى نىشانىنىڭ زۆرۈر مەبلىغىدۇر. بۇنى پەقەت ھاياتنى نىشانى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان جەريان، دەپ قارىغان كىشىلەرلا قىلالايدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى

---

(بېشى 43 ـ بەتتە)

ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ـ نېمە سەنلەيسىز؟! ـ ئايالىمۇ ھۆرپىيىپ ئورنىدىن قوپتى.

ـ نەگە باردىڭ؟! ئەجەب ئۆيىنى تاپالايسەن ـ يا؟!

ـ نەگە باراتتىم؟! سېنىڭ غېمىڭنى يەپ، ھاكىمنىڭ خوتۇنى بىلەن چاي ئويناپ قويدۇم. مۇناسىۋەتنى ياخشىلىسام، سېنى ئۆستۈرۈپ قويامدىكىن دەپ جاپا چېكىۋاتىمەن. يەنە گەپ بارمۇ؟!

ـ راست گېپىڭنى ئېيت، ھاكىمنىڭ خوتۇنى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاۋاتامسەن ياكى ھاكىم بىلەنمۇ؟!

ـ سەن نېمە دېمەكچى؟! مېنى شۇ جالاپ ـ بۇزۇقلار قاتارىدا كۆرۈۋاتامسەن؟ كۆڭلۈڭ كۆتۈرمىسەخېتىمنى بەر! تويدۇم بۇنداق تۇرمۇشتىن!

رىزۋان چەكچىيىپ خۇددى مېنى يەۋېتىدىغاندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى بايا نەق پاكىتقا ئېرىشەلمىگەنلىكىم، گۇمان بىلەن سۆزلەپ قويۇشۇم، مېنى پەس، ئۇنى ئېگىز قىلىپ قويغانىدى.

ـ ئىشەنمىسەڭ، مانا تېلېفون! ھاكىمنىڭ ئايالىغا، ھاكىمغا تېلېفون قىلايلى ياكى ئەتە ئىشخانىسىغا بېرىپ يۈزلىشەيلى، قانداق؟ يۈرىكىڭ بارمۇ؟!

ـ بولدى قىلغىنە، مۇشۇنداق كەچ قالساڭ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ... ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىمۇ دىباغا كىرىپ ئاچقۇچنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، ئۆيگە كىرەلمەي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇ جىلىچىلىكتە...

ـ ئۆزۈڭمۇ يۈرۈپسەنغۇ لاغايلاپ! تېخى مېنى بىر نەرسە دەيسەن! ئائىلىمىزنى، سېنى دەپ كېچىلەپ جاپا تارتىۋاتسام، مېنى بۇزۇقلار قاتارىغا چىقاردىڭ، زادى سەن ئۆزۈڭ بۇزۇق!

رىزۋان تويۇقسىز ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. ياندىكى ئۆيدىن بالىنىڭمۇ بۇقۇلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى.

ـ بولدى قىلە، مەن ناماقۇل خوتۇن... بالىنىمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭ ئەنە...

مەن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. تۇيۇقسىز ئايالىمدىن كېلىۋاتقان ھاراق پۇرىقى ئاغزىمنى ئاچۇردى:

ـ ھاراق ئىچتىڭما؟!

ـ ئىچتىم. قايسى باشلىقنىڭ ئايالى ئىچمەيدۇ؟ ئازراق ئىچكەنگە نېمە بولاتتى؟!

ـ ئايال كىشى بولغاندىكىن...

ـ ئايال بولسام نېمە بوپتۇ؟! ئاياللار ئادەم ئەمەسمىكەن؟! سىلەر نېمە قىلساڭلار گەپ يوق. ئازراق ئىچىپ قويدۇم شۇ، سورۇندىكى ھەممە ئايال بىر نەرسە دەپ كېتىۋاتسا...

ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، تاماكىنى بىر تال تۇتاشتۇردۇم. ئۇ يەنە بىر مۇنچە چالۋاقىغاندىن كېيىن، ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

خىلمۇخىل خىياللار مېڭەمنى قوچۇۋەتتى. نېمە قىلىشىمنى ۋە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. دەل بىر قاپ تاماكا چېكىلىپ تۈگىگەندە ـ ئۈپۈق ئاقىرىپ، خورازلار چىللىغاندا ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللى بەردىمكى:

خەير، بوپتۇلا، «سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق»، ئۆتكەنگە سالاۋات. ئىچكەن بولسىمۇ، ئوينىغان بولسىمۇ ئەمدى تۈزۈلۈپ قالار، ئىنسابقا كېلىپ قالار. شۇ ئىشلارنى دەپ جاڭجاللىشىپ يۈرسەك ھاكىمغىمۇ، باشلىقىمغىمۇ، ماڭىمۇ ناھايىتى سەت بولغۇدەك! ئەڭ مۇھىمى مەنسەپ كويىغا كىرگەنىكەنمەن، نېمە قىلىپ بولمىسۇن ئۆسۈشۈم كېرەك! پەقەت ئۆسسەملا قەلبىمدىكى ۋىجدان جاراھەتلىرىنى ماددىي مەئىشەت ناركوزى بىلەن مەڭگۈ مەست قىلىۋېتەلىگۈدەكمەن...

www.uyghurkitap.com




# مەشئەل كۆتۈرگەن ئۇلۇغ بوۋىلار

— ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 120 يىللىقى خاتىرىسىگە

قۇربان بارات

I

بەزەن،
تۇتەكلىشىدۇ تارىخ ئاسمىنى،
ئېغىر بۇلۇتلار قاپلاپ قاپقارا.
بولۇۋالىدۇ زۇلمەت ھۆكۈمران،
داۋام قىلىدۇ ئايسىز كېچىلەر،
ئۇزاقتىن ئۇزاق،
يۇلتۇزلىرىمۇ تامام يوقالغان
چەكسىز كۆك ئارا.
ھاياتلىق،
يەگۈرۈلدەپ ئوت ئالالمايدۇ،
يە بىراقلا قالمايدۇ ئۆچۈپ،
ھۆل ئوتۇندەك تۇتەيدۇ پەقەت.

## شېئىرىيەت مۇنبىرى

ئۇ تارقاتقان ئاچچىق، قارا ئىس
بولۇۋېلىپ قەۋەتمۇ قەۋەت،
بۇلۇت كەبى قاپلار ھەممىنى -
ئاسمان - زېمىننى،
ماڭار يوللارنى،
دۇنيا بىلەن ئىنسان قەلبىنى...
قويۇقلاشقاندا قارا بۇلۇتلار،
ئۇلارنىڭ
يۆتكىلىشلىرى، سۈركىلىشلىرى
پەيدا قىلىدۇ كۈچلۈك بىر سادا،
كۆك يىرتىلغۇدەك، يەر يېرىلغۇدەك،
ئۇ - گۈلدۈرماما.
بەلكى،
ئۆچكەن قۇياشلار، يوقالغان ئايتاپ،
شۇ سادادا قىلغاندۇر خىتاب،
تارتىپ نەررە، كۆتىرىپ پەرياد.
پەيدا بولىدۇ چاقماق ئوتلىرى...
ئۇنىڭ شىددەتلىك چاقناشلىرىدىن،

ئالتۇن سۈيىدەك يامراشلىرىدىن،
نۇرنى كۆرىدۇ، ئوتنى كۆرىدۇ،
قاراڭغۇلۇقتا قالغان شۇ ھايات.
باش كۆتۈرىدۇ ئەل ئوغلانلىرى،
ئەقىل تاپىدۇ ـ ياسايدۇ مەشئەل.
تۇتاشتۇرىدۇ ئۇنى چاقماقتىن،
ئۇزاق زامان يوقاتقان ئوتقا،
ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار كەبى،
ئىگە بولىدۇ،
تېخى تامام ئۆلمىگەن بۇ ئەل.
مەشئەللەردە يانغان بۇ ئوتلار،
بېرىپ تۇرىدۇ چاقماق ئەكسىنى.
كۆزى ئوچۇق سەردار ئوغلانلار،
داھىي سۈپەتلىك ئۇ قەھرىمانلار،
ئېگىز كۆتۈرۈپ بۇ مەشئەللەرنى،
ئىزدەپ قۇياش ۋە يورۇق دۇنيا،
باشلاپ ماڭىدۇ،
نۇرسىز، يولسىز تېمىسقىلاپ يۈرگەن،
گاڭگىراپ قالغان ئىنسان نەسلىنى.
كۆكرەك كېرىپ يول ئالار ئۇلار،
ئەل ئالدىدا مەشئەل ياندۇرۇپ.
قەدەملىرىدىن قالغان ئىزلاردا،
قاراڭغۇلۇقنى،
يوقىلىشلارنى، يوقىتىشلارنى،
قايتماس ئۆتمۈش قىلىپ قالدۇرۇپ.

II

چاقماق دەرياسى كۆكەرتكەن بىر يۇرت
گۈللەپ تۇرىدۇ
تەڭرى تېغىنىڭ تارچۇقلىرىدا
يېشىل بەلباغ بولۇپ سوزۇلۇپ.
قەد كۆتۈرگەن ئۇندا بىر ھەيكەل،
يەردىن كۆككە ئۆرلەپ تاغ بولۇپ.
بۇ ھەيكەلنىڭ سۈرەتلىشىدە:
ئىككى ئەركەك، ئىككى پاسىبان.
بىر مەشئەلنى بىللە كۆتۈرگەن
ئىككى سەردار، ئىككى قەھرىمان.
قىيا كەبى تىكلەپ قەددىنى،
يۈكسەكلىكتە تۇرار يانمۇ يان.
قاراشلىرى بۈركۈتتەك ئىتتىك
كۆزلىرىدە قايغۇ ۋە ئىسيان.
تەسۋىرىنىڭ نۇرلۇق بۇ ئەينىكىدە،
تاڭ قۇياشى ـ يېڭى ئۆرلىگەن،
ئالتۇن لىگەندەك دۈگىلەك، يوغان،
مەشئەل كەينىدە،
تۇتىشىپ ئۇنىڭ يالقۇنلىرىغا،
يورۇق كۆركىنى قىلىدۇ ئايان.
گويا،
ئانا يۇرتىمىز ـ تەڭرى تېغىنىڭ
مەڭگۈ يىقىلماس ئىككى چوققىسى
تۇرار ياندىشىپ،
كۆك ئاسماندا مەشئەل كۆتۈرۈپ.
ئويغانغاندا ھەر بىر يېڭى كۈن،
بۇ چوققىلار ئارىلىقىدىن
تاڭ قۇياشى بالقىيدۇ كۈلۈپ.
ياندىشقاندا ئۇ مەشئەل بىلەن،
ئوت ئالامدۇ يە ئوت بېرەمدۇ؟
بۇ تەسۋىردە بار غۇۋالىق گۈزەل.
ئەيتاۋۇر،
ئۇلارنىڭ تۇتاش يالقۇنلىرىدا
يورۇپ تۇرىدۇ
ئەلمىساقتىن قالغان قەدىم يۇرت،
چۇمۇلىدەك تىرىشقاق بىر ئەل.
خېلى ئۇزاق زاماندىن كېيىن،
بىلىپ، چۈشىنىپ، يېتىپ قەدرىگە،
كۆزى ئېچىلغان ئويغاق نەسىللەر،
ئاڭ ۋە ئەقىل تاپقان بىر ئەۋلاد،
زامانىسىدا
مەشئەل كۆتۈرگەن بوۋىلىرىغا
يۇرت كۆكسىدە تىكلىگەن ھەيكەل.
ئۇلار چۈشەنگەن،
قۇياشمۇ ئوت ۋە مەشئەلمۇ ئوت،
بىرى يەنە بىرىدىن تۇغۇلار.
بۇ ھەيكەل بىلەن،
كۆزىمىزدىن يېتىمسۇن دېگەن،
مەشئەل كۆتۈرگەن ئۇلۇغ بوۋىلار.

III

شۇنداق،
مەشئەل كۆتۈرگەن ئۇلۇغ بوۋىلار،
ئۆز زامانىدا،
قاراڭغۇلۇق باسقان تاغلاردا،
بۈركۈت بالىسى بولۇپ تۆرەلگەن.
قىلىچ كەبى قاناتلىرىدا
يىرىپ زۇلمەتنى،
ئۆرلەپ چىقىپ كۆككە يۈكسەلگەن.
بۇ تاغ يۈرەك جاھانكەزدىلەر
ئۇچۇپ، ئايلىنىپ كۆرگەن دۇنيانى.
كۆرگەن جاھاننىڭ كەڭلىكلىرىنى،
تەرەپ ـ تەرەپتە
يورۇپ، چاقناپ تۇرغان نۇرلارنى.
ئۇچۇپ يۈرۈپ قوياش ئاستىدا،
پەستە قالدۇرغان،
ئېگىز تاغلارنى، قارلىق قىيانى.
نەزىرىنى تارتقان ئۇلارنىڭ،
سەپەرداش ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ

ئۇزاق كارۋان يولىنى بويلاپ،
تۈن كېچىلەردە،
قەدەمدە بىر ياققان گۈلخانى.
ۋە ئاسمانغا ئوت تۇتاشتۇرغان
ئەقىل ۋولقانى.
گۈلخانىنىڭ ئوتى، ۋولقانىنىڭ ئوتى،
يېنىپ تۇرغان يورۇق مەشئەللەر،
ئوتتىن، نۇردىن يول تاپالىغان
ئۇلار كۆرگەن ئاشۇ جەت ئەللەر.
تۇتاشتۇرغان ئۇلارغىمۇ ئوت،
مەشئەل ياسىغان كۆڭلىدە دەسلەپ.
ئۇلار مەشئەلنى كۆتۈرۈپ قايتقان،
يېتىم بالىدەك تەقدىردە قالغان
قېرىنداشلىرى،
قاراڭغۇلۇق بىلەن نادانلىق،
هايۋانىيلىق بىلەن ئىنسانلىق،
بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن،
باشپاناهسىز يۇرتنى ئەسلەپ.

IV

ئۇلار جۇشەنگەن:
كۆڭۈل ئەقىل بىلەن يورۇيدۇ،
كۆڭۈل يورۇسا يورۇيدۇ جاهان،
زامان ۋە ماكان.
قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىدۇ،
ئادەمزات قالغاندا نادان.
نادان ئەلدە نۇرغۇن بولىدۇ،
ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ
چۈشەنمەيدىغان، بىلمەيدىغانلار.
مۇنداقلاردىن چىقمايدۇ ئۇڭاي،
ئۆز قۇياشىنى ئىزدەيغانلار.
نادان ئىنسانىنى
يۆلەپ قويساڭ تاغدەك خامانغا
يەيدىغان يوق قالار ئاچ قورساق.
ئاپىرىپ قويساڭ دەريا بويىغا،
سۇ ئالالماي ئۆتىدۇ چاڭقاق.
دەريا بويىدا قېلىپ نائىلاج،
ئاققان سۇلارغا قارايدۇ ناچار.
نادانلىقدىن،
ئۆز ئۆيىگە ئىجارە تۆلەپ،
ئۆز ئېتىزىدا بولار مەدىكار.
تەر تۆكۈشنىلا بىلىدۇ پەقەت،
بىلمەس باشقىنى.
ئۆزىنىڭ ئانا شەهەرلىرىدە،
ئاچ ئەرۋاهتەك چىقىپ گۆرىدىن،
بولۇپ دىۋانە،
كوچا ـ كويلاردا،
ئالتۇننى دەسسەپ يۈرۈپ تىلەيدۇ.
يالماۋۇزدەك يالمايدۇ شۇنداق،
ھەممە ـ ھەممىنى،
ئەلنى قاپلاپ كەلگەن نادانلىق.
ھەممە نەرسە كېتەر ئىلكىدىن،
قالىدۇ پەقەت نامى ئىنسانلىق...

V

مەشئەل كۆتۈرگەن ئۇلۇغ بوۋىلار ـ
ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار،
بۇلارنى ئويلاپ،
ئۆز ماكانىدا ـ ئانا يۇرتىدا،
مەشئەلنى تىكلىگەن دەسلەپ.
ئەل كۆڭلىنى ئاقارتماق بولۇپ،
يولغا قويۇپ يېڭى مائارىپ،
قۇرۇپ چىققان يېڭىچە مەكتەپ.
يېڭى مەكتەپ ـ يېڭى بىر دۇنيا،
ئالالىغان تىكلەپ قەددىنى،
كەسلەنچۈكلەر ئۆملەپ يۈرگەن
ئوتتۇرا ئەسىر خارابىسىدا.
ئۇلار ئاشۇ مەشئەلى بىلەن
ھەممە يەرگە تۇتاشتۇرغان ئوت،
پەيدا قىلغان يېڭى بىر قۇياش،
شۇ قاراڭغۇ زامانىسىدا.
پەيدا قىلغان يېڭى رىۋايەت،
يېڭى بىر داستان،
ئىنسانغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن
قورقماس يۈرەك پرومېتىدەك.
تىرىشقان شۇنداق،
يارىتىپ تارىخ،
ئېرىپ ئېلىنى
دۇنيا بىلەن بولسۇن دەپ بىردەك.

VI

شۇڭلاشقا،
ئۇ ئوغلانلارنىڭ قىلغان ئەجرىنى
ئونتۇماس خەلق،
ئونتۇماي ھەرگىز،
ھۆرمەت ـ مۇھەببەت بىلەن يادلايدۇ.
ئىزباسقان نەسل، يېڭى بوغۇنلار،
جۇشقۇن يۈرەك، كۆڭلى تۇيغۇنلار،
مەشئەل كۆتۈرگەن بوۋىلىرىنىڭ
ئۇلۇغ سىماسىنى، ئەزىز نامىنى
كۆڭۈل قېتىغا ئورنىتىپ چوڭقۇر،
تارىخنىڭ مۇشكۈل ئۆتكەللىرىدە،
بىرى يەتكۈزۈپ يەنە بىرىگە،
مەڭگۈ ساقلايدۇ.

2005 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، ژۇرنالىست، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ پېنسىيونېرى

www.uyghurkitap.com



# توپان باستۇرۇنى راستىنلا ھاجەتمۇ؟

نۇر مۇھەممەت ئۇمەر ئۇچقۇن

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە كىشىلىرىمىز ئارىسىدا، مەتبۇئات، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا مەۋجۇدلۇق ھالىتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەتىكى تەقدىرى ھەققىدە تالاي بەھس- مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى. بۇنى قارىقۇيۇق تاپا- تەنە، ئاھانەت ۋە ياكى پالان- پۇستان بىر نېمە دېگۈچىلەرمۇ، قوللىغۇچىلارمۇ بولدى. ئەمما زادى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئىنكاسلارنىڭ بولۇشى ئەمەلىيىتىمىزدە شۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ ۋە ياكى باشقىلار نورمال ئىش دەپ قارىغان ھادىسىلەرنى مەسىلىگە باشقىچە رەك كۆزدە قارايدىغان، ئادەتلەنگەن تەپەككۇرنى بۇزۇپ تاشلاشقا

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ئامراق «ئېقىمغا قارشى قەھرىمان»لارنىڭ مەسىلە، كېسەللىك، چاتاق دەپ قارىغانلىقىدىندۇر. نېمىلا بولمىسۇن، مەۋجۇدلۇق ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر پىكىرنىڭ بولۇشى، ئۆزگىگە ۋە قەۋمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۇرمۇشتىن تاكامۇل ئىزدەيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمما، ئوتتۇرىغا چىققان بەزى پىكىر- ئىنكاسلارنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە روھىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇشى ناتايىن. بىزنىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا تولىمۇ تار، بىر تەرەپلىمە قىممەت قارىشىنىڭ تۈرتكىسىدە قىزىققان، ھاياجان بىلەن مەيدانغا چىققان «ئەخلەت ئىدىيە»لەرمۇ سامانىدەك. ھاياتلىق قىممىتىمىز ۋە تەقدىر- قىسمىتىمىز كەسكىن- رەھىمسىز رىقابەت، مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئېڭىمىزدىكى، يۈزلىنىشىمىزدىكى، تۇرمۇشىمىزدىكى ئازغۇن ئىدىيە، چىركىن قىممەت قاراشلىرىنى ۋاقتىدا تازىلاپ ساغلام ئەقىدە تۇرغۇزۇش يىپيېڭى تۇغۇم بىلەن

باراۋەر. سودىدىكى، كەسپتىكى، سەپەردىكى بىر خاتالىق كىشىنى
مۇلەيىەن پايدا ـ مەنپەئەتتىن، كۆچتىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن. ئەمما
ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئى-
دىيە ـ ئاڭدىكى ئازراقلا خاتالىق بولسا، كىشىنى بىر ئۆمۈر سەر-
سان ـ سەرگەردان، خانىۋەيران قىلىشى مۇمكىن. بىر قەۋمنىڭ ئومۇ-
مي ئىدىيولوگىيىسىدىكى بىنورمال يۈزلىنىش بولسا پۈتكۈل قەۋمنى
ھالاك، مەدەنىيىتىنى گۇمران قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، مېنىڭچە،
بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە ـ ئەقىدىسىدىكى خاتا، ئازغۇن قاراش ـ تو-
نۇشلارنى تازىلاش ھەممىدىن بالدۇر، ھەممىدىن چىڭ تۇتۇپ ئىشلە-
نىشى كېرەك. ناخشىنى بۇگۈن بولمىسا ئەتە ئېيتىش تامامەن مۇمكىن.
ساغلام قاراش بولغاندىلا كلاسسىك ئەدەبىياتنىمۇ، مۇقامنىمۇ تېخىمۇ
ياخشى تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ. پاكىز ئېتىقاد مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈ-
رىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى چىرىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

«جىنسىيەت» ئىلمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ھازىرقى
زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدە كۈچلۈك تېگىرقاش، شۇنداقلا
تەسىرلەش قىيىن بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئويغىتىۋاتقان بەزى مە-
سىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، شۇ خىلدىكى زۆرۈرىيەتلەر
ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم تەقەززادۇر.

جىنسىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە يات نەرسە ئەمەس، تېخى يې-
قىندىلا بايقىغان نەرسە تېخىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىنسان يارىتىلغان دەقى-
قىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەزايى ـ تېنى، روھىيىتى بىلەن مەھكەم جىپ-
سىلاش ھالەتتە بارلىققا كەلگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈننى
مەلۇم مەنىدە جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ. ئەمما ئۇ بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ پۈ-
تۈنسۆرۈك ۋۇجۇد ـ كالامىدىكى تولىمۇ كىچىك بىرلىك. ئەمما ئۇنىڭ
تارتىش كۈچى، ئىنسان نەزىرىدىكى مۇقەددەسلىك ئورنى كۆپ ھالدا
ئىنسانلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ماھىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇباشتىن
تارتىپلا ئىنسان جەزمەن مەخپىي تۇتۇشى كېرەك بولغان ئۇ ياتلىق ـ
نومۇسلۇق يەر قاتاردا سانىلىپ كەلدى، بىر ئامىللار بىلەن يۆگەلدى
ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەخلاق مىزانى، ھايا ئۆلچىمى
شەكىللەندى. بىز تارىخنىڭ ئۇزاق قاتلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق،
ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ جىنسقا تېۋىنىش، چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ
يەتكىنىنىمۇ بايقايمىز. جىنسىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، كىشىلىك
مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي يوسۇن ـ قائىدىلەردىكى ئۇنىڭ رولى، ئور-
نى، قىممىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش
ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش پۈتكۈل
ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ـ تارىخ تەرەققىياتىدا ئىزچىل كۆرۈلگەن،
ساقلانغان، دەتالاش پەيدا قىلغان، ئەمما ئىزچىل ھەل بولماي كېلى-
ۋاتقان مەسىلە. نوھنىڭ قەۋمى ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق تۈپەيلى توپانغا
غەرق بوپكەتتى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئومۇميۈزلۈك بەچ-
چىۋاز بوپكەتكەچكە، تاش ياغدۇرۇلۇپ ھالاك قىلىندى. ئىپتىدائىي
ئادەملەر چېغىدا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن بولسىمۇ ئەۋرىتىنى
ياپتى. قەبىلىلەر ئاساسىدا ئۇيۇشقان جامائە ئۆز ئۇرۇقىدىكىلەر بىلەن
تويلاشتى، يەنى بىر ئائىلە ئەزالىرى ئۆزئارا جىنسىي ئالاقىنى مۇۋاپىق

كۆردى. ھەتتا دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئانىسى بالىسىغا خوتۇنلۇققا
قالدى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ـ تۆت ئوغۇل بىر ئايالنى ئورتاق خوتۇن
قىلىشتى. مانى دىنى بۇنداق نىكاھنى چەكلىدى. ئەمما مەزدەك بۇ-
نىڭغا قارشى: «ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، مال ـ دۇنيا، خو-
تۇن دېگەنلەردىنمۇ كىشىلەر ئورتاق ھەمشىرىك بولۇپ پايدىلىنىشى
كېرەك»دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇددىزم دۇنيانىڭ بارلىق ھاۋا-
يى ـ ھەۋەسلىرىنى كىشىنىڭ تېنى، روھىيىتىنى چىرىتكۈچى زەھەر قا-
تارىدا كۆردى ۋە تەركىيدۇنيالىق، زاھىدلىقنى، جاپانى بىردىنبىر يول
قىلىپ تاللىۋالدى، جىنسىيەتنى قەتئىي بەنت قىلىپ تاشلىدى، ئائىلە،
ئاياللار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقىغا كۆزنى يۇمۇپ ئار-
قىسىنى قىلىۋالدى. ئەمما رايىش بۇددىزم ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇددا
مەدەنىيەت ـ سەنئىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنى يالىڭاچ رەسىم ۋە بۇتلارغا
كۆمۈۋەتتى. ئۇلار ماھىيەتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ جىنسىيەتنى خىيال
قىلىۋاتقان زاھىدلارغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. خىرىستىئان دىنى
گەرچە ئائىلە، نىكاھ، ئەخلاق جەھەتلەردە جاھالەتكە پاتقان ئىنسانى-
يەتنى يېڭى بىر ئاڭ ئېقىمى ساھەسىگە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئۆز خىيالى بويىچە توقۇغان ئەپسانە ـ رىۋايەت،
يازمىلىرى بىلەن ئەبجەشلىشىپ، راست ـ يالغىنىنى بىلگىلى بولمىغۇ-
دەك دەرىجىدە غۇۋالىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىلەرگە تۇت-
قان پوزىتسىيىسىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئەۋرىشىم ـ يۇمشاقلىق ئۇنى
خىرىستىئان دۇنياسى ئۇلۇغلايدىغان، ئەمما ئازراقمۇ ئەمەل قىلمايدى-
غان دەستۇرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكو-
لوگىيىسى تايانچ، تۈۋرۈكسىز قالدى، ئەخلاق بۇزۇلدى. ئىنسانىيەت
يەنە بىر قېتىملىق جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق ئۆڭكۈرىگە قاپسالغان شۇ
دەۋردە ئىسلام دىنى بارلىققا كەلدى. ئۇ، جەمئىيەتنى ئەخلاق ـ ئېتىقاد
ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوغداش، ئىجتى-
مائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئورتاق، ئادىل بىر ئۆلچەم قوللى-
نىشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلدى، تەشەببۇس قىلدىلا ئەمەس، ئۇنى
ھەر بىر ئادەم جەزمەن ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان مۇقەددەس مې-
زانغا ئايلاندۇردى، رېئاللاشتۇردى. روھىيەت ۋە جىسمانىيەتنىڭ،
جەمئىيەتنىڭ ساغلام، پاك، دۇرۇس بولۇشىدا ئىنسانىيەت تارىخىدا
كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇكەممەللىكنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ
تەرىقىدە جىنسىيەت ئۆزىگە يارىشا بىر مۇكەممەل تونۇش، پوزىتسى-
يىگە ئېرىشتى. ئۇ كەمسىتىلمىدى، ئەمما ھەددىدىن ئېشىشىغا ئې-
نىق چەك قويۇلدى. نىكاھ جىنسىي بىرىكىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قى-
لىندى. ئۇ يۆگەش، مەخپىي تۇتۇش قەتئىي تەلەپ قىلىندى …

ئەمما ئىنسان يەنىلا ئۆزى بىلگىنىنى، مۇۋاپىق دەپ ئويلىغىنىنى
قىلىۋەردى. تارىخ ئۆز ئېقىنىدا ئېقىۋەردى. تالاي يىل ئاشۇنداق
قورقۇش، بۇزۇش، چەكلەش، قاراملىق، گاڭگىراش، قىزىقىش، تەلۋى-
لىك ئىچىدە ئۆتۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى …

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ئۆز ئىچكى نىزالىرى بىلەن
قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ئۆتكەن بىزلەرمۇ جاھاننىڭ بۇ قىسمەتلىرىدىن
خالىي قالمىدۇق. بىزمۇ تېپىك يەرلىك مەدەنىيەت ھەقدارى ۋە باش-
تىن ـ ئاخىر باشقىلارنىڭ ئىدىيە ـ مەپكۇرىسىغا خېرىدارلىق قىلىپ،

ئۆزىمىزنى شادلاندۇرۇشتەك ئىككىلەمچى سالاھىيىتىمىز بىلەن جىنسىيەتكە باغلانغان نۇرغۇن كەچمىش ـ تەجرىبىنىڭ ئىجراچىلىرى بولدۇق. بولۇپمۇ بۇ ھەقتىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرى بىزدە باشقا ئەل ـ مىللەتلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە كۆپ، قويۇق بويىكەلدى. زور قىرغىندىن ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بالا بۆرە بىلەن جۈپلەشتى ... ئوغۇزخان دەرەخ كاۋىكىدىكى خوتۇن تاپتى ... بىر ساھىبجامالغا يۈتۈنسۇرۇك بىر ئەلنىڭ تەقدىرىنى تەمتىرىمەستىن تېگىشىشكە تەييار تۇرىدىغان ئىشقىۋاز سەركەردىلەر، ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىدىكى مۇھەببەت، يار ئوبرازلىرى ۋە روھىي تەقەززالىقلار ... ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولدى. مۇھەممەت باغراش: «پرومېتى مۇنداق دەيدۇ: پەخەس بولۇڭلار، ئادەملەر» ① ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە بۇ ھەقتە باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىپ، ناھايىتىمۇ ئىنچىكە تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغان.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇيغۇر ئەل مەدەنىيىتى (فولكلور)دە ساقلىنىۋاتقان جىنسىيەتكە دائىر قاراش، ئادەت، قىلىق ۋە تونۇشلارنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئەمەس. تەتقىق قىلىدىغان بولساق نەچچە توملۇق قامۇس چىقىرىۋېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئايانماي شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بەجايىكى ھاياجىنى ئۇرغۇپ، پارتلاپ تۇرىدىغان ئىشقىۋازغا بەكرەك ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئار ـ نومۇس زەنجىرى ھەر مىنۇت سىلكىپ، كىشەنلەپ تۇرمىسا ئۇ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە شۇنچىلىكلا دەپ قويىمىز. ئۆتمۈشتىكى قاراش، ئادەت، قىلمىش ـ ئەتمىشلەر شۇنداق بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق كۆرگۈلۈكى ھەقدادىغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، يەتمىگەن بولسا بۇنىڭدىن كېيىن يېتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە قايناپ، سۆزلەپ بەت بوياش ئەھمىيەتسىز ھاياجان ۋە ئەقىل، قەغەز، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئاشۇلارنىڭ قالدۇقاتلىرى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسى، يۈزلىنىشى، ئۇلار پەيدا قىلىدىغان، قىلىۋاتقان ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتلەر ھەققىدە بىرەر قۇر پاراڭ سوقۇشنىڭ ئاز ـ تولا ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنى بىۋاسىتە پايدا ـ زىيانغا ئۇچراشتۇرىدىغان نەق رېئاللىق.

راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ بۇ ھەقتە، يەنە كېلىپ ئاشكارا مەتبۇئات يۈزىدە بىرەر نەرسە دېگۈم زادىلا يوق ئىدى. لېكىن ئاخىرى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەپۇسىنى تىلەيمەن.

مۇھاكىمىنىڭ قوزغىلىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەب بولدى: 1. جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭدىكى جىنسىيەتكە باغلانغان تۈمەن مىڭ خىل ھادىسە؛ 2. كىشىلەرنىڭ جىنسىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ غۇۋالىقى، قاتماللىقى، بىر تەرەپلىمە، زىددىيەتچان بولۇشى ھەتتا ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ئەيمىنىپ ياكى بۇ تېمىغا چېقىلىشتا ئۆلچەمسىز، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشى؛ 3. ياشلار، يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئالدىدا ئىزاھاتسىز، يېتەكچىسىز تەمتىرىشى، گاڭگىرىشى، بۇ مەسىلىگە ئاڭسىز، ئۆز مەيلىچە مۇئامىلە قىلىشى؛ 4. ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئىنكاسى؛ 5. غەرب دۇنياسىدىن يامراۋاتقان يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەر ئالدىدىكى تۇرمۇش، قىممەت قارىشىمىزنىڭ بىچارە شۇمشىيىشى؛ 6. ئارىمىزدا بارغانسېرى ئەدەپ باش كۆتۈرۈۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە يات بولغان يېڭىچە قاراش، تەشەببۇس، يۈزلىنىشلەر ...

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئەھۋاللار گەرچە ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە ناھايىتىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى، زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. جىنسىيەتنى ئېچىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن خەلقىمىز بۇ ھەقتىكى ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ نەلەرگىدۇر سۈپۈرۈلۈپ تاشلانغىنىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئۇ ئېچىلىپ بولدى. بەلگىلىك ئەخلاق ۋە ئەركان رامكىلىرىنىڭ ئىچىدە ھايا پەردىلىرى بىلەن مەخپىي ئىپادىلىنىپ كەلگەن بۇ «زەنجىرلەنگەن پرومېتى»نىڭ باغلىقى كۈنسېرى بوشاپ كەتتى. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى ۋە ھۆرمەتلىك يازغۇچىلىرىمىزنى بۇ ھەقتە دادىل يول بېسىپ، جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭ ۋە تەسۋىرلەرنىڭ ئېچىلىشىغا يېتەرلىك تۆھپە قاتتى، دېيەلەيمىز.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە مودا بولغان شوئارۋاز چاقىرىقنىڭ بىرى «چەكلەنگەن تېمىلارغا بۆسۈپ كىرىش»تۇر. بۇ شوئار ئاپەتلىك يىللاردىكى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى، شوئارلاشتۇرۇلۇشى ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى بويىچە سىنىپىيلاشتۇرۇلۇشىغا قارشى ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى شۇ مەزگىللەردە چەكلەنگەن تېمىلارغا ئەركىن، دادىل يۈرۈش قىلىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ زور بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئارزۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ مۇھەببەت تېمىلىرىغا بۆسۈپ كىرىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەستەك تۈس ئالدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن بۇ ئالىيجاناپ مەنىۋى نېمەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن بىر مەزگىل قوغلانغان ۋە «سېرىق»، «شەھۋانىي»، «بۇزۇقچىلىق» نامىدا ئەيىبلەنگەنىدى. مۇھەببەت تەسۋىرلىرى ياكى تەلپۈنۈشلىرى ئەكس ئەتكەن ھەر قانداق بىر ناخشا ـ قوشاق، شېئىر، شۇنى يازغان، ئوقۇغان، ساقلىغان ھەر قانداق بىر ئادەم سىنىپىي توقماقلارنىڭ قارىقويۇق كالتەكلىشىگە ئۇچرىدى. بەجايىكى، مۇھەببەت دۈشمەن سانالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىنلا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ مېھىر ـ شەپقەت كۆتۈرۈلگەن، جەمئىيەتنى خۇسۇسىي، سىنىپىي زوراۋانلىق قاپلىغان ئون يىل ئۆتتى. ئىنسانغىلا خاس بولغان بۇ يۈكسەك تۇيغۇنى قارىلاش ئىنساننى قارىلاش بىلەن باراۋەر ئىدى. مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق تۇيغۇ ئىدى. مۇھەببەت ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق تۇيغۇ بولغانىكەن، ئۇ ئەدەبىياتتىمۇ ئەكس ئېتىشى تامامەن كېرەك ئىدى. ئاخىر ئەدەبىياتىمىز «مۇھەببەت»كە ئېرىشىپ ئارمىنىغا يەتتى. ئەمما ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئەخلاق، ھايا سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ كەلگەن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ تېمىنىڭ ئۆزىدىنمۇ يەنە چەكلەنگەن تېمىلار بايقىلىپ قالدى. يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىياتتىكى چەكلەنگەن تېمىلارغىلا ئەمەس، رېئال تۇرمۇش ۋە مۇقەددەس ئېتىقادىمىزدىكى چەكلەنگەن تېمىلارغىمۇ دادىل بۆسۈپ كىرىشنى

---

① «تارىم» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 12 ـ، 1999 ـ يىل 2 ـ سان.

ئىزدەيدىغان بولدى. ئىنسان ھەقىقەتەنمۇ قانائەت قىلمايدىغان مەخلۇق ئىدى. جىنسىيەت ئەدەبىياتىمىزدا ئاپئاشكارا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. قىلچە زورلۇرىيىتى بولمىغان، ئېستېتىك ئۆلچەملەرگىمۇ توشمايدىغان بەزىبىر تەپسىلاتلارنى ئەتەي تەپسىلىي، زىغىرلاپ يېزىش خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. «بەزى يازغۇچىلىرىمىز قەھرىمانلارنىڭ قانداق سۆيۈشكەنلىكى، كۆيسارغا قانداق قول ئۇزارتقانلىقى، قانداق ئاۋازلارنىڭ چىققانلىقى، تەمىنىڭ قانداقلىقى» ①، كۆكسىنىڭ قانداقلىقى، ئاياللارغا قانداق ئۆرۈلگەنلىكى، چاترىقىنىڭ كېرىلىشى، قانداق نەپەسلىنىشى، قانداق تىپىرلاپ، قانداق جىم بولۇشلىرىغىچە تەپسىلىي، زوق - ھاياجان بىلەن يازىدىغان بولۇۋېلىشتى. ھەتتا بەزى يازغۇچى - شائىرلىرىمىز بۇزۇقچىلىق، رەسۋالىق، جالاپلىق، شەرمەندىلىكلەرنى بىر ئامالىلار بىلەن ئاقلاپ چىقىشتى، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ تۇرمۇش، ھاياتقا بولغان قارىشىدىكى چۈشكۈن، ماداراچىلىقىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىگەن بولۇشتى. ئۇلارچە، ئىنساننىڭ ھېسسىياتى تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا رەزىللىك، ياۋۇزلۇققا سېزىك، يېقىن ئىدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بۇ خىل ئېچىپ ئىپادىلەش «دادىللىق»نىغا قارىتا «چىن، ھەقىقىي ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ پەردازلانمىغان ئىپادىلىنىشى» دەپ پەتىۋا بېرىشتى. بىز 1990 - يىللاردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن پېرسوناژلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، بولۇپمۇ ئەخلاق، ئىپپەت مەسىلىلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسىدىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان كەسكىن جانپىدالىقنى كۆپ ئۇچرىتالمايمىز. ئەمما بۇزۇقچىلىقنى يەتكىچە قىلىپ بولۇپ ئارقىدىنلا ئۇنى ئاقلاشقا چۈشىدىغان ئەقىدىسىز ماگقۇرتلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. 1980 - يىللاردىكى ئەدەبىيات بىلەن 1990 - يىللاردىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىرىگە قارىساقلا مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە بولغان ئەستايىدىللىق، جەريان تەپسىلاتچىلىقى ۋە ھەۋەس - زوقمەنلىكنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتىش مۇمكىن. ھەتتا بەزى ئەسەرلەر شەھۋانىي ئەسەرلەرگە ئايلىنىپ قالايلا دېدى. بۇ ھال كېيىنچە كىنو، تىياتىر، VCD فىلىملىرى ساھەسىگە ئىنتايىن تېزلىك بىلەن كىرىپ كەلدى - دە، بەزى فىلىملەردە قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، يالىڭاچ يۇيۇنۇش، ھەتتا چېكىدىن ئېشىپ جىنسىي ئالاقە ھەرىكەتلىرىگىچە ئىپادىلەش، كۆرسىتىشكىچە بېرىپ يەتتى. شۇغىنسى، بىز ئاشۇ پېرسوناژلارنىڭ روھ - تېنىدىن بىر دەۋرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ سېزەلىشىمىز كېرەك ئىدى. يازغۇچى بولغان ئادەم تۇرمۇشتا نېمە بولسا، شۇنىڭ ھەممىسىنى شۇ پېتى تەسۋىرلەۋەرسە سەنئەتتە مەززە قالمايدۇ. يازغۇچى تۇرمۇشقا جەزمەن مەلۇم بىر ئەقىدە بىلەن ياندىشىشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ، پائالىيىتى ئارقىلىق مەلۇم بىر توپنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى، ئادالەت - قاباھىتىنى سىزىپ بېرىشى كېرەك. كۆپىنچە ئەھلىي سەنئەت: «يازغۇچى رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشى، مۇھاكىمە ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ يازغۇچى قېلىپسىز، ئۆلچەمسىز، دەخلىسىز ھەرىكەت قىلسا، نېمىنى، قانداق يازغۇسى كەلسە شۇنداق يازسا بولۇۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى سەنئەت بېغىدىكى نېمىنى ئۈزگىسى كەلسە ئۈزۈۋۈپ، نېمىگە ئۇسكۈسى كەلسە ئۇسسە ھەق - توغرا بولۇۋېرىدىغان باشتاق ② ئېشەك ئەمەس. ئۇ مەلۇم بىر مەدەنىيەت توپىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بولغانىكەن، شۇ توپنىڭ ئەخلاق - ئەركان، مىزان، پرىنسىپلىرىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا قەلەم تەۋرىتىشى كېرەكتە! جىنسىيەتنى شۇ قەدەر شەھۋانىي ھېسسىيات، ئۆلچەمسىز مەۋقە بىلەن بېرىلىپ ئىپادىلەش بەزى يازغۇچىلىرىمىزدىكى تولىمۇ شاللاق كەيپىياتنى تولۇقى بىلەن ئاشكارىلاپ بەردى. مەدەنىيەت ئاسمىنىمىزدا جىنسىيەتنىڭ ئۇگۇشلۇق ئېچىلىشىغا مۇئەييەن زېمىن، ئاساس ھازىرلاندى.

كېيىنكى كۈنلەردە غەرب ئەدەبىياتىدىن كىرىپ كەلگەن ئاتالمىش مودېرنىزم بىزنىڭ بەزى يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىپادىلىيەلمەي قالغان ھېسسىياتىنى قايناپ تاشتۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا تېخىمۇ شاللاق، ئەرزىمەس، تۇترۇقسىز پاساڭلاشتۇرۇۋەتتى. چىن ھېسسىيات ۋە رېئال ئىش - پائالىيەتنىڭ ئورنىغا يوشۇرۇن ئاڭ، چۈش، باش - ئايىغى يوق خىيال، ئەھمىيەتسىز سىمۋول، ئىشارىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى قاپلاپ كەتتى. يىغلاڭغۇ شېئىرىيەت ۋە ئىزدەنمە ھېكايىچىلىق نامى بىلەن تامغىلانغان، ئاپتورىمۇ چۈشىنەلمىگۇدەك دەرىجىدىكى بىمەنە خىيال - تەسۋىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆرسىنى نەچچە ھەسسە چۈشۈرۈۋەتتى. ئەگەر بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى بولدى، دېيىشكە توغرا كەلسە ئەنئەنىدىن دادىل گۇمانلىنىش، بىر قېتىملىق ئاڭسىز تەجرىبە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا غەربنىڭ ئاز تولا قاراش - ئىدىيىلىرىنى چالا - پۇلا سۆرەپ ئەكىرىش بولدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش دىيارىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇرتكىسىدە مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى كەسكىنلىشۋاتقان، تەشۋىقات ۋاستىلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلدى. تۇرمۇشىمىزغا غەيرىي مەدەنىيەت ئېقىملىرى بەس - بەستە كىرىپ كەلدى. ئادىل ئابدۇقادىر ئەخلاققا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى ئۈچ چوڭ كۈچ سۈپىتىدە سىياسىي، تېخنىكا، ئۇرۇشنى تىلغا ئالىدۇ ③. سىياسىي بىلەن تېخنىكىنىڭ بىزنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىزغا ئەكەلگەن يوشۇرۇن ۋەيرانچىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر بولدى. ئۇلار ئاشكارا تۇستە ئىپادىلەنمىدى. ئەمما «ئاپەتلىك ئون يىل» - «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئۈزۈلمەس قالايمىقان سىياسىي ھەرىكەتلەر خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان دەرىجىدە قورقۇنچاق، سەزگۈر قىلىۋەتتى. ھەقىقىي ساغلام تۇرمۇش قاراش - ئەقىدىسى بىزدە شىددەت بىلەن تەۋەنلەپ كەتتى. بىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاق سەممەرىلىرىگە فېئودالىزمنىڭ

---

① ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي: «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل ئىيۇل نەشرى.

② باشتاق - باشباشتاق، بەڭۋاش، كەپسىز مەنىسىدە (خوتەن شېۋىسى).

③ ئادىل ئابدۇقادىر: «ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 - يىل 3 - سان.

www.uyghurkitap.com

قالدۇقى، كونىلىق، جاھالەت، خۇراپىلىق تامغىلىرى بېسىلدى. ئەنئەنۋى جىنسىيەت، نىكاھ، ئائىلە، قىممەت قارىشىنى زامانىنىڭ ئارقىسىدا قالغان كونىلىق، خۇراپىلىق دەپ ئېزىپ چۈشەندۈرۈلدى. «ئاپەتلىك يىللار»غا خاتىمە بېرىلىپ، «ئېچىۋېتىش»، «ئىدىيە ئازادلىقى» يولغا قويۇلۇۋېدى، بۇنى ئەكسىچە چۈشەنگەن بەزى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىپ، ئەنئەنۋى قىممەت قاراشلىرىمىزدىكى تەۋەررۇك ئەخلاق ئادەتلىرىمىزنى سۆكۈش، ئۇلارغا فېئودالىزمنىڭ قالپىقىنى كىيگۈزۈپ، تىللاپ، قارغاپ چىقىش، ئاتالمىش يېڭىلىق ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنى كۈيلەش، مەدھىيىلەش مودىغا ئايلاندى. خەلقىمىزدىكى ئەنئەنۋى قىممەت، مەدەنىيەت قارىشىغا بولغان چۈشەنچە، ساداقەت، ئېتىقاد ناھايىتى زور دەرىجىدە تەۋرەنلەپ كەتتى. تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان بەزى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە ئۈن ـ سىن ۋاستە ـ بۇيۇملىرىمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقىي يىمىرىلىشنىڭ تېزلىشىشىگە مەلۇم ھەسسە قاتتى. تېلېۋىزورلاردا غەربنىڭ يېرىم يالىڭاچ فىلىملىرى كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئاتا ـ بالا بىر يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشتىنمۇ ئەنسىرەيدىغان دەرىجىدىكى شەھۋانىلىقى كۈچلۈك فىلىملەر ئېكرانلىرىمىزنى بۇلغىغىلى تۇردى. ئەزەلدىن جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ نەرسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا كۆرسىتىلىۋاتقان ئىشلاردىن خىجىل بولاتتى. ئەمما بۇنى نېمدەپ چۈشەندۈرۈشنى ئەسلا بىلەلمەيتتى. بۇ توغرىدا گەپ ئېچىشتىن ئەيمىنەتتى. ئىككى ئىت كوچىدا جۈپلەشسىمۇ چالما ـ كېسەكتە ئۇر ـ قاچ قىلىپ كۆنۈپ قالغان بۇ خەلق ئېكراندىكى ئادەملەرنىڭ ئۇيالماستىن قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى ئەدەبلىيەلمەيتتى. ئىچىدە تىللاپ باشقا ياققا قارىۋالاتتى، قانال ئالماشتۇراتتى ... باللار خىجىل بولغاندەك قىلاتتى، قىزىقسىنىپ ئوغرىلىقچە قارايتتى، يەرگە قارىۋالاتتى، كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى خىيال قىلىپ يۈرگىنىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلەتتى ...

ئەقىدە تەربىيىسىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈشى، ئەنئەنۋى ئەخلاق، مەدەنىيەت قارىشىنىڭ يەكلەشكە ئۇچرىشى، نوقۇل ئەقلىيچىلىكنى بەلگە قىلغان پەنگە چوقۇنۇشنىڭ كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، قارىقويۇق ئىقتىسادىي قىزغىنلىقنىڭ بىنورمال يۆنىلىشتە ئەۋجىگە چىقىشى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنىڭ ئەقلىيلىكتىن ھالقىپ چەقالماسلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىلنىڭ تەسىرىدە كۆپ ئۆتمەي تۇرمۇشىمىزمۇ ئېكرانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئەمدى ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ قولتۇقلىشىپ مېڭىشلىرىنى ئۇنچىۋالا ھار ئېلىپ كەتمەيدىغان بولدى، بۇنى ئادەتتىكى ئىش، زامان شۇنداق بوپكەتتى، دەپلا قويىدىغان بولۇشتى. كىشىلەر جىنسىيەت ھەققىدە خۇپىيانە، پەس ئاۋازدا ئەمەس ئاشكارا سۆزلىشىدىغان بولدى. جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئېلانلىرى، قىزلىق پەردىسى سېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ھەققىدىكى ئېلان، ئۇچۇرلار قۇلاقنى ئەتسىمۇ ياڭراپ، كۆزنى يۇمۇۋالسىمۇ، مانا مەن قېشىڭىزدىلا، دەپ دىغراپ تۇرىدىغان ھالغا يەتتى. 14 ـ 15 ياشلىق قىزلارنىڭ ھامىلدار بوپقالغانلىقى، كىيىملىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئېچىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، توختاۋسىز غىدىقلىنىش، ھايا-

جانلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەرلەر ئىچىدىكى جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىشى، قۇۋۋەت دورىلىرىنىڭ بازار تېپىشى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى نامىدىكى شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانىلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، ئائىلە ئورنىنىڭ تەۋرىنىشى ... قاتارلىق ھادىسىلەر بىزدە ئەڭ ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئەيدىز، سىفلىس ۋە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان جىنسىي كېسەللىكلەر، تۈرلۈك روھىي كېسەللەر جەمئىيىتىمىزنى قاپلىدى. ئائىلىلەر ئېغىر كرىزىسقا دۇچار بولدى. ئاجرىشىش، جىنسىي زوراۋانلىق ۋە جىنايەت نىسبىتى تىك سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، 1960 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە غەرب دۇنياسىدىكى ئاجرىشىش نىسبىتى توي قىلىش نىسبىتىگە قارىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولغان، ھارامدىن تۇغۇش نىسبىتى بولسا تۆت ھەسسىدىن ئالتە ھەسسىگىچە كۆپەيگەن. يەنى 1800 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ بەش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن ھارامدىن تۇغۇش ھادىسىسى 1992 ـ يىلغا كەلگەندە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بولسا ئالتە ـ يەتتە ھەسسىگىچە كۆپەيگەن ①. بىزدە بۇ خىل ستاتىستىكىلارنى تاپماق بەكمۇ تەس. ئەمما 25 مىڭ نوپۇسى بار بىر يېزىنىڭ يىللىق تويلىنىش، ئاجرىشىش ئەھۋالىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىن ئىگىلىشىمچە، توي قىلغانلار سانى 200، ئاجراشقانلار سانى 80 ئەتراپىدا بولغان. ئاجراشقانلارنىڭ % 95 تى ياشلاردىن بولغان. يېزىلاردا خەلق ئىشلار تارماقلىرىغا تىزىملاتمايلا ئاجرىشىپ، يەنە خوتۇن ئېلىۋالىدىغان ئىشلار ھېلىھەم مەۋجۇد. بۇ، ئۈرۈمچىدىن ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى ناھايىتىمۇ چەت، ئەنئەنۋى ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچى رولىنى يوقاتمىغان سەھرادىكى نىسبەت. شەھەرلەردىكى، ئەخلاقنىڭ رولى بارغانچە كۈچىدىن قېلىۋاتقان جايلاردىكى نىسبەت قانداق چىقىشى مۇمكىن؟ ئېنىقلاش مۇمكىن بولمايدىغان خۇپىيانە جىنسىي زوراۋانلىقلار، بۇزۇقچىلىقلار، ھارامدىن تۇغۇش، نىكاھسىز يېقىنچىلىق قىلىش، شەھەرلەردىكى ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىشرەتخانىلار ۋە ئۇ يەرلەردىكى بۇزۇقچىلىقلارنى ئېنىقلاپ، مۇھاكىمىگە قويساقچۇ؟ دېمەككى، بىزدىكى مەسىلە كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەن بىر دوختۇرنىڭ ھازىرقى ياشلارنىڭ %90 ى جىنسىي كېسەل دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ شىفېڭ بىر قېتىملىق دەرستە ناھايىتىمۇ كەسكىن قىلىپ: «ئەگەر خەنزۇلارنىڭ، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇرمۇش ئادەت ـ يۈزلىنىشى مۇشۇ بويىچە داۋاملىشىدىغان بولسا، 50 يىلدىن كېيىن جۇڭگولۇقلار پەرزەنت كۆرەلمەسلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ، بۇ قارىشىنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان يەڭگىل ھۆكۈم ئەمەس، بەلكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس ـ ئالىملارنىڭ

---

① JKalb. org تور بېتىدىكى «ئەنئەنە جاھىللىقى» ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن.

يېرىك تەتقىقات نەتىجىسى، مەدەنىيەت تەھلىل ـ ئىستراتېگىيىچىلىرىنىڭ قايناپ تۇرۇپ ئېلىپ بارغان ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىنىڭ يەكۈن ـ پەشمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنى دەلىللىگەندەكلا، تەكشۈرۈش ئارقىلىق % 40 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۇرۇقى يوچەك چىقتى ①. ئەجەبا، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ قانداق تۇرمۇش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت؟ جىنسىيەتكە، تۇرمۇشقا قويۇۋاتقان قايسى خىل ئۆلچەم بىزنى، كىشىلەرنى مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق گىردابلارغا سۆرەۋاتىدۇ؟ بىز دەۋاتقان تەرەققىيات، يۈكسىلىش بۇ ئەمەستۇ؟ شەك ـ شۈبھىسىزكى، «بۇ، روھ ئايىنىغاندىن كېيىنكى تەننىڭ ئايىنىشىدۇر» ②. ئادەمدە ئەقىدە ـ ۋىجدان قالمىغاندىلا ھارامنى، زىنانى، بۇزۇقچىلىقنى، كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە راۋا، دۇرۇس كۆرىدۇ.

جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاپەت سۈپىتىدە يامرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمەسلىكى، ھەتتا زامان تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بوپكېتىۋاتىدۇ، دەپ بۇنى بىغەملەرچە دەۋرگە ۋە ئاتالمىش مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا يۈكلەپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم تۇتۇپ يۈرۈۋېرىشى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى جىنسىيەتكە تولىمۇ كۈچلۈك ئېھتىيات ۋە قاتتىق ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە جىمجىت سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەنگىلىيىدە، يېقىنقى بەش يىل مابەينىدە داۋالاش كەسىپلىرى ئىچىدە جىنسىي كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك داۋالاش كەسىپلىرى ۋە شۇ ساھەدە مەخسۇسلاشقان دوختۇرخانا، بۆلۈملەر ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان، كېڭەيگەن، بىمارلىرى ئىزچىل كۆپەيگەن. بىز «بوغدا دوختۇرخانىسى»نىڭ ئىنتايىن قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، زورىيىپ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە تارماق دوختۇرخانىسى بار زەنجىرسىمان داۋالاش لىنىيىسى شەكىللەندۈرگەنلىكى، بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىغا قاراپ باقساقلا مەسىلىنىڭ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بۇ مەسىلە، كېسەللىكلەر قانداق پەيدا بولدى؟ ئەجەبا بىزدىكى ئەقىدە ئۆلدىمۇ؟ ئەخلاق شۇ قەدەر ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ۋە ياكى جىنسىيەت راستىنلا ئېچىلىشى، كىشىلەر ئۆزلىرى خالىغان، بىلگىنىنى قىلىپ ياشاپ ئۆتۈۋېرىشى كېرەكمۇ؟

گەرچە غەرب ئەللىرىدە كەڭ ئەۋج ئالغان جىنسىي بۇزۇقچىلىقلار بىزدە تېخى مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلىپ، ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەۋجۇد مەسىلىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە خەتىرىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ پسىخىكىسىغا، نورمال پائالىيىتىگە، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكىگە، مەدەنىيەت، ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ئوخشىمىغان شەكىل، كۆلەمدە زور تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭىدىن يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا. كىشىلەر گاڭگىرىماقتا، نېمە قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي نائىلاج ھەممىنى دەۋرگە ئارتىپلا بولدى قىلماقچى بولۇشىدۇ، داۋالاشقا يۈگرىشىدۇ ياكى زاماننىڭ بۇزۇلغىنىدىن زارلاپ، قاقشاپ، ئاخىرىدا يەنە پەسكويىغا چۈشۈپ ئۆز دۇنياسىغا چۆكۈپ كېتىشىدۇ. نۇرغۇن كىشى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىسىنى ئەمدى تۈزەش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ. ۋەھالەنكى، مەسىلە بولغانىكەن، جەزمەن ھەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. ھەل بولماسلىق مەسىلىنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىدا ئەمەس، ھەل قىلغۇچىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا.

ئۇنداق بولسا، جىنسىيەتكە باغلانغان بۇ كرىزىسلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

بىر يازغۇچىمىز بىزدىكى جىنسىيەت ھەققىدىكى بەدىئىي مۇلاھىزىسىدە بىر قاتار دېلولارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ دېلولارنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىشى مۇشۇ دېلولارنىڭ سادىر بولۇشىغا زېمىن بولغان مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىمىز، ئەنئەنىۋى جىنسىي قاراشلىرىمىز، جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىز ۋە جىنسىي پسىخىكا زەئىپلىكىمىز، ۋەھاكازالار توغرىسىدا قاتتىق ئېچىنىش كەيپىياتى ئىچىدە ئۇزاققىچە ۋە چوڭقۇر ئويلانماي قالمايدۇ. ئۇ يازغۇچىمىز جەمئىيىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي قاباھەتنىڭ يىلتىزىنى مەدەنىيىتىمىزدىن ئىزدەيدۇ. ۋەھالەنكى، مەن مەدەنىيىتىمىزدىكى جىنسىي ئەخلاق، پرىنسىپ ـ قاراشلارنىڭ كىشىلەرنى جىنسىي بۇزۇقچىلىققا، زوراۋانلىق، جىنايەتكە يېتەكلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس، تولۇقى بىلەن رىئايە قىلىپ، ئۇنى ھاياتلىقتىكى مۇتلەق مىزانغا ئايلاندۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جىنسىيەتكە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە كەلگەندە نىكاھنى، قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى، زىنا قىلىش، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئايالىغا قاراشنىمۇ چەكلەپ كەلگەن. نىكاھتىكى ئىككى تەرەپنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى مۇھىم شەرت، جامائەت گۇۋاھلىقىنى ئاساس قىلغان. يېتەرلىك مەھرى بېرىش، ئاجرىشىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئۇنى ئەسكى چاپاننى چۆرىگەندەكلا قوغلاپ چىقارماستىن، ئايالنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلىشىش، ئۇياتلىق يەرلەرگە قارىماسلىق، ھەتتا ھاجەت بولمىسا خالىغانچە تۇتۇپ سىلىماسلىق، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھارام يولغا ماڭماسلىق، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئۆزىنى قاتتىق تارتىش، مەنىۋى بۇلغىنىش ۋە يامان خىياللارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ھاياتلىقتا پاكىز، رەتلىك، مەنىلىك ياشاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قۇربى يەتسە ۋاقتىدا كۆڭۈلدىكىدەك، مۇۋاپىق بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ھاياتنى قامداش، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ساقلاش... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەخلاق تۈزۈم ـ پرىنسىپلىرىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا تىرىشقان. ھالالدىن بولمىغان ھەر قانداق جىنسىي پائالىيەتنى

---

① «ئورۇقلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى»، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس تەرجىمىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىل 5 ـ سان.

② ئابدۇرېھىم دۆلەت: «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 3 ـ سان؛ «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلىقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل مارت نەشرى.

www.uyghurkitap.com

قاتتىق چەكلىگەن، ئېنىق جازا تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈكلۈقىنى، ئائىلىنىڭ، نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئەخلاقنىڭ چەكلەش كۈچىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. ئەمما نىيىتى دۇرۇس، ئېتىقادى پاكىز، قەلبى تازا، ئەخلاقى ياخشى بولمىغان ئادەملەر يوشۇرۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلغان، ھاياتلىقتىكى مۇقەددەس پرىنسىپلارنى بۇزغان، باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا چېقىلغان، ھارام نىيەتتە بولغان. ھەتتا پاھىشىخانىلارمۇ ئېچىلغان، بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارمۇ بولغان. بۇ، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. ئەمما ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئەخلاقى چىرىكىن، بەتبەخت ئادەملەرنى بۇ خىل جىنايەت يولىغا ماڭدۇرغان بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەمەس! بىزنىڭ ئېتىقاد ئەمەس! بىزدىكى جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمى، قاراشلىرى تېخىمۇ ئەمەس! نېمە قىلغۇلۇك كەلسە ھالاللاپ ئېلىپ قانغۇچە قىل، ئالالمىساڭ ئۆزۈڭنى، كۆزۈڭنى، نەپسىڭنى يىغ، ئۆزۈڭنى، ئۆزگىنى، جەمئىيەتنى بۇلغىما، دەپ تۇرىدىغان پرىنسىپنى مۇتلەق مىزان قىلغان بىزنىڭ مەدەنىيەت مۇنداق چىدىغۇسىز ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەيدۇ ھەم ھەرگىز كۆتۈرمەيدۇ. كىم مەدەنىيىتىمىزدە باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا پوخۇرلۇق قىل، زىنا قىل، دەيدىغان گەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتىكەن؟ بىزنىڭ جىنسىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدە نىكاھسىز پېتى يات جىنسقا يېقىنلاشسا بولۇۋېرىدۇ، دەيدىغان گەپنىڭ ئۇرۇق ـ پۇچىقىمۇ يوق. ئېتىقادنىڭ لەنىتى بۇزغۇنچىلىرى، مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىك مىتىلىرى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈن ئىجراچىلىرى سادىر قىلغان خاتالىق مەدەنىيەتكە، ئەخلاققا يۈكلەنسە بۇنى زادى نېمە دېگۈلۈك؟

يۇقىرىقى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان يازغۇچىمىز بىزدىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بالا ـ قازا سۈپىتىدە زاھىر بولۇۋاتقان پاجىئەنى «جىنسىي ساۋاتسىزلىق»دەپ ئاتايدۇ ۋە: مۇبادا بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىز، جۈملىدىن جىنسىي تۇرمۇشىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىسا، يېتىشەلمىسە، ئۇ ھالدا بىز دەۋرنىڭ سىرتىدىكى تاشلاندۇق «بوشلۇق»تا تىنەپ ـ تەمتىرەپ، مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ، بىر ئىزىمىزدا چۆرگىلەپ قېلىۋېرىمىز، ئەسىر بىزگە بەخش ئەتكەن تەرەققىيات ۋە ئەلالىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىمىز، دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن شۇنى سورايمىزكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىزغا نېمە تەلەپ قويۇپتۇ؟ بىز يېتىشەلمىگۈدەك ئۇ قايسى باسقۇچقا بېرىپ يېتىپتۇ؟ ئۇ بەلكىم جىنسىي جەھەتتىكى بىلىم ـ ساۋاتلار بىلەن تەربىيىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك. نېملا بولمىسۇن، ئۇ يازغۇچى بىزدە ئايان بولۇۋاتقان بىر قىسىم جىنسىيەتكە باغلىنىشلىق پاجىئەلەرنى ئىزاھلىغان ۋە بۇ خىل پاجىئەلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنسىي ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا ئېلىپ كىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ماقالە ـ تەشەببۇسلار كۆپىيىپ، بەلگىلىك پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىدى.

مەن توساتتىن شۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدىم: جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، چىرىكلىشىش، جىنسىي بۇزۇقچىلىق، يامراۋاتقان كېسەللىك، زەئىپلەشىۋاتقان تەن، چۈشكۈنلىشىۋاتقان روھىيىتىمىزنى راستىنلا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولارمۇ؟ ياكى بۇ بىر يېڭى ئاپەتنىڭ باشلىنىشى بوپقالارمۇ؟

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەيلى كىمنىڭ پىكىر ـ قارىشى بولسۇن، بۇ، تەگ ـ ماھىيىتىدىن ئالغاندا بىزدىن چىققان پىكىر ـ قاراش ئەمەس. يەنى جىنسىيەت تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جىنسىيەتنى بەلگە، مەنبە قىلغان مەنىۋى ئەخلەت، بالا ـ قازالارنى تازىلاش تەشەببۇسىمۇ جىنسىيەتنى بازارلاشتۇرۇش، ئېچىش، قويۇۋېتىش ئىدىيىسىگە ئوخشاشلا غەربتىن كەلگەن ھارام تۇغۇندى. بىزدىكى قىزىققان ھەۋەسكارلار غەربلىك يېڭى مەدەنىيەت بايراقدارلىرىدىن بىر نەچچىسىنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىدىن ئاز ـ تولا ئۈزۈندىلەرنى ئوقۇغان بولۇشى تەبىئىي ۋە شۇنىڭ ئەس ـ ھاياجىنىدا سۆزلەپ كەتكەنلىكى ئېنىق. جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەردە بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىسمىنى تولا ئاڭلىغان، چوڭ بىلىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىدىيە ـ مەپكۇرىسى ھەققىدىكى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىغان شەخس ئاۋستىرىيىلىك دوختۇر، روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سىگمۇند فرېئۇدتۇر. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە مۇپەسسەل بىر نەرسە بىلىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا بولغان بىلەن، «يوشۇرۇن ئاڭ»، «چۈش تەبىرى»، «روھىي ئانالىز»، «سەنئەت ـ چۈش دېمەكتۇر»، «جىنسىيەت» ... دېگەندەك ئۇقۇم ـ ئاتالغۇلارنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل ئىجادىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىخلاسمەن مۇرتلارمۇ ئاز ئەمەس. بىز يېقىنچە شېئىرىيەت ۋە شۇ مەزگىلدە مەيدانغا چىققان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ماقالە، ھېكايە، نەسرلەرگە شۇنداقلا قارىساقلا، پۈتۈنلەي سۇبيېكتلاشقان، سىمۋوللاشقان، روھقىلا ئالاقىدار سۆز ـ جۈملىلەردىن بۇنىڭ تەسىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بايقايمىز. گەرچە فرېئۇد روھىي ئانالىز ئىلمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بىر ئۆمۈر دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى ياۋروپادا غۇلغۇلا قوزغىغان، ئەمما كىشىلەر تەرىپىدىن دېگۈدەك قوبۇل قىلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر قاتارىدا سانالدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى غەربتە پەقەت بىر نەزەرىيە سۈپىتىدە قارالغان بولسا، بىز ئۇنىڭ سادىق ئىجراچىلىرىغا ئايلاندۇق. ئەمما ئۇنىڭ قاراشلىرى قانداق، ئۇ زادى بىر مەدەنىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە ھەقىقىي تۈستە ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەقلىق، ئىلمىي قاراشمۇ ـ ئەمەس، بىزلەر ئۇنىڭغا زادى قانداق مەۋقەدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەندەك تېمىلار ھەققىدە ئاز ـ تولا مۇنازىرە بولۇپمۇ ئۆتمىدى. ئۇ ھەقتىلا ئەمەس، باشقا ھەرقانداق يېڭى ئىدىيە، نەزەرىيە ھەققىدىمۇ بىزدە ئەكېلىش، قوبۇل قىلىشنىلا بىلىپ، تاللاش ۋە شاللاش ھەققىدە تۈزۈك ئىلمىي پاراڭ ھاۋاسى يوقنىڭ ئورنىدا بوپكەلدى. بۇ ئەلۋەتتە قىممەت قارىشىمىزنى تېخىمۇ تېز كېرەكتىن چىقىرىدۇ. ئىستېمالدىكى قارا ـ قويۇق قوبۇللاش تەنىنىمۇ، روھنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە كاردىن چىقىرىدۇ. بىزدە «ئاز يېگەن توق يەر،

جىق يېگەن پوق» دەيدىغان ھېكمەت بار. بۇ، تاللاپ، چېكىپ، ئويلىنىپ قوبۇللاشقا قارىتىلغان.

خوش، ئۇنداق بولسا، پۈتكۈل دۇنيادا جىنسىيەتنىڭ جەمئىيەتلەشىشىگە، ئېچىلىشىغا ۋاستىلىك يول باشلىغۇچى، دەپ قارىلىدىغان فرېيۇدنىڭ ئىدىيىسى قانداق؟ بىزنىڭ ئاقىللار تەشەببۇس قىلغاندەك جىنسىيەت ھەققىدىكى بىلىم ـ ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەكتەپلەردە مەخسۇس دەرس تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ساغلام جەمئىيەت قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل، تاللاشمۇ؟ ئېچىلىۋاتقان جىنسىيەت ۋە ئۇ كەلتۈرۈۋاتقان ئاپەتلەرنى جىنسىيەتنى يەنە ئېچىش، جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ باشقىلارغا يېتىشىش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟

بىزدە پەيدا بولغان «جىنسىيەتتە تەرەققىي قىلىپ يېتىشىۋېلىش»، «جىنسىيەتنى ئېچىش»، «دەرسخانىلارغا جىنسىيەتنى ئەكىرىش»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ئەركىن قويۇۋېتىش» ... ھەققىدىكى چاقىرىق، تەشەببۇسلار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ماھىيەتتە ئاتالمىش غەربچە ئەركىن تۇرمۇش شەكلى، ئەركىن قىممەت سىستېمىسىنى قوغلىشىش ئارزۇسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى؛ فرېيۇد، ئوشۇ، لاۋرېنسلارنىڭ جىنسىيەت، مۇھەببەت قارىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا جاكارلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئەمدى ئۇلار ئىنتىلگەن تۇرمۇش شەكلى، ئۇلارنى زۇۋانغا زورلىغان قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە بىر قۇر توختىلىپ ئۆتىمىز.

17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى غەرب دۇنياسى خرىستىئان دىنىنىڭ قاتتىق كونترول قىلىشى ئىچىدە ئۆتتى. پوپلارنىڭ، چېركاۋ روھانىيلىرىنىڭ ھەر بىر سۆزى مۇقەددەس سانالدى. ئۇلار ئۆز مەپكۇرىسىغا چۈشمىگەن ياكى ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن ھەر قانداق نەرسىنى بار كۈچى بىلەن ئىنكار قىلدى، چەتكە قاقتى، دىن دىنغا ئوخشىماي قالدى. ئىتالىيىدە كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە ياۋروپادا ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت، ئىزدىنىشلەر ئاستا ـ ئاستا غەرب دۇنياسىنى ئويغىتىپ تاشلىدى. مارتىن ليۇتېر كىڭنىڭ دىنىي ئىسلاھاتىدىن كېيىن دىن ئاستا ـ ئاستا شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. چېركاۋ بىلەن جەمئىيەت بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتتى. غەرب دۇنياسىدا ئەركىن قىممەت قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاپتى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسى ۋە ھاياتلىق مىزانىغا ئائىت ئېتىكىلىق قاراشلاردىن بەكرەك شەخسنىڭ ئارزۇ ـ ھېسسىياتىغا مايىل خۇسۇسىي خاھىش، ئەقلىي تەجرىبىچىلىك ۋە تەتقىقات كەڭ قانات يايدى. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي، روھىي تەجرىبە، خۇلاسىلىرىدىن كەسكىن گۇمانلىنالايدىغان ۋە يېڭى ـ ئۆزگىچە تەھلىل، تەسەۋۋۇر، خۇلاسە، يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان جۈرئەت غەربلىكلەرگە دۇنيانىڭ ماھىيىتى، شەكلى، بەرپا بولۇشى، ئادەمنىڭ تەبىئىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ... قاتارلىقلارنى باشقىچە تەرزدە كۆرسەتتى. پۈتكۈل دۇنيا بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئوي ـ خىيال، تەسەۋۋۇرىغا ئەگىشىپ كېتەيلا دېدى. كىشىلەر ھاياتلىقتا رىئايە قىلىدىغان مىزان ـ تەرتىپلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئۇلارنىڭ ھاياتتىن ئىزدەيدىغان مەنە ـ ئېھتىياجلىرىنىمۇ، تۇرمۇشقا قويىدىغان تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. قۇدۇققا مەھكۇم پاقا دۇنيا ۋە ماھىيەت مۇشۇ، دەپ بىلىدۇ، شۇنىڭغا يارىشا ھەرىكەت قىلىدۇ. لاچىن پەرۋازدىن بۈيۈكلۈك، كۆكتىن يۈكسەكلىكنى بىلىپ ھېس قىلىدۇ ۋە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە قانات قاقىدۇ. «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىق، چۈۋىنىڭ قونار جايى يوق ـ سۈيدۈك». چۈۋىن پوق ـ سۈيدۈكتىن راھەت ئىزدەيدۇ، ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىدىن ھاياتنى زوقىغا ئورايدۇ.

غەرب دۇنياسىدىكى تۇرمۇش مەنتىقىسىمۇ غەربتە مودا بولغان ئېقىم ـ ئىدىيىلەرنىڭ ناھايىتى زور زەربىسىگە ئۇچرىدى. گەرچە بىر ـ ئىككى شەخس مەلۇم بىر جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىنى، يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ، ئەمما بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى ئەكېلەلەيدۇ. فرېيۇدنىڭ نەزەرىيىسى كىشىلەرنى مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى، ئەتىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش رامكىسى بىلەن تەمىن ئەتمىدى. ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مېكائىل روس ئۆزىنىڭ «فرېيۇد: مەدەنىيەت ۋە توقۇنۇش» ناملىق كىتابىدا فرېيۇدنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «روھىي ئانالىز سەرخىللارنىڭ ۋە مودا مەدەنىيەتنىڭ، سىياسىي، رومانتىكا، يوشۇرۇن ئاڭ، ئاڭسىزلىقنى ئىپادىلەشنى تۈپ نىشان قىلغان رەسساملىق، شۇنداقلا كۈلكىلىك، بىمەنە ئىشلارنى مەقسەت قىلغان كارتونچىلىقنىڭ قوغلىشىدىغان مۇھىم ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالدى» ① . ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ روھىي كېسەللەرنىڭ پىسخىك بىنورماللىقىنى داۋالاش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان، ئوتتۇرىغا قويۇلغان «روھىي ئانالىز»، «ئاڭسىزلىق»، «چۈش تەبىرى» ۋە جىنسىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قاپلاپ كەتتى. گەرچە ئۇ فرېيۇدىزم سۈپىتىدە تارقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ئېقىم ـ كاتېگورىيىلىرىگە ئۈنسىز سىڭىپ كەتتى. ئاڭسىز، ئىدراكسىز كىشىلەرنىڭ روھىي بەرباتچىلىقى نورمال، ساغلام كىشىلەرنىڭ قوغلىشىدىغان، قىزغىن بەھس قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بەلكىم فرېيۇد ئۆزىمۇ مۇنداق بولارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

فرېيۇد بىر ئۆمۈر روھىي كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان دوختۇر. ئۇ، بۇ جەرياندا كىشىلەردىكى روھىي تۇسالغۇ، بېسىلىش، سىقىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللار ئۈستىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە بىر قاتار ئوي ـ خىياللىرىنى، روھىي كېسەللەرنى پىسخىكىلىق داۋالاش جەھەتتە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە ئۇ، بۇ نەزەرىيىلەرنى بىر خىل ئىلمىي قىياس، ئايرىم، بىنورمال كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان روھىي بەرباتچىلىق،

---

① «20 ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، «ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى»نىڭ 2003 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرىگە بېرىلگەن نەقىل.

www.uyghurkitap.com

تومالغۇلارنى ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن راست ھەقىقەتتەك، ساغلام كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدلۇقىدەك قوبۇل قىلىندى. ئارىدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا فرېيۇدنىڭ نەزەرىيىسىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار بىر تۈركۈم كىشى ئۇنى باشقىچە تەرزدە سۈيىئىستېمال قىلىپ، «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كىشى فرېيۇدنىڭ «جىنسىي ئازادلىق» ھەرىكىتىگە ۋە كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشى بىلەن باغلىنىپ قېلىشىغا شۈبھىلىك كۆزدە قارايدۇ ۋە بۇنى فرېيۇدقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھاقارەت، دەپ كۈچىنىڭ بارىچە ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ھەركىمنىڭ چۈشىنىشىگە باغلىق مەسىلە. بىز تۆۋەندە فرېيۇدنىڭ جىنسىيەت ھەققىدىكى بەزىبىر قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز:

فرېيۇد بالىلارنىڭ سۈت ئېمىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى قامدىشى ماھىيەتتە «پۈتكۈل جىنسىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، «سۈت ئېمىش ئىستىكى ئەمەلىيەتتە ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش ھەۋىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئانىنىڭ كۆكسى جىنسىي شەھۋەتتىكى تۇنجى ئوبيېكت»، «بالىلاردىكى جىنسىي ھەۋەسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئانىلار تەمىنلەيدۇ» ①دەپ قارايدۇ. ئاندىن بالىلارنىڭ زوق ـ شوخ بىلەن سۈت شورىشى، ئېمىزگە ئېمىشى، قولىنى ئېمىشى ... قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ھەۋەس، جىنسىي تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇشى، دەپ قارايدۇ. بالىلارنىڭ تېپچەكلىشى، ئۆمىلىشى، كاسىسا سۈركەپ مېڭىشىدەك ئەڭ ئەقەللىي ھەرىكەتلىرىنى جىنسىي شەھۋەتنىڭ بالىلىقتىكى ئىنكاسى، دەيدۇ. ئۇ 1915 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلغىچە يېزىپ چىققان «كىرىش لېكسىيە» دە: «ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى بالىلىق دەۋر جىنسىي ئىستەكسىز، دەپ ئىشىنىپ يۈرۈشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ» دەپ يازىدۇ. فرېيۇدنىڭ شاگىرتى، شۇنداقلا تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، فرېيۇد نەزەرىيىسىگە قارشى تەنقىد ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى ۋېنالىق دوختۇر ئالفرېد ئادلېر بالىلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي قۇتراتقۇلۇق ئىمكەنلىكىنى كۈچلۈك رەت قىلىدۇ ۋە فرېيۇد تۇنجى جىنسىي ئىستەك دەپ قارىغان ئېمىش، ئانىنىڭ كۆكسىگە ئىنتىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ يېتىلىشىگە بولغان تۇغما پوتېنسىئال (ئىچكى) كۈچى، دەپ قارايدۇ ۋە «ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىنتايىن كۈچلۈك ئېچىرقاش سېزىمى بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. كىچىك، ئاجىز بالىلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا چوڭ بولغۇسى، كۈچەيگۈسى كېلىدۇ. بۇ خىل تۇغما، تەبىئىي ئىنتىلىشكە جىنسىيەتنىڭ تامغىسىنى بېسىش ئىلمىگە، ئىنسانغا قىلىنغان كەچۈرگۈسىز ھاقارەت» ② دەيدۇ.

فرېيۇد يەنە: «بالىلار تۇغۇلۇپ جىنسىي سەزگۈ ئەزا سۈپىتىدە زاھىرلىنىدىغان ۋە قەلبتە جىنسىي تەلەپ ئويغىتىدىغان تۇنجى ئەزا ـ ئېغىز» ③دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭچە، بالىلاردىكى جىنسىي ھەۋەس ئېغىزدا زاھىر بولاتتى ۋە ئېغىز ئارقىلىق قاندۇرۇلاتتى. تاماق يېيىش، ئېمىش، سۈت شوراش، قولىنى ئېمىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جىنسىي ئالاقە، جىنسىي شەھۋەتنىڭ قاندۇرۇلۇشىدىن باشقىچە نەرسە ئەمەس ئىدى. ئېغىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ئەزا سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى كىشىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغايدۇ، قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا لەنتەگەردى بەچچىلەر ھەقىقەتەنلا پاكىز، ھالال تائام يېيىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئېغىزنى رەسۋالارچە بۇلغىدى، بىر ـ بىرىنىڭ ئەۋرىتىنى شوراپ، يالىدى، ئاققان خۇن ـ زەرداپنى ئىچىشتى ④ .

فرېيۇد يەنە ئوغۇللاردا ئودىپوس دەۋرى ـ ئانىسىنى دادىسىدىن كۈنلەش يەنى ئانىسىنى يالغۇز ئىگىلەشنى ئويلايدىغان باسقۇچ بولىدۇ، دەپ قاراپ، دادا بىلەن بالىنى بىر ئايال ئۈچۈن خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى ھايۋانىي كۈچ سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. پۈتكۈل ئاياللارنى بولسا دادىسىنىڭ ھاياتىدىكى ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا تەلپۈنىدىغان بويسۇنغان مەخلۇق، دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇنىڭچە، بارلىق قىزلار دادىسىغا خوتۇن بولۇش ئىستىكىدە پۇچۇلىنىدىغان، بارلىق ئوغۇللار ئانىسىنى خوتۇن قىلىشنى، يالغۇز ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرىدىغان كۈچلەردىن ئىدى. ئائىلە ئىنسانىي قان ـ قېرىنداشلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۈزۈلمەس مەنىۋى بىرلىك ئەمەس، بىر ـ بىرىگە خىرىس، ھەسەت، كۈنلەمچىلىك قىلىپ تۇرغان شەھۋانىي كۈچلەرنىڭ يىغىندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مارىن كزېگدى ماسزاك ئۆزىنىڭ «ئەدىپۇى ھۆكۈمران» ناملىق ماقالىسىدە فرېيۇدنىڭ ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىستىكى ھەققىدىكى يۇقىرىقى قارىشىنى «كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق» دەپ يازىدۇ ⑤ .

فرېيۇد يەنە: «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد، مۇراسىم، ئەخلاق، تەرتىپ ـ مىزانلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىدىن تۇغۇلغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. بارلىق ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئۆرلەپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئىنساننىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ بېسىلىشى، قاندۇرالماسلىقى سەۋەبىدىن باشقىچە چىقىش يولى ئىزدەپ ئېقىشى نەتىجىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن» ⑥ دەيدۇ. فرېيۇدنىڭ ياقىلغۇچىلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، دېمەككى «فرېيۇدنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى جىنسىي ئازادلىق ئىدىيىلىرى

---

①، ③ «فرېيۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئاۋغۇست 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

② «20 ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، «ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى» 2003 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

④ lnoohr. org تور بېتىدىكى «بەچچىلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات»قا قارالسۇن.

⑤ «تالانتنىڭ سىرى»، «ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى»2003 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

⑥ «فرېيۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئاۋغۇست، 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىدىيە. ئۇ، كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جىنسىي تەلەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىشىنى ياقلايدۇ» ① دەيدۇ. ئەمما سەل كاللىسى بارلا كىشى فرېئۇدنىڭ ھاياتلىقتىكى ھەر قانداق بىر ھەرىكەت، تىنىق، رەڭ، ھەتتا نەقىشلەردىنمۇ جىنسىي مەنە ئىزدىشىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن، نەزەرىيىسىنىڭ توغرا قىممەت قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىدىن گۇمان قىلماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «جىنسىي ئەخلاق ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەشۋىشى»ناملىق ماقالىسىدىكى مەدەنىي جىنسىي ئەخلاق (بېسىلغان جىنسىي شەھۋەت)نىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس ئەندىشىسى، ۋەھىمىلىك بايانلىرى كىشىنى ئىختىيارسىزلا، ئۇنداقتا جىنسىيەتنى ئۆز مەيلىچە قويۇۋېتىش كېرەككەن ـ دە، دېگەن خىيالغا ئەكېلىپ قويىدۇ. ئەمما ئۇمۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېمەيدۇ. بەلكى بېسىلىشنىڭ يامانلىقى، زور خەۋپ ئەكېلىدىغانلىقى ھەققىدە تىنىماي گەپ ساتىدۇ. «نىكاھتىن ئىلگىرىكى قاتتىق پەرھىز قىز ـ ئاياللارغا تېخىمۇ ئېغىر خەۋپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن قىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنىلا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ جىنسىي بېسىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغىنىدىن بولغان، دەپ قارايمەن» ② دەپ يازىدۇ. ئەجىبا بۇ، ئەي ئاياللار، ئاچ، نىكاھتىن ئىلگىرىكى پەرھىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئۆزۈڭنى قىيناپ، خارلىما، بېسىمدىن قۇتۇل، ئەقلىڭنى، زېھنىڭنى قۇتۇلدۇرۇۋال، دېگەن بولماي زادى نېمە؟

فرېئۇد ئىنسان ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتە نوقۇل ئۇنىڭ تەبىئىي بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىلا ئاساس قىلىۋېلىپ، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا سەل قارىغانىدى. نىكاھ مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا ئادىمىيلىك، مۇھەببەت، ئەخلاق، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك پرىنسىپى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتى، خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش نۇقتىسىدىن باھا بەرمەستىن، نوقۇللا جىنسىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاشقانىدى. جىنسىيەتنى ھەر قانداق بىر مەسىلىگە قاراشتىكى لوپا ئەينەك قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭچە، جىنسىيەتتىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە ھەر قانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشى ياكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالمايتتى، جىنسىيەت بەجايىكى يەر شارىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرغان مۇتلەق كۈچ ئىدى. فرېئۇد ھاياتلىقتىكى بارچە ئىنتىلىش، مەنىلەرنىڭ يادروسىنى جىنسىيەت، دەپ ئىزاھلىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئازكەم ئون ئەسىر ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن شەرق مۇتەپەككۇرى ئىبنى سىنا: «نوقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىش مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى سۆيگەنلىك» دېگەنىدى. فرېئۇد ھاياتلىقتىكى ماھىيەت بىلەن پوست، مەنە، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىنسانىيلىقتىن چىقىپ، جىنسىيەتنىڭ ئىنساندىكى مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاران بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە يۈزلەنمەي، جىنسىيەتتىن ئىنسانغا تەزىم قىلغانىدى. فرېئۇد ئۈچۈن جىنسىيەت بەجايىكى مەككە مۇكەررەمىگە، قىبلىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ: «باللىق ئەسلىمىلىرى شۇ قەدەر خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق (ئۆزى ئىزاھلىغان جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك باللىق ئەسلىمىلىرىنى دېمەكچى)، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر مەۋجۇداتتا بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىنى قوغدىغۇچى مۇرەككەپ تور شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇ قوغدىغۇچى تور قۇرۇلمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس. بىز ئېمزىتقۇ دۇنيادا ئۆزىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىمىزنى ساقلاش، غەم ـ ئەندىشىلەردىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن بۇ قوغدىنىش تورى قۇرۇلمىلىرىغا ھەر ۋاقىت موھتاجمىز» ③ دەپ يازىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاپ، ھەتتا ئېغىز بوشلۇقى راكىغا گىرىپتار بولۇپ، 30 نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيىگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ تاماكا چېكىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە جىيەنىگە: «تاماكا چېكىش ھاياتلىقتىكى ئەڭ بۈيۈك، شۇنداقلا ئەڭ ئەرزان لەززەت. ئەگەر ماڭا تاماكا چەكمەسلىك ھەققىدە ۋەز قىلماقچى بولىدۇكەنسەن، ساڭا دەيدىغىنىم ‹كەچۈر› دېگەن» ④ . ئۇنىڭچە، تاماكا چېكىش باللىقتىكى ئېمىش، شوراش ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋامى ئىدى، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن ۋە تالاي يىلدىن كېيىن تاماكا ۋاستىسى بىلەن قايتا زاھىر بولغانىدى. تاماكا شوراشتىن كېلىدىغان لەززەت جىنسىي ئىستەكتىن بولىدىغان تەقەززالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايتتى. شۇڭا ئۇنى قەدىرلەش كېرەك ئىدى. فرېئۇد ھەممە مەۋجۇداتنىڭ بارلىق تىنىقىدىن جىنسىي بەلگىلەرنى ھارماي ئىزدەپ چىققانىدى. «گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاش، ئەمما پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خاھىشنىڭ تىزگىنسىز يامراپ كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئەمما ئاڭدىن خالىي جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى، خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى» ⑤ دەپ قارىغانىدى. ئىنسان ئۈچۈن ئاڭسىز، ئىدراكسىز جىنسىي خاھىشتىن، توسقۇنسىز جىنسىي ئىنتىلىشتىن ئېشىپ چۈشىدىغان خۇشاللىق، راھەت ئىش يوق، دەپ بولۇشىچە جار سالغانىدى. لېكىن ئۇ «قىممەت مەسىلىسىدە نىسپىيلىك قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈنمۇ زور پاسسىپ تەسىرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» ⑥ . بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ھەقىقىي چۈشەنمىگەن بىر توپ شورىكا مۇخلىس فرېئۇدنىڭ جىنسىي بەلگە ـ ئالامەتلەر، ئۇنىڭ بېسىلىشى ئەكېلىدىغان خەۋپلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام

---

① ئەلى ياقۇپ: «فرېئۇد ۋە جىنسىيەت»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 2 ـ سان.

② «فرېئۇدنىڭ پسىخىك پەلسەپىسى»، «توققۇز ئايماق» نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئاۋغۇست 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

③ ، ④ «20 ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، «ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى» 2003 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

⑤ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل فېۋرال نەشرى.

⑥ ئېرىخ فروم: «ئۆزلۈكنى ئىزدەش»، «ئىشچىلار» نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە.

www.uyghurkitap.com

ئالدى. فرېئۇد شەھۋەتخور جىنسىيەت دەۋاگەرلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەپ بەردى، شۇنداقلا نەچچە مىليون خەلقىنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە تۇرمۇش شەكلى، ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى ۋاستىلىك ھالدا كاردىن چىقىرىۋەتتى. فرېئۇدنىڭ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئازادلىقنى ئاشكارا تەرغىب قىلمىغانلىقى راست، ئەمما ئۇ كىشىلەرگە جىنسىيەتنى بېسىشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەڭ بۈيۈك لەززەت ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ ئۆزى كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلمىدى. ئەمما ئۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە تاپتىن چىققان تۇركۇم ـ تۇركۇملىگەن بايراقدار يېڭى مەدەنىيەت تەشەببۇسچىلىرى بەس ـ بەستە جىنسىي ئازادلىق، جىنسىي ئەركىنلىك دەۋالىرىنى كوچىلارغا ئېلىپ چىقتى. كىشىلەر قۇلاق يېقىپ دېيىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بۇ تېما ئېچىلىپ كەتتى. بىزنىڭ ھە دېسىلا «ئىلمىي»لىكتىن چۈشىدىغان بەزى مەۋقەسىز زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «جىنسىيەت ئاخىر بىر ئىلىم ـ پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى». گېزىت ـ ژۇرنال، ئاشكارا سورۇنلاردا بۇ ھەقتە ئوچۇقتىن ئوچۇق پاراڭ، گەپ ـ سۆزلەر بولىدىغان بولدى. جىنسىيەت كىشىلەر قورقىدىغان، ئەيمىنىپ، نومۇس قىلىپ چېقىلالمايدىغان پەرھىزكار تېما بولۇشتىن قالدى. چەكلەنگەن تېما، رايونلارغا بۆسۈپ كىرىشكە خۇشتار كىشىلەر قىلغۇسى بارنى قىلدى، كۆرگۈسى بارنى كۆردى. «كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسە دەل ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە» دەيدىغان بىدئەت جاھانكەزدى ئىدىيىلەر ھەقىقەتەنمۇ دۇنيا مىقياسىدا بازار تاپتى. كىيىملەر ئېچىلدى، ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئەۋرىتى دەپ قارىلىدىغان تەن ـ ئەزايى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاندى. نىكاھسىز بىللە تۇرۇش، ھامىلدار بولۇش، ھارامدىن بالا تېپىش، بالا چۈشۈرۈش، ئوخشاش جىنسلىقلار ئارا يېقىنچىلىق قىلىش نومۇس، گۇناھ سانالمايدىغان بولدى. ئىشرەتخانىلارمۇ ئاشكارا ئېچىلىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ خىل ئىشلار ئەمدى نومۇس، گۇناھ ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ توپ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش، ھەقىقىي، پەردازلانمىغان ئىنسانىيلىققا يۈزلىنىش ئىدى، ئۇرغۇپ چىققان شەھۋەتنى بېسىش، كىشىلەرنى قىلغۇسى بار ئىشتىن توسۇش بولسا، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئارزۇ ـ خاھىشىغا قارشى چىققانلىق، كىشىلىك ھوقۇق ـ ئەركىنلىكى، تاللىشىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق، جىنايەت ئىدى. بۈگۈن سەپسەتىلەر ئۆزلىرىگە تۇشلۇق يالغان ـ ياۋىداق نەزەرىيە ـ مەپكۇرىلىرى بىلەن مۇتتەھەملىشىپ ھەممىدىن ئۈنلۈك سۆزلەيدىغان، ئەسەبىيلىكى چېكىگە يەتكەن بىر دەۋر بولدى.

بىز فرېئۇدقا، ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەرگە نېمە دەيمىز؟ مېنىڭ ھېچ نەرسە دېگۈم يوق. پەقەت خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نېرۋا ـ روھىي كېسەللەر پروفېسسورى روبېرت ستىكگولدنىڭ مۇنۇ سۆزىنى يەتكۈزۈپلا قويىمەن: «فرېئۇد 50% توغرا، لېكىن 100% خاتا» ①.

ھالا ئەسىر 21گە ئۇلاشقاندا غەربلىكلەر ئۈچۈن جىنسىيەت ئاللىقاچان «ئاش ـ نان»دېگەندەكلا ئەرزىمەس، ھېسسىز بىر گەپكە ئايلاندى. بەش ياشلىق بىر غەربلىك ئۆسمۈر ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللارنىڭ تېنى بىرگە بولسا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ھەرگىزمۇ يات ئەمەس. بىزنىڭ بەزى ئاقىللار بىزدىكى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى ـ تېنى بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇپ چىقىشنى ئارزۇلايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، جىنسىيەت ھەققىدە بىلىم ـ ساۋاتلىق بولۇشنى تەرەققىيات، زامان بىلەن ماس ھالدا ئەلالىشىش، دەيدۇ. ئۇلارچە، جىنسىيەت ئېچىلسا، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ تېنى ھەققىدە تونۇش، بىلىشكە ئىگە بولسا ئەخلاقىي پاجىئەلەر تۆۋەنلىگۈدەك. راستىنلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىز جىنسىيەت ئېچىلغان، جىنسىي جەھەتتىكى ساۋات ـ تەجرىبىلەر كەڭ ئومۇملاشقان جەمئىيەتلەرگە قاراپ باقايلى. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز قانداق ئىلمىيلىك ۋە قانداق مەدەنىيەت، قانداق ئەلالىق بولاركىن؟

غەربتە ھەقىقەتەنمۇ جىنسىي ساۋاتلار، بىلىملەر كەڭ ئومۇملاشقان. بىر قىسىم دۆلەتلەر ئوقۇغۇچىلارغا جىنسىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ يولغىمۇ قويدى. ئەمما ئەمەلىيەت شۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلىدىكى، جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتتىكى جىنسىي بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى كېمەيتمەستىن، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ ئېچىلدى ـ دە، ئەسلىي مۇقەددەسلىكىدىن قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا خالىغانچە يېقىنلاشتى، خالىمىسا يىراقلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھىدى، تېنى ھەتتا كىشىلەردە ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى ئويغىتالماس بوپكەتتى. ئىنسانىي روھ قاشاڭلاشتى. يات جىنسلىقلارنىڭ ھاياسى بىر ـ بىرىگە يات، سىرلىق، تارتىملىق تۇيۇلمايدىغان بولدى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تارتىپ تۇرىدىغان كۆرۈنمەس سېھىرلىك زەنجىر ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەرلەر بىر ئايال بىلەن قانائەت قىلمايدىغان، ئاياللار بىر ئەرگە قانمايدىغان، يانچۇقى توم، گەدىنى بوم يەنە بىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋېرىدىغان، نىكاھ، ئائىلىنىڭ ئىناۋىتى قالمىغان بىرھال غەرب جەمئىيىتىدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلاندى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىكنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، بارلىق ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىنى ئۆلچەمسىزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، كۆڭۈلنىڭ رايىنىلا، نەپسىنىڭ خاھىشىنىلا مۇقەددەس بىلدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن رادىي فىشنىڭ «جالالىددىن رۇمىي» رومانىدىكى «تېنىڭ بىر ئات، سەن شۇ ئاتقا مىنگۈچى. ئى ئاتقا مىنگۈچى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدا ھەم ياتمىغىن، ئات ئوزۇقى سېنىڭ ئوزۇقۇڭ بولالماس، ئات سېنى ئەمەس، سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا سال» دېگەن ھېكمەتلەرگە يانداش ئاھاڭدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ئات، مەنىۋى جەھەتتىن ئاتقا مىنگۈچى. ئەگەر ئاتقا مىنگۈچى دانا بولسا ئاتنى كامالەتكە باشلايدۇ، نادان بولسا ئات ئۇنى ئوقۇرىغا باشلايدۇ» ②. ھەقىقەتەن بەزىلەر خۇن ـ زەردابنى شەربەت بىلدى. ھەتتا يات جىنسلىقلار بىلەن خالىغانچە ئالاقە قىلغىنىغا قانائەتمۇ قىلماي ھەددىدىن ئېشىپ ئۆز جىنسداشلىرى بىلەن ئالاقىگە چۈشۈشتى ۋە بۇنى نومۇس قىلماي ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە، قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتى.

---

① «20 ـ ئەسىرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۈچ كاللا»، «ئامېرىكا خەۋەرلىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتچىلىقى» 2003 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئارىفنامە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 4 ـ، 5 ـ (قوشما) سان.

ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتداشلار، بەچچىۋازلار ئومۇمي نوپۇسنىڭ 10% ىدىن ئېشىپ كەتكەن. نىكاھسىز بىللە تۇرغۇچىلار، پاھىشىلەر، كۆڭلى تارتسىلا خالىغان بىرى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدىغان سەرگەردان ساياقلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل شەرمەندە قىلىقىدىن ئازراقمۇ نومۇس ھېس قىلىپ باقمايدۇ، ئۇيالمايدۇ. بەلكى كوچىلارغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەقلىقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەققىدە تىنماي نامايىش ئۆتكۈزۈپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس تەشكىلاتى، گېزىت ـ ژۇرناللىرى، تور بەتلىرى بار. مىڭلىغان بەچچىنى زىيارەت قىلىپ چىققان ئالفېرد كىنسىينىڭ ئېيتىشىچە: «مۇتلەق كۆپ سانلىق بەچچە ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئارزۇ ـ خاھىشىنىڭ قوغدىلىشىنى، قوللاشقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن» ①. گەرچە بىر قىسىم ئاممىا ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن غەزەپلەنسىمۇ، ئەمما غەربتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق خەلق ۋە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى شەخسنىڭ خاھىشى، دەپ قارايدۇ، ئارىلىشىش، توسۇشنى ئەخلاقسىزلىق، دەپ قارايدۇ، كارى بولمايدۇ. بەچچىلەرنىڭ توي قىلىشىنى قانۇني ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە ماقۇل بولغان مېكائىل .ج . مىد ئىسىملىك بىر شتات ئەمەلدارى شۇنداق دېگەن: «بىز ئاساسي قانۇن لايىھىسى ئارقىلىق قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ باراۋەر نىكاھ ھوقۇقىنى قوغدايمىز. قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. بۇ قورققۇدەك ئىش ئەمەس، ئاسمان ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمەيدۇ» ②. ھەتتا ياۋروپا دىني ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى بولمىش مارتىن ليۇتېركىڭنىڭ مۇرىتى، كامبرىج دىنىي بىرلەشتۈرۈش ـ ئومۇملاشتۇرغۇچىلار باش مەھكىمىسى ۋە چېركاۋنىڭ مىنىستىرى رېۋ.توماس.ج.س. مېكىلسون: «مەن ئوخشاش جىنسلىقلارغا توي قىلىش ھوقۇقى بېرىشنى قوللايمەن. بۇنداق ھوقۇقنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە ۋە نىكاھ چۈشەنچىمىزگە چوڭ توسالغۇ ئەكېلىدۇ. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ۋە ھەرىكىتى بىزنىڭ مۇشۇ مەدەنىيەتتىن چىققانىكەن، يەنە مۇشۇ مەدەنىيەتتىن قوللاش مۇھتى بېرىلىشى كېرەك» دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ ئىشلارنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما بىز ئۇلارغا باراۋەر نىكاھ ھوقۇقى بېرىلگىچە كۆرەش قىلىمىز» ③ دېگەن. «ئىنسانىي، ئىنسانىيلىقنى پاكىز، غەرەزسىز سۆيۈش»تىن ئىبارەت خرىستىئان روھىنىڭ بۇ باش ئېپىسكوپى ئۆزىنىڭ جىنايەتكە ئاپئاشكارا بۇزۇقچىلىققا ھەمتاياق بولىدىغان چاكىنا، يىرگىنچىلىك قارىشىغا ئۆزى پەتىۋا بېرىپ يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەممە يەردە ئوخشاش جىنسلىق بەچچىلەرنىڭ ئائىلە، خىزمەت، نىكاھ، پەرزەنت، قوشنىدارچىلىق، ھاياتلىقتىن بەھرىلىنىش ھەققىدىكى تەلەپ ـ چۇقانلىرىنى ئاڭلايمەن. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىمۇ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇلار ئۈچۈن قانۇنلۇق نىكاھ پۇرسىتى بېرىش جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي نىكاھ چۈشەنچىسىنى چىڭىتىدۇ» ④. كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان بۇ چاكىنا پەتىۋا خرىستىئان روھىنىڭ ئادەمنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لىكىتاسىما ئېتىقاد شەكلىگە ئايلىنىپ قالغىنىنى تولۇقى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتىمۇ نەپس ۋە جىنسىيەت قوغلاپ زورايغان بەھىيۋەت لەھەڭگە ئوخشاپ قالغاندى. ئەخلاق ـ ئەقىدىسى چۈشكۈن بىر توپ زەھەرخەندە مىتىنىڭ چەكتىن ئاشقان يولسىز مۇتتەھەملىكىنى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئۇنى قوغداش جەمئىيەت خاراكتېرلىك بۇزۇلۇشقا يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. دىنىي مۆتىۋەر كۈچلەرنىڭ پاسىقلىقنى ھەق دەپ قوبۇل قىلىشى تارىخمۇ، شۇلار ئىشەنگەن خۇدامۇ مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان ئېپلاس شەرمەندىلىكتىن، ئېتىقادقا قىلىنغان شەكسىز خورلۇق، ئاسىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەركىنلىكنىلا تەكىتلەيدىغان، چەكلىمە ـ توسقى بولمىغان ئىدىيە ـ قاراش ھەرگىزمۇ ساغلام ئەمەس. يۈگەنسىز تۇلپارنىڭ ياۋا ئاتتىن پەرقى يوق. ھەتتا جەننەتمۇ قىلىچنىڭ سايىسىدا. غەربتىكى دىني كۈچلەر، ھۆكۈمەت ۋە كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ جىنسىي ئەركىنلىك ۋە بەچچىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاققا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى شەخسنىڭ ئەركىن تاللىشى، چېقىلغىلى بولمايدىغان كىشىلىك ھوقۇق، ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك بولغان خاھىش دەپ ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشى، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشى نەتىجىسىدە پاسىق بەچچىلەرگە تېخىمۇ جان كىردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىگە قانۇندىن ئاساس، دىندىن پەتىۋا ئېلىشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇندى. ئىندىئانا شتاتى قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلارنىڭ نىكاھ ھوقۇقىنى قوغداش قانۇن لايىھىسى تۇرغۇزۇشقا پىكىر ئېلىش مەزگىلىدە رېۋ. جىف. ماينىر ئىسىملىك بىر بوۋاي: «تارىخ شەرمەندىلىككە رەھىم قىلمايدۇ، ھەرگىز مۇنداق خاتالىققا يول قويمىغايسىلەر. نەچچە يىللاردىن كېيىن ئەۋلادلار بىزنىڭ بۇ قىلىقىمىز ئۈچۈن نومۇس قىلمىسۇن» ⑤ دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا يىلىنىپ. جىنىني دېكمېنتى ئىسىملىك يەنە بىر ئايال: «ئەگەر ئىندىئانا تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇنداق پاسىق جايغا ئايلانسا، مەن بۇ يەردىن كېتىشكە ھەرقاچان تەييار» دېدى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. ئەمما دەل شۇ چاغدا بۇ قانۇن لايىھىسى ئاللىقاچان 11 شتاتتا ماقۇللۇقتىن ئۆتۈپ، 24 شتاتتا مۇھاكىمە باسقۇچىغا كىرگەنىدى ⑥. «شىمالىي ئامېرىكا ئەر ـ ئوغۇللار سۆيگۈ تەشكىلاتى»نامىدىكى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ بەچچە تەشكىلاتىنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئەزاسى لوزۇنكا كۆتۈرۈپ: «سەككىز ياشتىن كېيىن قالغان جىنسىي ئالاقە ئەڭ چوڭ كېچىكىش!»، «10% يېتەرلىك ئەمەس، يېڭى ئەزا قوشايلى، يېڭى ئەزا!» دەپ شوئار توۋلاپ نامايىش كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇلار يېشى كىچىكلەرگە مەجبۇري چېقىلىش ئارقىلىق ئەزا سانىنى كۆپەيتىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم مەقسىتى قىلغانىدى.

---

① «ھەپتىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» 1993 ـ يىل 15 ـ فېۋرال سانى، lnoohr. orgتور بېتىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② Gay. com 365 تور بېتىنىڭ 2005 ـ يىل 7 ـ فېۋرالدىكى سانىغا قارالسۇن.

③ ، ④ Freedomtomarry. org(نىكاھقا ئەركىنلىك) تور بېتىگە قارالسۇن.

⑤ ، ⑥ FOrtwayne. comتور بېتىگە قارالسۇن.

www.uyghurtap.com

يېشى قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىشاتتى. «ئائىلە مۇھەببەتداش قىساسچىلار تەشكىلاتى» ئەڭ ياش، گۈدەك قىزلارغا زوراۋانلىق يۈرگۈزۈپ، كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلغىنىدىن ئاشكارا پەخىرلىنىپ مەيدە قېقىپ يۈرەتتى① . بىر يېرىم پىرسەنت بالا ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن خورلانغاندى. بەچچىلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقتىكى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى ئويلاشمۇ كىشىنى سەسكەندۈرۈپ، كۆڭلىنى ئايىنتىۋېتىدۇ. مېنىڭ بۇ خىل رەسۋالىقلارنى يېزىشقا ھەققەتەنمۇ قولۇم بارمىدى. ئەقلى جايىدا ھەر قانداق ئادەم يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز ئىنتىلىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ تەگ ـ ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇم خۇلاسىگە كېلەلەيدۇ ۋە نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

يۇقىرىقى نومۇسسىز قىلىقلارنى قىلىۋاتقانلار، ئەمەلىيەتتە بىزدىكى بەزى ئازغۇنلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ساۋاتلىق، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئوقۇغانلار، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سەرخىللاردىن سانىلاتتى. ۋاشىنگتون، نيۇ ـ يورك، سان فرانسسكو كوچىلىرىدا بەچچە، قوش جىنسلىق مۇھەببەتداشلىق دەۋاسى قىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ 59.6% ى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، 18% ى ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار، 49% ى كەسپىي، مەمۇرىي خادىملار، 15.9% ى ئادەتتىكى يۇقىرىلاردىن ئىدى② . دېمەككى، جىنسىيەت ھەققىدىكى ئىلىم، ساۋات، ئۇچۇرلاردىن خېلى مۇكەممەل خەۋىرى بار، دەپ قارىلىدىغان ياشلار، زىيالىيلار، جاھاننىڭ سەركىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ بۇزۇقلىرىغا، ئەخلاقىنىڭ، ئىجتىمائىي تەرتىپىنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانخور كۇشەندىلىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇلار يات جىنسلىقلار تېنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، لېكىن ئەقىدىسىز ئىلىم ئۇلارنى توغرا ـ ساغلام ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلىگىمۇ ئېرىشتۈرەلمىگەندى. جىنسىي ساۋاتتىكى ھۆرمەتلىك نوپۇزلۇقلاردا ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، روھىي ئاينىش ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن بىلەن، بۇ ھەقتىكى ئىلىم ـ ئۇچۇرلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان ئادەتتىكى يۇقىرىلاردا ئەڭ ئاز بولغان. غەرب دۇنياسىغا قارىمۇقارشى ھالدا شەرق ئەللىرىدە، بولۇپمۇ دىنىنىڭ، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھاياتىي كۈچى يوقالمىغان، جىنسىيەت ئېچىلمىغان، دەرسخانىلارغا، ئاشكارا سورۇنلارغا تولۇق چىقالمىغان جايلاردا جىنسىي زوراۋانلىق، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، روھىي سولغۇنلۇق ئەڭ ئاز كۆرۈلگەن. كۆرۈلسىمۇ، جەمئىيەتلىشەلمىگەن، مۇئەييەن چەكلەش كۈچىنىڭ نەتىجىسىدە بۇزۇقچىلىق سادىر بولسىمۇ، خۇپىيانە، خالىي جايلاردا بولغان. «بەچچىۋازلار ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە ئېيتىلغاندەك: «دىنىي كەيپىيات سۇس ياكى ئۆلگەن ئائىلە، جەمئىيەتلەردىن جىنسىي، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق، زوراۋانلىق ھادىسىلىرى، پاھىشىۋاز، بەچچىۋازلار ئەڭ كۆپ چىققان③ . جىنسىيەت يېپىلغان، يوشۇرۇلغان، خالىغانچە، ئۆلچەمسىز مۇئامىلە قىلىش چەكلەنگەن جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىتى بىر قەدەر ساپ، جۇشقۇن، خاتىرجەم، مەنىۋى ھاۋاسى سۈزۈك، كىشىلىرى ھەر جەھەتتىن ساغلام بولغان.

ھىندىستانلىق پەيلاسوپ، ئاتىق ئوشۇمۇ بىرنىڭ «ئەرەققىيپەر ـ ۋەر» زاتلار تەشەببۇس قىلغاندەك فرېئۇدنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، جىنسىيەتنى يېپىشقا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە بالىلارنىڭ مەلۇم ياشقا يەتكىچە يالىڭاچ يۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭچە: «ئۇلار كىيىم زورلۇقچىلىقتىن جىنسىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش كېرەك» ئىمىش④ . ۋەھالەنكى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يات جىنسلىقلارنىڭ ئەزايى ـ تېنىنى پىششىق بىلىدىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ. مەن كىيىم زورلۇقچىلىقتىن 90% جىنسىيەت ۋە ئۇنى يۈگەش سەۋەبىدىن دەپ قارىغۇچىلاردىن. يات جىنسلارئارا تەن، ئەزالارنىڭ بىر ـ بىرىگە تونۇش بولۇشى قەلبتىكى رەزىللىك ئۇرۇقىنى قوزغۇتۇپ تاشلىيالمايدۇ. تەنلەرنىڭ تونۇش بولۇشى راستىنلا ئىجتىمائىي ئاپەتنى تۈگىتىشتىكى بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولسا كىيىملەر ئاساسەن دېگۈدەك ئېچىلغان، ئاتا ـ بالا ئېششەكتەك قىپيالىڭاچ يېتى بىر مونچىدا يۇيۇنۇۋېرىدىغان شەھەرلەر، غەرب، ياۋروپا دۇنياسىدا نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي كىرىزىس شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېتىدۇ؟ ئەگەر يات جىنسلارئارا تەننىڭ تونۇش بولۇشى ئىجتىمائىي كىرىزىسلارنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالايدىغان بولسا، بىز نېمە ئۈچۈن يالىڭاچ يۈرۈشنىلا تەشەببۇس قىلمايمىز؟ كىيىم زورلۇقچىلىقى جىنسىيەت سەۋەبىدىن بولمىغانىكەن، ئۇنى كىيىۋېلىشنىڭ، جىنسىي ئەزا ـ بەلگىلەرنى يۆگەپ يۈرۈشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟

ئوشۇ يەنە جىنسىي خىيالنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇستىقامەت يولىنى تاللاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ، ئوشۇ ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇددىزم ئېتىقاد ـ مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئىنسانغا بەخش ئېتىلگەن نورمال كىشىلىك لەززەت، قەدىر ـ قىممەتكىمۇ ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ، دۇنيادىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈپ زاھىدلىقنى تەرغىب قىلغۇچى راھىبلىق يولىغا قايتا قەدەم باسامدۇق؟ مەن دېمەن: ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇستىقامەت قىلىش كاللىنى ھارام خىيالغا پاتۇرۇۋېتىدۇ. مەزمۇت ئەقىدىگە تويۇنغان روھىي قۇۋۋەتكە راھىبلاردەك ئۇستىقامەتمۇ، يالىڭاچلىنىپ كۆز تويدۇرۇشمۇ لازىم ئەمەس. كۆڭۈل ئاچ، روھ زەئىپ، مەنىۋىيەت قۇرغاق تۇرسا كۆز، قورساق، نەپس تويامتى؟!

① «سان فرانسسكو مۇھاپىزىتى» 1992 ـ يىل 27 ـ مارت سانى. lnoohr. org تور بېتىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

② 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئامېرىكا قىسقىچە ستاتىستىكىسى»دىن lnoohr. org تور بېتىدىكى مەلۇماتلارغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

③ lnoohr. org تور بېتىدىكى ئىنگلىزچە ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارالسۇن.

④ ئوشۇ: «چىن مۇھەببەت سەپىرى»، «تەڭرىتاغ»ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 4 ـ سان.

جىنسىيەت، ئۇ ناھايىتى نازۇك تېما. ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ يېپىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئېستېتىكىدىمۇ نازۇك نەرسىنىڭ كۈچلۈك زەربىگە، قالايمىقان قېقىلىپ - سوقۇلۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇنى ئاۋايلاپ، ئاسراپ، پەپىلىگەندىلا ئىشلەتكىلى، گۈزەللىكىدىن زوقلانغىلى بولىدۇ. جىنسىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا جەزمەن دۇرۇس، ساغلام ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئېچىلىپ، يالىڭاچلىنىپ كېتىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، سېھرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تېرىلەر تېگىشىپ، جىنسىي بەلگىلەر خىپچاق كەلگەن كىيىملەردىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسا، چاچلار غىدىقلاپ، ئوتتەك نەپەسلەر گۈرۈلدەپ يېنىپ تۇرسا، ئادەمدىكى قىممەتلىك روھىي زىلزىلىلەر ئاسان قوزغىلىپ، ئاسان يېنىپ - يېتىپ ئېتىبارى قالمايدۇ، بارا - بارا قاشاڭلىشىدۇ، تەنىنىمۇ، روھىنىمۇ، زېھنىنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يات جىنسلارنىڭ ئىككىلەمچى جىنسىي ئەزا - بەلگىلىرى قارشى تەرەپتە ئۇچايلا تۈرلۈك غىدىقلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گىرىمدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن لەۋ - كىرپىكلەر، لەپىلدەپ يېيىلىپ، دولقۇنلاپ تۇرىدىغان چاچلار، تار، قىسقا، نېپىز كىيىملەردىن ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مەيدە، بويۇن، لىپتىك، كىندىك، بەل، يوتا، بىلەك، پاقالچاقلار قارشى تەرەپنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى، جىنسىي ئىستىكىنى توختاۋسىز غىدىقلاپ، ھېس - ھاياجىنىنى قوزغىتىپ چېڭقالدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئادەمدىكى تولا غىدىقلىنىش، ھاياجانلىنىش بەدەندىكى رەئىس ئەزالارنى، بولۇپمۇ بۆرەكنى ئەڭ تېز كاردىن چىقىرىدۇ. بۆرەككە زەرەر يەتكەن ھامان نېرۋا، مېڭىنىڭ خىزمىتى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاپ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش، ئاسان چارچاش، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، كەيپىيات ناچارلىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغاندىن باشقا يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىگە ئېغىر بېسىم ۋە كاشىلا پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر غىدىقلىنىش ئۈزۈلمەي داۋاملاشسا، جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە تەرەققىي قىلىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ زور ئازاب ئەكېلىدۇ. يىلىكى سۇۋۇيدۇ، ئۇرۇقى پۇچەكلىشىدۇ، كەيپىياتى غەمناكلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، بارا - بارا يات جىنسنى كۆرسىمۇ ۋۇجۇدىدا باشقىچە ھېسسىيات، غەيرىي سېزىم پەيدا بولمايدىغان دەرىجىدە قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ. يات جىنسنى كۆرسىمۇ، بىر - بىرىگە سۈركىلىپ تۇرسىمۇ باشقىچە ھېسسىيات ئويغانماسلىق دەل ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىق، ئەركەكلىكنىڭ ئۆلۈشى، ئاياللاردىكى لاتاپەت، مېھىر - جەزبىنىڭ خوراپ تۈگىشى بىلەن باراۋەردۇر. ئەڭ ئەقەللىي ئادىمىيلىك ھېسسىياتى ئۆلگەن بۇنداق كىشىلەردىن ئۇلۇغۋار غايە، نەتىجە، ئارتۇق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇنداقلاردىن تۇغۇلغان باللار تېخىمۇ زەيىپانە، ئاجىز، كېسەلمەن، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن، ئىرادىسىز، چۈشكۈن كېلىدۇ. ئۇرۇق - تۇخۇمدا سۇيۇلۇش، ئاجىزلىشىش كۆرۈلىدىكەن، شۇ ئەل، شۇ قەۋمنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرىنىڭ تەن ساپاسى، ئەقلىي قۇۋۋىتىمۇ شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. دەسسە يەر تىترىگۈدەك زەربەردەست، ئەقىل - پاراستى كىشىنى ھەيرەتتە قويىدىغان كىشىلىرىمىز رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى نىمجان، كېسەلچان، سۈيۈق ئادەملەر ئىگىلىدى. ھايۋانلارنىڭ كۈچ سىنىشىپ يېڭىپ چىققان كۈچلۈكلىرىنىڭ ئۇرغاچىلىرى بىلەن جۈپلىشىشىدە ئاجايىپ چوڭقۇر ھېكمەت بولسا كېرەك. ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ھاجىتى ئالدىدا ئامالسىز ئادەم قانداقمۇ باشقىلارغا ھەمتاياق بولالىسۇن؟

ئەخلاق يىرتىلغان، جىنسىيەت ئېچىلغان پەردە ئەڭ ئالدى بىلەن ئەرلەر ئاجىزلايدۇ، ئاندىن ئاياللار قۇترايدۇ. كىشىلەر بىر خىل تەۋرىلگۈسىز سىقىلىش ئىچىدە ياشايدۇ - دە، ئۆز كۆڭلىنى ئەسەبىيلىك، تەلۋىلىك ئارقىلىق خوش قىلىشقا چۈشىدۇ. ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، نىكاھنىڭ مەززىسى قالمايدۇ. مۇھەببەتلىشىش كەڭ ئەۋج ئالىدۇ، ئەمما مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلارنىڭمۇ نىكاھىدا خاتىرجەملىك قارار تاپمايدۇ. چۈنكى تولا مۇھەببەتلىشىپ، تولا ئايرىلغان ئادەم ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر خىل قارىشىغا قانائەت قىلالمايدۇ، ئۇلاردىن ۋاپا كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى يېقىنچىلىق سەۋەبىدىن نىكاھتا ئىززەت، قىممەت، يېڭىچە گۈزەل تۇيغۇلار قالمايدۇ. توي كېچىسىدە مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك ئۆزگىچە ئۇچرىشىش ياكى يېڭىچە تۇيغۇ رويابقا چىقمىسا، نىكاھ تۇزسىز تاماققا ئوخشاپ قالىدۇ. تويدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش بىلەن تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش باشقا يېڭىلىق، ئۆزگىچە مېھىر، ئىللىقلىق ئاتا قىلالمىسا بۇنداق نىكاھ جەزمەنكى، ھامان مەغلۇب بولىدۇ. ھايا ۋە نومۇس ئۈستىگە قۇرۇلمىغان نىكاھدىن بەختنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى شادىمان كۈيلىرى ئەمەس، ئازابنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان يېقىمسىز تاراڭ - تۇرۇڭ چىقىدۇ.

ھاياتقا بولغان دۇرۇس ئەقىدە سۇنمىغان جايدا جىنسىيەت ئىززەتلىك بولىدۇ. نىكاھ يات جىنسلار ئارىسىدىكى مۇقەددەس ئۆتۈشۈش شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەت پاكلىقىنىڭ، چىن سۆيگۈنىڭ، مېھىر - ۋاپانىڭ، ساداقەتنىڭ سىمۋولى سانىلىدۇ. جىنسىي ئەزاغا قاراش تۈگۈل، زۆرۈر بولمىسا شۇ ھەقتە گەپ قىلىشمۇ ئەيىب سانىلىدۇ. ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە شەرتسىز ساداقىتى قەتئىي تەلەپ قىلىنىدۇ، ھارام خىيال، خىيانەت نومۇس، ھاياسىزلىق، بۇزۇقلۇق سۈپىتىدە قارىلىدۇ، جازا - تەدبىرلىرى ئېنىق بولىدۇ. جىنسىيەتنى ھاقارەتلەپ پەس كۆرۈشكىمۇ، ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ جىنسىيەتكە قويغان تەلەپ - ئۆلچىمى ۋە ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسى. بىر نەچچە ئون ياكى بىرەر مىڭ ئادەمنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىنى پۈتۈنسۈرۈك بىر مەدەنىيەتنىڭ گۇناھى قىلىپ ئارتىش چەكتىن ئاشقان يولسىزلىقتىن ئىبارەت. مۇبادا بىر مىليون ئۇيغۇر كوچىغا قىپيالىڭاچ چىقىۋېلىپ، ئاشكارا بەچچىۋازلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ مەن ئۇنى ئادەمنىڭ، شۇلارنىڭ گۇناھى، رەزىللىكى دەيمەنكى، ھەرگىزمۇ مەدەنىيەتنىڭ، ئېتىقادنىڭ گۇناھى دەپ بىلجىرلىمايمەن. بىر نەچچە ئادەمنىڭ رەسۋا-

لىقنى دەپ ئۆزىنى چۈشۈرۈپ ئۆزگىنى تەكچىگە كۆتۈرۈش ۋە شۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداش ئەقىلسىز تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسلىرىمىز بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ئەمەس، پاكىتلىق، ئىلمىي دەلىلنىڭ زۇۋانى بولۇشى كېرەك. چېغىدا ئامېرىكىلىق ئەخلاقشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت ئەنئەنىۋى جىنسىي ئەخلاقلا كىشىلەرنىڭ نەپسى ـ ئارزۇسىنى ساغلام قاندۇرۇپ، ئەخلاق، ئائىلىنى قۇتقۇزۇپ قالالىشى، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچىنى چىڭىتالىشى مۇمكىن. باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» ①.

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن شۇنداق دەيمەن: جىنسىيەت يۆگىلىشى كېرەك! ئۇنىڭغا ئىلمىي، ساغلام قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. ئۇنى ئېچىش، ئۇ ھەقتە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ساۋات ئومۇملاشتۇرۇش جىنسىيەت ھەققىدە ساۋاتلىق، ئاقىل بولغانغا باراۋەر ئەمەس. ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان جىنسىي نومۇسسىزلىقلارنى جىنسىي بىلىم ـ ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق چەكلەيمەن، دېيىش، ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئېغىزىغا زەھەرنى «ياسىن سۈيى» ئورنىدا تېمىتىشنى ئارزۇلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس. جىنسىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق روھىيەتنى، جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بولسا، بۈگۈنكى ياۋروپا، ئامېرىكا قالتىس ساغلام، كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان بولاتتى. ۋەھالەنكى، پۈتكۈل دۇنيا ئاللىقاچان ئەڭ ساغلام، كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتەكچىلىك قىلغان دەۋر، دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشتى ②. ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت»ى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دۆلەتچىلىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، قاراشلىرى بىر گۈزەل جەمئىيەت ھەققىدىكى شېرىن خىيال، تەسەۋۋۇر پېتىلا قالدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملا جەمئىيەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، مۇكەممەل لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزى ھايات چېغىدا ئۇنى نەق رېئاللاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇردى، ئۆزى بولسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى دىن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدە مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىردىنبىر ئۇلۇغ شەخسكە ئايلاندى ③.

جىنسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلە ـ كېسەللەر ئاللىقاچان يەرشارى خاراكتېرلىك ۋاباغا ئايلاندى. ئۇنى دوختۇرخانىلار داۋالاپ ساقايتىپ بولالىشى، تەشۋىقات ۋاستىلىرى، بۇيۇملىرىنىڭ چەكلەپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنى قويۇۋېتىشكە، يالىڭاچلىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. جىنسىيەتنى دەرسخانىلارغا سۆرەپ كىرىش كېسەل تەگكەن دەرەخنىڭ تۈۋىگە كىسلاتا قۇيغان بىلەن باراۋەر. ئۇنداق قىلىش بىزنى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىنى، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تۈگىمەس بالالارغا مۇپتىلا قىلىدۇ. يېتەرلىك پەرۋىش، ساپ ھاۋا، بۇلغانمىغان سۇ بولغاندىلا يۇقۇملانغان، زەئىپلەشكەن تەن ـ روھنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن. ھە راست، لازىم نەرسىلەرنىڭ بولۇشلا كۇپايە ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى لازىم نەرسىنى لازىم چېغىدا، لازىم يېرىگە، جايىدا ئىشلىتىش. كېسەلنى داۋالاشقىلا، داۋالاش تەشەببۇسلىرىغىلا تاشلاپ قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللانماسلىق ئۆلۈمنى ئارزۇلاپ يېتىشتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش داۋالاشتىن مىڭ ئەۋزەل. چىركىن ئېقىم، مۇشتۇمزور ئىدىيىلەر كەلكۈندەك باسقاندا پاكىز روھىي سەرمايىدىن ئەپچىل كېمە ياساپ چىقىۋېلىش، چۈشكۈنلۈك ئىلكىدە توپاننى چىللاش ـــ تىللاشتىن كۆپ ئەلا. ساغلام ئەقىدە، كەسكىن تۇرمۇش پرىنسىپى ئارقىلىقلا بۇ ۋابادىن قۇتۇلۇش مۇمكىن. باشقىلار ئاچ دەيدۇ، مەن ياپ، قاچ، دېگۈچىلەردىن!

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى، فېلد مارشال مونتگومېرىي 1964 ـ يىلى 24 ـ ماي كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىدا: «ئاڭلىسام، فرانسىيە ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بىرقانچە دۆلەت ئوخشاش جىنسلىقلار قىلمىشىغا قانۇنىي يول بېرىپتۇ. بىز فرانسوز ئەمەس، شۇنداقلا باشقا مىللەت، دۆلەت تېخىمۇ ئەمەس. بىز ئەنگلىيىلىك! ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر» ④ دەپتىكەن. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن: «دۇنيادا ئەخلاق پەقەت ۋە پەقەت بىر! بىز باشقا ھېچكىم ئەمەس، باشقىلارغا ئوخشىغىمىزمۇ يوق. ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈركى ۋە جان ـ جېنىمىز بىلەن تىلەيمىزكى: توپان بىزگە ھاجەت ئەمەس! ئاپەتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالماي بارغۇسى كەپقالغان ـ كەپقالدىغان ئازغۇنلارغا دەيدىغىنىمىز: يول بولسۇن!»

2005 ـ يىل ماي، قاراقاش ـ ياۋا

---

① JKalb. org تور بېتىدىكى «ئەنئەنە جاھىللىقى» ناملىق ئىنگلىزچە ماقالىگە قارالسۇن.

② كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى 1996 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئىسلام دۇنياسى» (ئىنگلىزچە) كىتاب بىلەن③ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى دېكابىردا نەشر قىلغان «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

④ «ئوكسفورد ئۇززۇندىلەرلۇغىتى»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى، ئىنگلىزچە.

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com

# ئۈسۈشۈم كېرەك

(ھېكايە)

خامۇش مۆمىن



قاچانلاردىن باشلاپ مەنسەپ سەۋداسى بولدۇم، ھېچ ئېسىمدە يوق. شۇنىڭدىن بېرى ئولتۇرساممۇ، قوپساممۇ خىيالىم ئۆسۈشتە! ئۆسكەنلەرگە قارا، ئۆسكەنسېرى ئۆسكۈسى كېلىدىكەن... ھوقۇق ـ مەنسەپ دېگەن پايانى يوق چۆلگە ئوخشاش چەكسىزلىككە سوزۇلغان ئۇقۇم ئوخشايدۇ. نەپسىمىزگە قويۇپ بەرسە، ئالەمنى ئالما قىلىپ ئالقانغا ئالساقمۇ يەنىلا ئارمان بىلەن خۇرسىنىدىغان ئوخشايمىز...

مۇشۇ كۈنلەردە مەنسەپكە تاھىر زۆھرەگە، پەرھاد شېرىنگە كۆيگەندەك كۆيگەنىدىم. تويدىن بۇرۇن ئايالىمنىڭ پېيىگىمۇ بۇنچىلىك چۈشمىگەنىدىم. ئون بەش يىللىق خىزمەت ھاياتىمدا ئۆزۈمنىڭ پاك، ساددىلىقىم بىلەن ياشاپ كەلگەنىدىم. بىرىلگەن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ، باشلىقىمنىڭ قاپىقىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەر زامان سۇنۇپ كېتىش ئېھتىمالى كۈچلۈك خىزمەت «تاۋىقىم»نى ساقلاشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ غەلىبە ئىدى. خىزمەتداشلىرىم، ئاغىنىلىرىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ نەزىرىدە مەن بىر ياۋاش، خەقنىڭ زىرىقىغا قول ئۇزارتمايدىغان ياخشى ئادەم، ئايالىمنىڭ نەزىرىدە ۋاپادار ئەر، پەرزەنتلىرىمگە ياخشى ئاتا ئىدىم. كۈنلىرىم بىر خىل تۇستە داۋام ئېتىۋاتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە، مۇشۇنداق ئالدىراش ھالدا مەنسەپ تەمەسىدە پالاقلاپ، تەگپۈكلۈقۈمنى يوقىتارمەن، دەپ ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدىم.

ئۇ كۈنى يىغىن ئېچىلدى. ئىدارىمىزدا ئىشتىن يىغىن كۆپ ئىدى. يىغىن دېسە ھەيران قالمايتتۇق. لېكىن مەن بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپلا بىر خىل ھاياجان ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ئولتۇراتتىم. بۈگۈن ئىدارىمىزنىڭ بۆلۈم ـ ئىشخانا مەسئۇللىرىنى تەڭشەيدىغان كۈن ئىدى. ناھىيىدىكى مەنسەپ ـ ۋەزىپە تەڭشەشكە قارىغاندا، بۇ تەڭشەش ھېچنېمىگە ھېساب بولمىسىمۇ، «بىزدەك مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر»لەرگە نىسبەتەن كاتتا تەڭشەش ئىدى.

بۆلۈم ـ ئىشخانا مەسئۇللىرى ئەندىشە ـ تەقەززا ئىچىدە بىرىنچى رەتتىن ئورۇن ئالغانىدى. ھاياجانلىنىشىمدىكى سەۋەب، تۈنۈگۈن ئىدارە باشلىقى مېنى چاقىرىپ، تەڭشىلىدىغانلىقىم ھەققىدە بىشارەت بەرگەنىدى. ئەسلىدە يېقىن ئۆتكەن بىر ساۋاقدىشىم ئاپتونوم رايوندىكى بىر ئورگانغا باشلىق بولۇپ يۆتكىلىپ ئىشقا چۈشكەنىدى. ئۆتكەن ئايدا باشلىقىمىز ئىش بىجىرگىلى بېرىپ، ساۋاقدىشىم بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ساۋاقدىشىم ئاتايىن مېنى سۈرۈشتە قىپتۇ. باشلىق قايتىپ كېلىپلا مېنى چاقىرتتى، ياسىداق ئىشخانىسىدا يېرىم سائەت پاراڭلاشتۇق. مانا بەش يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم باشلىقىمىزنىڭمۇ كۈلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ۋە ھەيرانلىق ھېس قىلدىم. ساۋاقدىشىمدىن تېلېفون كەلگەندىن كېيىن، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ كۈلۈپ كەتتىم: ھەقىقەتەن «دەرەخ ئېگىز ئۆسسە، سايىسى يىراققا چۈشىدىكەن!»

يىغىندا قىزىل قاشلىق ھۆججەت ئوقۇلدى. تەڭشەلگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى مەن ئىكەنمەن. يەنە كېلىپ، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان مۇھىم ئىشخانىنىڭ مەسئۇلى بولغۇدەكمەن. ئەتراپتىن ھەيرانلىق، ھەسەت ئارىلاشقان كۆز نۇرلىرىنىڭ ماڭا نەيزىدەك تىكىلىۋاتقىنىنى سەزگىنىمدە، كىچىكلەپ، قورۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ئاجايىپ سېزىم ئىچىدە قالدىم. يىغىن باشلىقنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى، تەلەپ ۋە تەبرىكلىرى ئىچىدە ئاياغلاشتى.

شۇ تەڭشەشتىن كېيىن مەن باشقىچە بىر ھاۋادىن نەپەسلەنگەندەك، باشقا بىر ماكاندا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇدا بوپقالدىم. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئىززەتلەپ مۇئامىلە قىلىشلىرى، ئىشداشلىرىمنىڭ خۇشامەت يىغىپ تۇرغان خۇش خۇي چىرايلىرى، ئاغىنىلىرىمنىڭ بۇرۇنقىدەك لەقەممىنى

پروزا كۆزنىكى

ئەمەس، مەنسىپىمنى ئاتاپ چاقىرىشلىرى، ماڭا سۆزلىگەنلىرىدە ئېھتىيات بىلەن ئويلاپ سۆزلەشلىرى، پات ـ پات ئۆيلىرىگە، يېڭى رېستورانلارغا مېھمانغا چاقىرىشلىرى مېنى ھېلىدىن ھېلىغا ھاياجانغا سېلىپ، جېنىم تېنىمگە پاتمايۋاتقاندەك كېرىلىپ قوياتتىم. ھەتتا ئايالىممۇ بۇرۇنقى جاھىل ۋە ھۇرۇن، تېرىككەك مىجەزىنى تاشلاپ، مۇلايىم ۋە ئېپتىك بوپكېتىۋاتاتتى. بۇرۇنقىدەك قازان بېشىغا ياردەملەشتۇرۇش، بالا باقتۇرۇش دېگەندەك ئىشلار ھازىر يوق. ماڭاش چىققان ھامان ماڭا مودا بولۇۋاتقان ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، مېنى سالاپەتلىك ۋە جۇشقۇن كۆرسىتىشكە ئالاھىدە كاللا قاتۇرىدۇ. ئۆزۈممۇ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ياسايدىغان بوپكەتتى. كۈنلىرىم خۇشلۇق، بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئاستىمدا كونىراق بولسىمۇ پىكاپىم بار، شوپۇر تەييار، توڭلاتقۇدا لىق گۆش، يەر ئاستى ئۆيدە يەشكى بىلەن ھاراق، پېچىنى بىلەن تاماكا، ئانچە ـ مۇنچە لېپاپلارمۇ يوق ئەمەس!

ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ قۇم ياغقاندەك كىرىۋاتقان سوۋغاتلار ماڭا باشقىلارنىڭ ھوقۇققا نېمە ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە دەرس بېرەتتى. بۇرۇنقى دوستلاردىن تەبىئىي ھالدا يىراقلاپ، يېڭىدىن تونۇشۇۋاتقان مەنسەپلىك ئاغىنىلىرىم بىلەن رېستوران ـ ھورداقلار ۋاستىسى بىلەن دوستلۇقنى چىڭىتىپ باراتتىم. جەمئىيەتتە يۈز ـ ئابرۇيۇم چوڭايغاندەك، ماڭا «ۋاي» دەيدىغان، سالام ـ سەھەت قىلىدىغانلار كۆپىيىۋاتاتتى. مۇناسىۋەتكە يەنى «دىپلوماتىيە»گە ماھىر بوپكېتىۋاتاتتىم. باشقىلارنىڭ ئۆسۈش ھەققىدىكى چۈشەنچە ـ تەجرىبىلىرى قۇلاقلىرىمنى پىشۇرۇپ، قەلبىم ساندۇقىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولدۇراتتى.

«يېيەلىگەن ۋە يېدۈرەلىگەن كادىر ـ يارامىلىق كادىر»، «ئۆسۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئىككى خىل: بىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇندا سېنى يۆلەيدىغان چوڭ ئارقا تىرىكىڭ بولۇش كېرەك، بۇ ‹مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش› دېيىلىدۇ. يەنە بىر خىلى، پۇلۇڭ ۋە يۇمشاق تىلىڭ، ئېگىلگەك بېلىڭ، لىڭشىشقا ماھىر بېشىڭ، كۈلگۈنچەك چىرايىڭ بولۇش كېرەك. بۇ ‹خىمىيىۋى ئوغۇتلاپ ئۆستۈرۈش› دېيىلىدۇ؛ ئۆسكەندىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرگە قاتتىق بولۇش، باشلىقلىق سۈپىتىنى ساقلاپ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئېچىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. يۇقىرىدىكىلەرگە ھەر دائىم سالام ـ سەھەتتە بولۇشنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق كېرەك. مۇخبىرلاردىن ئاغىنە تۇتۇشۇڭ كېرەك (ئۇلار سېنى ئاممىغا ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ). خۇسۇسىي كارخانىچىلارنى قوللاپ، ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇڭ كېرەك (ئۇلار سېنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكىڭنى، خەجلەيدىغان، يۇقىرىغا سۇڭگۇتىدىغىنىڭنى تەل قىلىدۇ)» دېگەندەك ئۆسۈش ۋە تېخىمۇ يامىشىپ ئۆسۈش ھېكمەتلىرى قەلبىم تۆرىدە تاش ئابىدە بولۇپ ئورۇن ئالغان ۋە ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە شۇ مىزان بويىچە ئىش كۆرۈۋاتاتتىم.

تىك سىزىق بويىچە ئۆسۈۋاتىمەن، دەسلەپكى ئىشخانا مەسئۇللۇقىدىن ئىدارە مەمۇرىيەت مۇدىرلىقىغا، ھازىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدىم. بېسىپ ئۆتكىنىم بار ـ يوقى ئۈچ يىللىق جەريان. ئىشداشلىرىم يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە، ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ، ئۆسكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىپ ئولتۇرىدىغاندۇ، مېنىڭ كەينىدىنمۇ يەتتە ياغار ھېكايە توقۇپ بولغاندۇ، لېكىن پەرۋايىم پەلەك، «ئىت قاۋايدۇ، كارۋان كېتىۋېرىدۇ»...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن بۇرۇنقى دوستۇم، ھازىر قول ئاستىمدىكى ئادەتتىكى كادىر قاسىم ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى ماڭا تازا خۇشياقمىدى. شۇنداقتىمۇ يالغان كۈلۈپ قارشى ئالدىم. ئۇنىڭ مېنى تۈزلا چاقىرىشى ۋە بەزى گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىمگە ئوچۇق نارازىلىق بىلدۈرۈشى مېنى خاپا قىلاتتى. ئۇ بەلكىم كۆڭلىدە «دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دېگەندەك قىلدىم، دەپ ئويلايدىغاندۇ، مېنى بۇرۇنقىدەك چاغلاپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ. لېكىن مەن ھازىر ئۇنىڭ باشلىقى، يەنە كېلىپ مۇئاۋىن بولسىمۇ ئىدارە باشلىقى ـ دە! خۇشامەت قىلالمىسىمۇ ھۆرمەت قىلىشى كېرەكتە!

تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتۇق.

ـ رىزۋان يوقمۇ نېمە؟ ـ دېدى ئۇ.

ـ قاتار چايغا كەتكەن. يېڭى تەيىنلەنگەن ھاكىمنىڭ ئايالى كۆڭلى تارتقانلارنى تەشكىللەپ قاتار چاي ئۇيۇشتۇرۇپتىكەن، شەگە بارىمەن دەپ ماڭدىغۇ! ـ ئۆزۈمچە كېرىلىپ قويدۇم.

ـ بەللى، قاتار چايغا دېگىن!؟ ـ قاسىمنىڭ چىرايىدا مەسخىرىلىك كۈلكە جىلۋە قىلىپ ئۆتتى.

ـ ھەجەبسىپ كەتتىڭغۇ؟ ـ دېدىم سەل تېرىكىپ.

ـ قاتار چايغا ئازراق بارسا بوپتىكەن. سەن مېنىڭ دوستۇم، دوستۇم بولغانىكەنسەن ـ ساڭا پايدىسىز، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭگە داغ تەگكۈزىدىغان قىلىقلاردىن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىم بار. مەن باشقىلاردەك ساڭا خۇشامەت قىلىپ ئولتۇرمايمەن. بۇرۇن ساڭا قانداق مۇئامىلىدە بولسام، سەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بوپكەتسەڭمۇ ياكى مەن رەئىس بوپقالساممۇ بۇ مىجەزىم ئۆزگەرمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ سۆزلەشلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلدىم.

ـ نېمە دېمەكچىسەن؟ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتە!

ـ بايا دېدىڭغۇ، ئايالىم چايغا كەتتى دەپ! ئايالالار ئارىسىدا گەپنىڭ قانداق تېز تارقىلىدىغانلىقى ساڭا ئايان. ئايالىمدىن ئاڭلىسام، بەزى ئايالالار يامان ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. ھاكىمنىڭ ئايالىغا كۈچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ ئۆيىگە دائىم بېرىۋالىدىكەن. كىر يۇيۇشتىن تارتىپ ھاجەتخانا تازىلاشقىچە ئىشلارنىڭ بەرىنى قىلىپ بېرىدىكەن. ھاكىمنىڭ ئايالى كېرىلىپ ئۇلارنى دوست قاتارىدا ئەمەس، چاكار قاتارىدا كۆرسىمۇ ئۇلار يەنىلا ھەجەبسىپ سۈركىلىشىپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم ھاكىم بىر سورۇندا مەست بوپقېلىپ: «بۇ يۇرتنىڭ قىز ـ چوكانلىرى قىزىقكەن، مېنى ۋە ئۆيۈمنى پەرۋانىدەك ئەگىپ، ھاجەتخانىدا كۆتۈمنى سۈرتۈپ قويۇشتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىشىدۇ» دەپتۇدەك!

قاسىم گېپىدىن توختىۋالدى. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شوراپ، قېقىلىپ يۆتەلدىم، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ـ يەنچۇ؟! ـ دېدىم قاسىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

ـ بايىقى گەپلەرنى سېنى سەگىتىش ئۈچۈنلا ئېيتىپ قويدۇم جۇمۇ! رىزۋان ئۇنچىلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەستۇ؟ بۇرۇن ئايالىم

www.uyghurkitap.com

ھەنپەلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان چاغدا خېلى ئەدەب-دىيانەتلىك ئىدى. ئىشقىلىپ، دىققەت قىلىپ يۈرگۈلۈك! ئەرنى ئەر قىلغانمۇ، يەر قىلغانمۇ يەنە شۇ خوتۇن ئەمەسمۇ؟!

قاسىم تەكەللۇپسىزلا تاماكامدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئىسسىنى ھالقا قىلىپ پۈۋلىدى. ئاندىن سىرلىق قىلىپ:

– رىزۋان ئىچمەيدىغاندۇ؟ – دەپ سورىدى.

– قانداق دەيسەن؟ – يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ يېقىندىن بېرى قاتار چايلاردىن كەچ قالغانلىرىدا سەل-پەل ھاراق پۇرىغاندەك قىلسىمۇ، تازا ئىنچىكىلەپ كەتمىگەنىدىم. خۇددى ئۇمۇ مېنىڭ ئۇستۇۋېشىمدىن ئەتىر پۇراپ قالغاندا، ئىنچىكىلەپ كەتمىگەندەك!

– ئاڭلىسام، ئايالىڭ ئىچىدىكەن، مېنى دېدى دەپ سوقۇشۇپ يۈرمىگىن، ساڭمۇ-ماڭمۇ ياخشى ئەمەس. چىرايلىق ھەل قىلىۋال... ئىشقىلىپ، جەمئىيەتتە ھەر خىل ئادەم، ھەر قىسما ئىش، ھەر تۈرلۈك گەپلەر گىرەلىشىپ كەتكەن. دىققەت قىلمىساق ئاسانلا ئۆزىمىزگە داغ تەگكۈزۈۋالىدىغان گەپ!

قاسىم كەتتى، مېنى بىر خىل ساراسىمە، ئەندىشە تېگى يوق ئازابلىق خىياللار قاينىمىغا تاشلاپ كەتتى. مېنىڭ مۇنچىلىك ئاچچىق خىيال سۈرمىگىنىمگە، ئۆزۈم ۋە ئائىلەم، ئوماق ئوغلۇم ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغىنىمغا بەك ئۇزاق بوپتۇ. بىر ئائىلىنىڭ ساغلام گۈللىنىشى ئۈچۈن 100 يىل ۋاقىتمۇ ئاز، گۇمران بولۇشى ئۈچۈن بىر سائەت ۋاقىتمۇ كۆپ بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟

يانفونۇم «نازىركوم»نى ياڭراتتى. قارىسام، ئىدارە باشلىقى ئىكەن. «تولۇن ئاي راۋىقى» رېستورانىغا كېلىشىمنى ئېيتتى. بۇ رېستورانغا باشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامراق ئىدى. چۈنكى رېستوران خوجايىنى باشلىقلارنى ھەر خىل «ئەلا مۇلازىمەت» بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ ئۇلارنى ئېگىۋالغانىدى. نۇرغۇن ئىش مۇشۇ يەردە توغرىلىناتتى، ھەل بولاتتى. نۇرغۇن قىزمۇ مۇشۇ يەردە باشلىقلارنىڭ شەھۋىتىگە زاكوسكا قىلىناتتى.

باشلىق مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ مېھمانلارغا تونۇشتۇردى. مېھمانلاردىن ئىككىسى چوڭ قۇرۇلۇش خوجايىنلىرى ئىدى، قالغانلىرى قول ئاستىدىكى تېخنىكلار ئىكەن. مەقسەت-مۇددىئا ئايدىڭ ئىدى. يەنىلا شۇ تالاشتا قېلىۋاتقان يول قۇرۇلۇشى... باشلىقنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلاردىن پەقەت مېنىلا چاقىرىشى مېنى خۇشھال قىلىۋەتتى. ساختا كۈلكە، ياغلىما گەپ، شېكەر خۇشامەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خېلى جىق ئىچىپتىمەن. كاللام ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن باشلىققا سىرتقا چىقىپ كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، تالاغا چىقتىم. باشلىقمۇ تۇتۇپ ئولتۇرمىدى. قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى بىلەن ئايرىم گېپى بار، دەپ ئويلىدىم. سىرتنىڭ مۇزدەك سالقىن ھاۋاسى مېنى سەگىتىپ تېزلا ئېسىمگە كەلدىم. ئەتراپقا ئېرەنسىزلىك بىلەن قارىدىم. رېستوران ھويلىسىدىكى چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان شەپاڭنىڭ ئىچىدە غۇۋا چىراغ يورۇقىدا قۇچاقلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ گەۋدە كۆزۈمگە چېلىقتى.

– ۋاھ! تازا پەيزى قىلىۋېتىپتۇ-دە! – مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى يۇملاق گۈللۈكنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، تاماكىدىن بىر تال تۇتاشتۇردۇم.

– بەك ئەسكىكەنسىز، ئەي شىنجاڭ! ئاچ قالغان بۆرىدەكلا! – بىرسىنىڭ نازلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. «مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن؟ نېمىلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن؟!» جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتىم، ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋاز رىزۋاننىڭ ئاۋازىدەكلا قىلاتتى. ئىچىمدە: «ئۇ بولمىسىدى» دەپ تىلەۋاتىمەن. «قانداق قىلاي؟» تاماكىنى بەك كۈچەپ شوراپ يۆتىلىپ كەتتىم.

– ۋاي ئانامەي! سىرتتا بىرسى بار ئىكەن، خوش... كېيىن ھە جېنىم! – ئۇ ئالمان-تالمان يانىدىكى يول بىلەن رېستوراننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غۇۋا چىراغ نۇرىدا تونۇيالمىدىم، لېكىن ئاۋازى بەئەينى رىزۋاننىڭ!

چىملىق ئىچىدىن كېلىۋاتقان كىشى ماڭا يېقىنلاشقاندا ھوقۇدۇپ كەتتىم. ئۆزۈمنى خۇددى ئۇلارنى پايلاۋاتقان پايلاقچىدەك ھېس قىلىپ تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. چۈنكى ئالدىمدا ناھىيىمىزنىڭ ھاكىمى ئىدىيىندىن تۇراتتى. ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە رېستورانغا كىرىپ كەتتى.

كاللام ۋاڭىلداپ كەتتى. رېستورانغا كىرىپ ھەر بىر ئايرىمخانىنى ئاختۇرۇپ، رىزۋان شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ باقايمۇ؟ شۇنچە جىق ئايرىمخانىدا دوقۇرۇپ يۈرسەم، مەندەك بىر رەھبىرىي كادىرغا ماس كېلەمدۇ-يوق؟ ياكى ئاۋازنى خاتا ئاڭلىۋالدىممىكىن؟! ھاكىم نېمىشقا ئالدىمدا ئوڭايسىزلىنىدۇ؟

باشلىق قايتىپ كىرىشىمنى ئېيتىپ تېلېفون قىلدى. قايتىپ كىرگۈدەك رىغبىتىم قالمىغانىدى، رايىم قايتقانىدى. بېشىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالدىم. بىز ئولتۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئوغلۇم پەرھاد يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

– نېمە بولدۇڭ؟ – دېدىم يۈرىكىم «قارت» قىلىپ.

– ئاچقۇچۇمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، سىلەر بولمىغاچ ئۆيگە كىرەلمەي قورقۇپ يىغلىدىم، – دېدى ئۇ ئۆكسۈپ.

– نەگە بارغانتىڭ؟

ئۇ قورقۇمسىراپ ماڭا تىكىلدى.

– راست گەپ قىلساڭ تىرىكمەيمەن، بېرىپ ئاچقۇچنى ئىزدەپ باقايلى-ھە!

– دىبا (دىسكوخانا)غا بارغانتىم، – دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختاپ قالدىم. ئون ياشقا ئەمدىلا كىرگەن بالىنىڭ ئۇنداق جايلاردا يۈرۈشى يۈرىكىمنى ئاچچىق قىلدى. بالىنى ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قولۇم: «ئەر-خوتۇن ئاتا-ئانىلىق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىساڭلار، ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېھىر-مۇھەببەت ھېس قىلدۇرمىساڭلار، شۇ يەرگە بارماي قانداق قىلىدۇ؟» دېگەن خىيالنىڭ تەسىرى بىلەن بوشىشىپ كەتتى.

ئۆيدە ئولتۇرۇپتىمەن. بالام شېرىن ئۇيقۇدا، سائەت ئىسترېلكىسى بىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى. مەن يالغاندىن ئۇخلاپ يېتىۋالدىم. رىزۋان پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھۇجرىغا كىرىپ كىيىملىرىنى يېشىپ يېنىمدا ياتتى.

– ئەمدى كەلدىڭما؟! – چىراغنى ياندۇرۇپ غەزەپ بىلەن

(ئاخىرى 22-بەتتە)

www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم

مامبەت تۇردى

**مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى:** ئەدەبىيات ئىپتىدائىي دەۋردىن تارتىپ «ئاممىۋىلىق» تىن ئىبارەت ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى تاكى ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. شۇڭا، ئەدەبىيات ھەققىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئويلىنىش، پىكىر قىلىش ھوقۇقى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىياتتا «ئادەم مەركەز» بولغانلىقتىن، ئۆزىنى ئادەم دەپ چۈشەنگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەزەلدىن ئۆزى ھەققىدىكى سۆزگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشتىياقى كۈچلۈك بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز دېھقاندىن تارتىپ زىيالىي، ئالىم، ئىشچىلارغىچە ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ئەسەر ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. چۈنكى ئادەم نۇرغۇن ئىشتا ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۆز ئۆلچىمى بىلەن ئەدەبىياتنى، سەنئەتنى، تۇرمۇشنى... ئۆلچەيدۇ. بىز ھېچكىمگە «سەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەسقۇ» دېيەلمەيمىز. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھېچبىر كىشى ئەدەبىيات ھەققىدە چويلىغا توختىمىغان باھالىرى ئۈچۈن بىرسىگە جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار، دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر كۆپ ھالدا ئەدەبىياتقا باھا بېرىش ھوقۇقىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قالايمىقان پايدىلىنىدۇ، باھا بېرىشنىڭ كۈرسىنى چۈشۈرىدۇ. بۇنداق باھالار بەزى ھاللادا بەئەينى ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان خوتۇنلارنىڭ غەيۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

بىزدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بىر جۈملە سۆزدىن تىكەن ئىزدەشتىن تارتىپ، بەدىئىي ئوبرازلارنى «دارىتمىلاش» دەپ چۈشىنىشكىچە بولغان بارلىق سىياسىي سەزگۈرلۈك ھازىرقى زامان تارىخىدىن ئالغاندا، ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «سولچىللىق»، بولۇپمۇ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن قالغان «خۇدۇكسىرەش كېسىلى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر بىر شائىر شېئىرىدا «يېنىمەي ئۇزاتقاندا ئاتلار سېمىز»دەپ يازسا، بەزىلەر ئۇنى دەرھاللا «بۇ ھازىر ئاتلار ئورۇق دېگەنلىك» دېيىشتىن يانمايدۇ ـ دە، سېنى ئىنتايىن خەتەرلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھەققىدە، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياستى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلالمىغان بەزى كىشىلەر قەلەم تۇتقانلارنى خۇددى بۆگۈن ـ ئەتىلا تاپتىن چىقىپ، ئالەمنى ـ مالەم قىلىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئەدەبىياتنى ئەدەبىياتچىلاردىن بەكرەك چۈشىنىمەن، دەپ قارايدۇ. «ھەي توختا، مۇشۇ كەسىپنىمۇ ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇيدىكەن، ئۆزىگە تۇشلۇق ھېكمىتى بار بولمىسۇن» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرىدىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىنىڭ زوقلىنىشى، تەسىرلىنىشى ۋە چات كېرىشى ئىچىدە ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدۇ. بۇ بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق. ئەدەبىياتنىڭ بەختى بىلەن شورى مۇشۇ يەردە. ئەدەبىيات ئاچچىق ـ چۈچۈكلىكى بىلەن تۇر-

## ھەر كىمنىڭ يولى بىلەن

مۇشىنىڭ ئۆزىدەك تەبىئىيلىكىنى ساقلاشقا قادىر. ئۇ ھەشقاللا بىلەن بىر كۆلدە سەمرىپ، بىر شاپىلاق بىلەن شۇمشىيىپ قالمايدۇ ۋە قالسا بولمايدۇ. ھايات، ئەدەبىيات، سۇ مەڭگۈ كېيىنگە ئاقمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغۇلارچە باھا بېرىش، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىق ئىلمگە يات بولغان بەزى ھادىسىلەرگە ۋاقتى — ۋاقتىدا «ھاي» دېيىش ئەدەبىياتچىلارنىڭلا ئەمەس، ئەدەبىياتقا كۆڭۈل بۆلگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى.

ئەدەبىيات بىر پەن: يەر شارىدىكى كەسپلىشىش يۈزلىنىشى تۇرمۇشىمىزنىڭ بارلىق تومۇر — ئېقىنلىرىغا سىڭىپ كىرمەكتە. ئۈرۈمچىنىڭ «بېيگە مەيدانى» دىكى قۇشخانىدا بۆرەكچى، قىرىنچى، ئۈچەي — تېرىچى، باش — پاقالچاقچى، قېرىن مايچى ۋە قۇيرۇق مايچىلارنىڭ ئىش تەقسىماتى شۇنچىلىك ئىنچىكە بۆلۈنگەنكى، جىگەر ئالماقچى بولسىڭىز، جىگەرچى چوكاننىڭ قېشىغا بېرىشىڭىز كېرەك. ئۆپكە بولسا باشقا بىر يايمىدا. ئۈزۈمچى، قاقچى، ياغلىقچى، سوپۇنچى، ناۋاي، كاۋاپچى، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي خىزمەتلەر قاتارىدىكى ئەدەبىياتچى، سوتچى، دوختۇر، ئۇچقۇچى، شوپۇر، ساقچى، ماتارىپچى، ناخشىچى، گىتارچى... قاتارلىق مىڭلىغان كەسپنى ۋە تۇرمۇشنى قامداش يوللىرىنى ماھىيەت جەھەتتىن دەرىجىگە بۆلۈپ، ياخشى كەسىپ، يامان كەسىپ، بۇ كەسىپنى قىلغان كىشىلەر ئۇلۇغ، ئۇ كەسىپنى قىلغان كىشىلەر ئۇلۇغ ئەمەس، دەپ تۈرگە ئايرىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ھالال تەر ئاققۇزۇپ نان تېپىپ يېيىش تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆلچىمى؛ ھەر بىر ئادەمنىڭ تاللىغان كەسپىگە، تۇتقان يولىغا ھۆرمەت قىلىش كىشىلىكنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلپى. ئىككىنچى مەسىلە شۇكى، كەسپلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدىسى، مىزانى بولىدۇ. گىتار مەڭگۈ دۇتار ئەمەس، مۇشۇ رېئاللىققا ئەيىبسىز سۈكۈت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات ئۇزاق تارىختا ئىنگە بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي، نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى مۇكەممەل شەكىللەندۈرگەن، يۈزلىگەن ئەدەبىي ئېقىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىر پەنلەر توركۆمى. ئۇنىڭ تارىخى مىلادىيە تارىخىدىن كۆپ ئۇزۇن. ئەدەبىيات تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ پېشۋالار ئوتتۇرىغا قويۇغان نەزەرىيىلەرنىڭ، قاراشلارنىڭ بۈگۈنمۇ ۋاقتى ئۆتكىنى يوق. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا نۇرغۇن نەرسىنىڭ ئورنى، رولى، ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەن، ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ ئورنى، رولى ۋە ماھىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىنسان روھىنىڭ سادىسى. ئورخۇن — يېنسەي ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن تارىم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مىڭلىغان پەرقنى كۆرستىشكە بولغىنىدەك، كۆڭۈلنىڭ كېيىنگە كىرىش ئادەتلىرىدە مىڭلىغان ئورتاقلىقنىڭ بارلىقنى بىلىشمۇ تەس ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ھېچكىم قەدىمقىلارنىڭ مەنىۋى تەقەززالىقىدىن بىزنىڭ مەنىۋى تەقەززالىقىمىز يۇكسەك، ئەلا، ئورۇنلۇق دېيەلمەيدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىنى «ئىنسان روھىنى ساپلاشتۇرۇش» دېگەن بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىساق، بۇ ماھىيەت ھەرقايسى دەۋردە ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. ئىتالىيىلىك ئالىم ۋىكونىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى سۆزلىشىش ئېھتىياجى شېئىرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شېئىردىكى ئاھاڭدارلىق، رىتىمدارلىق ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى روھىي دورىسى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېپسانە — رىۋايەتلەر ھايات سىرلىرى ھەققىدىكى ئىزتىراپلاردىن تەشكىل تاپسا، پىرىخونلۇق ھاياتلىققا شىپا ئىزدەش يولىدىكى ئىزدەنىشلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان. ئەنئەنىۋى مۇراسىملار سەھنە سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ئىنساندىكى ئويۇنخۇمارلىق ئەدەبىياتقا بەدىئىي تۈس ئاتا قىلغان.

سىز ئەدەبىيات ھەققىدە تۈۋەندىكىدەك خۇلاسىلەرنى ئاڭلىغان چېغىڭىزدا چۆچۈكمىشىپ كەتمەسلىكىڭىز كېرەك: «ئەدەبىيات — تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئەينىكى»، «ئەدەبىيات — دەۋرنىڭ ساداسى»، «ئەدەبىيات — ھېسسىياتنىڭ ۋولقانى»، «ئەدەبىيات — ۋىجدان»، «ئەدەبىيات — ئويۇن»، «ئەدەبىيات — مەزمۇن»، «ئەدەبىيات — شەكىل»، «ئەدەبىيات — تەقلىد»، «ئەدەبىيات — يازغۇچىلارنىڭ ئويغاق كۆرگەن چۈشى»، «ئەدەبىيات — ماياك»... مۇشۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساس بار. ئۇلار مۇرەككەپ ئىجادىيەت جەريانىدىكى مەلۇم ھەل قىلغۇچ بەدىئىي تەجرىبىلەردىن كېلىپ چىققان ۋە خۇلاسىلەنگەن. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايرىپ قويۇپ، «مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەدەبىياتلا ھەقىقىي ئەدەبىيات» دېيىدىغان قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە غەيرىتى، ئەخمەقلەرچە تەۋەككۈلچىلىكىگە توۋا دېمەي تۇرالمايسەن.

ئەگەر بىر ناھىيىدە ئەدەبىيات — سەنئەت خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك يىغىن ئېچىلىپ قالسا، ناھىيىنىڭ رەھبىرى ياكى ئۇنىڭغا دوكلات تەييارلاپ بېرىدىغان كاتىپ ھېچ ئويلىمىسىپ ئوتتۇرماستىلا دوكلاتنىڭ ماۋزۇسىنى «ئەدەبىيات — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، ناھىيىمىزنىڭ دېھقانچىلىق — چارۋىچىلىق خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى» دەپ قويىدۇ. بۇنى ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەرنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقى، غەمخورلۇق قىلغانلىقى، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق دېسەك ئۇلار خۇشھال بولىدۇ ھەم خۇشھال بولۇشى شەرت دەپ بىلىدۇ. ئەگەر شىنجاڭدا ئەدەبىيات — سەنئەت ئىشلىرى گۈللىنىپ، نوقۇل ھالدا قارامايدا نېفىتچىلىك، ئاقسۇدا پاختىچىلىق، ئالتاي بىلەن قىزىلسۇدا چارۋىچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشان قىلىنىدىغان بولسا، ئەدەبىيات — سەنئەتتىكى بۇ خىل ساۋاتسىزلىق — بىر تەرەپلىملىككە كۈلۈش ئەمەس، بەلكى ئېچىنىش كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئادەم، نوقۇل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى ئەمەس. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىسى دۆلەت دەرۋازىلىرىنى

سىرتقا ئېچىۋېتىش، ساياھەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدىكى ھېكايە ئەمەس. ئۇنى بەزىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر تەنقىدلەنگەن ئەسەر دەپ تەھلىل قىلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئارقا كۆرۈنۈش، ئەسەرنىڭ دېكوراتسىيىسى، شەرتلىك مۇھىت. ھېكايىدە ئاساسلىقى يەنىلا ئىتنىڭ ئىتتەك، ئادەمنىڭ ئادەمدەك بولالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان تراگېدىيە سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «چار خوراز» ناملىق ھېكايىسىنى باقمىچىلىق، «قىرلىق ئىستاكان »ناملىق ھېكايىسىنى ھاراقچىلىق بىلەن باغلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن قىزىل رەڭدىن ئىنقىلابنى، قارا تۇماندىن ئۆتمۈشنى كۆرۈش ئادىتى بۇرۇندىن مەۋجۇد بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۈگۈنكى زىددىيىتىمىز كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ـ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. بۈگۈنكى دۆلەت كۈچىنىڭ، ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن سۈپىتىنىڭ، گۇمانىتارلىق پەنلەرنىڭ ھازىرقى قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە ئەسەردىكى ئوشۇقچە ئېيتىلىپ كەتكەن بىرەر جۈملە سۆزنىڭ خەتەرلىك مەسىلە بولۇشى ناتايىن. لېكىن ھەر بىر دەۋرنىڭ تارىخى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تارىخىدىن تولىمۇ قىسقا بولغانلىقتىن، شۇ دەۋر بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنى ئەقلىي جەھەتتىن خۇلاسىلاشقا قادىر بولالماي كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر دەۋرنىڭ كىشىلىرى ئەدەبىياتنى يېڭىدىن باشلانغان ئېرانى مەركەز قىلىشقا ئۈندەيدىغان روھىي ھالەتتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەدىئىيلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىجتىمائىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەدەبىياتقا باھا بەرگەندە ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش، كۆپ ئۇچرايدىغان ئىللەتنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ روھىي تەركىبلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەلەپلەر تارازىسىغا سېلىشتىن كېلىپ چىققان «بەندىلىك قاراش»، تۇرمۇش تەجرىبىسىنى بەدىئىي تەجرىبىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان «دېھقانچە قاراش»، ئەدەبىياتقا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋەزىپە يۈكلەشتىن كېلىپ چىققان «دوگما قاراش»لارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىزنالىرىنى يىراقتىن ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى: دېھقاندىن تارتىپ ئالىمغىچە ھەممە ئادەم ئەزەلدىن ئۆز مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە، سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلارغا دىققەت قىلىشىدۇ. شۇ مەنىدىن ئەدەبىيات قوشۇنىدىكىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى بىلەن تولۇق تونۇشلۇق بولۇشى، ئۇنىڭ بىلەن قوراللىنىشى ۋە ئۆز مەنپەئىتىنى قوغدىشى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىمىز مۇشۇ تەلەپنى ئورۇندىيالا قالماي، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئېسىگە تۈپكى سىياسەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى سېلىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

يېقىنقى جۇڭگو تارىخىدا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىگە ئائىت مۇھىم ھۆججەتلىرى ئىچىدە «ئۈچ نۇتۇق» ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرى، ماۋزېدۇڭنىڭ 1942 ـ يىلى «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن لۇتۇق»ى؛ ئىككىنچىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1979 ـ يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن «تەبرىك نۇتۇق»ى، ئۈچىنچىسى، جياڭ زېمىننىڭ 1996 ـ يىلى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقى. مۇشۇ «ئۈچ نۇتۇق» ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارماقلىرىنىڭ ۋە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ چوڭقۇر تەھلىل قىلىشى، داۋاملىق ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

بۇنىڭدىن ئالاھازەل 63 يىل بۇرۇن ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن گومىنداڭنىڭ قاتمۇقات قورشاۋى ئىچىدە تۇرۇپمۇ ماۋزېدۇڭنىڭ تاغلىق رايون يەنئەندە «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» تىن ئىبارەت سەنئەت دېموكراتىيىسىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئالدىن كۆرەرلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئاغزىڭنى چىڭ تۇتۇپ، مىلتىققا ئوقنى لىق قاچىلا» دېيىش كېرەك. خۇددى ھازىر كاللىسى قىزىپ كەتكەن بەزى ئادەملەرنىڭ «بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتمىغان كەسپلەرنى تىلغا ئالماسلىق لازىم» دېگىنىگە ئوخشاش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» بولغىنىدەك. ئەمەلىيەتتە ماۋزېدۇڭنىڭ نۇتقى جۇڭگو ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە، چەت ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈلگىلىك قىممىتىگە ئىگە ئىلغار تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىشتا، ھەر بىر گراژداننىڭ ئەقىل ئېنېرگىيىسىنى دۆلەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. لېكىن ئېلىمىزدە تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىلىم ساھەسىدىكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش»قا گۇمانىي نەزەردە قارايدىغانلارنىڭ ھازىرمۇ مەۋجۇدلۇقى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. ئىجادىيەت ساھەسىدىكى ھەر خىل ھادىسىگە مۇنازىرە ئارقىلىق، ئىلمىي دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى ئارقىلىق باھا بېرىشكە بولىدۇكى، ھېچكىم ئېنىق دەپ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان «پەرەزلەر» ئارقىلىق باھا بېرىشكە بولمايدۇ. «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەس سايراش»تىن تاغلىق رايون يەنئەندىكى ئىنقىلاب ئىشلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ روناق تاپقان يەردە، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتى شۇ «سايراش»تىن چېكىنىپ كېتەمدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سايراشتىن چېكىنىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، بيۇروكراتلىق، قەغەزدىكى نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت

www.uyghurkitap.com

ۋە خەلقنى ئالداش، يالغانچىلىق، خۇشامەتگۇيلۇق چېكىنىپ كېتىدۇ، شۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ ، 70 ـ يىللىرىدىكى ئاپەتلىك سىياسىي ھەرىكەتلەر جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. خارابىگە ئايلانغان بۇ ساھەنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭ 1979 ـ يىلىلا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ «تەبرىك نۇتقى»دا يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇنداق مۇرەككەپ روھىي ئەمگەك سەنئەتكارلارنىڭ شەخسىي ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكى، نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىشنى پەقەتلا سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىپ، پەيدىنپەي ھەل قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭغا مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن چات كىرىشكە بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ «تەبرىك نۇتۇق» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەرغىب قىلىنغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى 17 يىللىق قارايىپ» نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەستۇر ھۆججەت بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلىشى بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئەمەس، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ۋاقتلىق، كونكرېت، بىۋاستە سىياسىي ۋەزىپىلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىش ئەمەس... » دېگەن سۆزى باھار يامغۇرىدەك مىڭلىغان سەنئەتكارنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتتى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي كەچمىشلىرىگە ھەمراھ بولۇپ، ئەگرى ـ توقاي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلمەكتە. كىشىلەر ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ، نوپۇز، ئىمتىياز، بايلىق مېخانىزملىرى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغاندا سەنئەتكارلار بەزىدە تۆردىن، بەزىدە پەگادىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن. بەزى ئىلغار پىكىرلىك، ئىلىمنى، سەنئەتنى سۆيگەن خاقانلار ئالىملارغا، شائىرلارغا يېنىدىن ئورۇن بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدىكى غايىسىنى ئۇلۇغ داستانغا ئايلاندۇرۇپ، پادىشاھقا سۇنغان. بەزىدە خەلق شائىرلىرى بىلەن سەرگەردانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانداق پەرق بولمىغان، يۇرتمۇيۇرت غەزەلخانلىق بىلەن جان باققان. شۇنىڭ بىلەن تارىختا ئاز ساندىكى تاجدارلارنىڭ خاھىشىغا بېقىش بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىدىن چىقىش ئەدەبىياتنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان ئىككى خىل تەقدىر يولى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ فېئوداللىزملىق تۈزۈم باسقۇچىدا سىياسىي ئىجتىمائىي ئىمتىياز ھەددىدىن زىيادە كۆپچىيىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋاستە ئورنىدا پايدىلىنىش ئەۋج ئېلىپ، سۆز بىلەن ئىنئام ئېلىش بىلەن سۆزدىن كاللا كېتىش ۋەقەلىرى كۆپەيگەن. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر: «باش كېسىش بار، تىل كېسىش يوق» دېگەن ئەقلىيىنى ئۆزلىرىگە تۇمار قىلىپ، تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەڭ زور بايلىق ـ سۆزلەش ھوقۇقىنى جان ـ دىل بىلەن قوغدىغان. ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق فېئوداللىزملىق دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭگودا «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە تەڭ سايرىغان» سۆز باراۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئېغىز ئېچىش بەسىي مۇشكۇل ئىدى. كىشىلەردىكى ھوقۇق ۋە ئۆزىنى ئۇستۇن كۆرۈش تۇيغۇسى ھەر جايدا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بەزىلەر ئۆز كۆز قارىشىغا، ئېستېتىك ھەۋەسىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمىگەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە يولۇققاندا ئۇنىڭغا «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» نۇقتىسىدىن ئەمەس، «مەن ـ مەركەز»، «مەن ـ ئۆلچەم» نۇقتىسىدىن باھا بېرىشكە ئىشتىياقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن مىراس قالغان «سولچىللىق» كېسىلىنىڭ قالدۇقلىرى يەنە بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي بۇرۇلۇش، تاللاشنىڭ ئاچال ئېغىزىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «تەبرىك نۇتۇق»ىدا: «بىز ئەمدى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بېقىنىشنى تەلەپ قىلمايدىغان بولدۇق» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. بۇ سۆز پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەدەبىياتنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھېلىھەم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

يولداش جياڭ زېمىن 1996 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلىپ، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا ئەترابلىق توختالغان. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن بۇ نۇتۇقنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەخسنىڭ ئىجادچانلىقىنى ناھايىتى كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر بولغان ساھەدۇر. بىز سەنئەت دېموكراتىيىسى بىلەن ئىلمىي دېموكراتىيىنى تولۇق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز»؛ «مەيلى سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ياكى سەنئەتنىڭ ئىلغار ـ پاسسىپلىقى بىلەن ئىلمىي جەھەتتىكى ھەق ـ ناھەققە باھا بېرىشتە بولسۇن، ھەممىسىدە مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىشقا بولمايدۇ. پەقەتلا جاپالىق سەنئەت ئەمەلىيىتىگە تايىنىشقا، باراۋەر ھالدا مۇنازىرە قىلىشقا تايىنىشقا، يولداشلارچە سۆزلىشىشكە بولىدۇ»؛ «يازغۇچىنىڭ مۇرەككەپ روھىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش، بۇيرۇۋازلىق قىلماسلىق، يولسىزلارچە چات كىرىۋالماسلىق، نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى پەقەتلا سەنئەتكار سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىزدىنىپ، پەيدىنپەي ھەل قىلىش». بىزگە مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. بىزدە ھازىر كەم بولۇۋاتقىنى، بۇ سۆزنىڭ روھىنى ھەقىقىي ھەزىم قىلىپ چۈشىنىش ۋە ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش. شىنجاڭدا سولچىل قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىك، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا مەملىكەت بويىچە ماس قەدەمدە ماڭالماسلىق، كىشىلەردىكى ئومۇمىي تەربىيىلىنىش ساپاسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەنلىكى، ئىلمىي ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقى، كەسپلىشىشنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى يالغۇزلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىلا ئەمەس، ئىلىم ـ پەننىڭ نۇرغۇن ساھەسىدە ئېغىر دوگماتىزملىق خاھىشى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىلىمگە ئەلىمدەك مۇئامىلە قىلماسلىقتەك بيۇروكراتلىققا، نادانلىققا خاتىمە

بىرىشتە پارتىيىنىڭ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيىسىنى جارى
قىلدۇرۇش ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش زۆ-
رۈر. مۇشۇ مەنىدىن، بەدىئىي ئەسەردىكى سەۋەنلىكلەرنى مۇنازىرە ـ
مۇھاكىمە ئارقىلىق، ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تاللى-
شى ئارقىلىق سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ھەل قىلىپ كەتكىلى بو-
لىدۇ. سەنئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىلا سەنئەتكە يات بولغان مەزمۇن
بىلەن شەكىلنى، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىت كەلگەن ئىدىيىلەرنى
شاللاپ تاللاشقا قادىر. ئۇنىڭدىن قالسا، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت-
چىلەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىش كېرەك. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا خەلققە يۈكسەك مۇھەببەت باغلىغان ئىنتايىن كۆپ ساندى-
كى ئوغۇل ـ قىزبار. ئۇلارنىڭ خەلققە، پارتىيىگە بولغان مۇھەببى-
تىدىن، ئىرادىسىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. گروزىيىلىك ئاتاقلىق
يازغۇچى نادور دۇمبادزېنىڭ «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» ناملىق رو-
مانىدا مۇنداق بىر دىئالوگ (سۆزلەشمە) بار. كومپارتىيىگە تونۇش-
تۇرغۇچى يازغۇچىدىن سورايدۇ: «سەن نېمىشقا پارتىيىگە كىرمەك-
چى؟»، يازغۇچى جاۋاب بېرىدۇ: «پارتىيىنىڭ ئىچىدە بىر بولسىمۇ
ياخشى ئادەمنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن». يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئۈچۈن،
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن «بۇغداي سۆز» ياردىمىنى كۆر-
ستەي، دەيدىغان ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياز-
غۇچىلاردا سەنئەتكارلارغا خاس قىزغىنلىق، ھېسسىياتچانلىق، تۇر-
مۇشنى ئوبرازلىق كۆز بىلەن كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەشتەك كەسپىي
ئادەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ھالدا ساختىلىق، ناھەقچىلىك،
ئۆكتەملىك، ۋىجدانسىزلىق، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەرنى ئەسەر-
لىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، ئۇلارنى
بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدە تۇرغان ئادەمدەك ھېس
قىلىپ قالىمىز. ئۇقۇشماسلىق مانا مۇشۇ يەردىن باشلانغان. ئۇلار-
نىڭ ئەسەرلىرىدە بىز كۈندە ئۇچرىتىپ تۇرغان ۋەقەلەر بايان قى-
لىنغىنىغا قارىماي، ئۇنى ئوچۇقلا يېزىۋەتكىنىنى ھېسسىيات جەھەت-
تىن قوبۇل قىلالماي قالىمىز. «نېمىشقا بۇ يازغۇچىلار ياخشى تە-
رەپلەردىن كۆرە، يامان تەرەپلەرگە كۆپرەك ئېسىلىۋالىدىغاندۇ»دەپ
كايىيمىز. چۈنكى بىز ئادەتلەنگەن مەۋقەيىمىز بويىچە پەقەتلا ياخ-
شى گەپكە، ماختاشقا ئامراق. بىز «بۇ يىل رايونىمىز ئاشلىقتىن
20 ـ يىلى مول ھوسۇل ئالدى» دېگەن شەكىلدىكى خەۋەرلەرگە
كۆنگەن. «بۇ يىل بۇغداي تېرىقچىلىقى بۇلتۇرقىدىن ئون كۈن
بۇرۇن باشلاندى» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەر ئون يىل ئۇدا يې-
زىلغاندا، شۇ يۇرتنىڭ بۇغداي تېرىشتا يەر ھەيدەلگەن ۋاقتى ئون
يىلدىن كېيىن قىشقا توغرا كەپقالىدىغانلىقى بىلەن كارىمىز يوق.
ئاندىن سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: زادى ئاشلىق، مال ـ چارۋا،
دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ يىلسېرى ئېشىۋاتقان كىرىمى ھەققىدى-
كى بەزى ساختا مەلۇماتلار كىمگە پايدىلىق، كىمگە پايدىسىز؟ ئە-
گەر بىزدە ئۆزئارا ماختاشلا بولۇپ، لايىقىدا تەنقىد، ساختىلىقنى
پاش قىلىش، ساقلانغان رېئال مەسىلىلەرنى كۆرسىتىش بولمىسا،
ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدىغان كىم، زىيان تارتىدىغان يەنە كىم؟ خەلق
ئالىلقاچان خۇلاسىلەپ بولغان «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن
كۈلدۈرۈپ» دەپ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئانچە ـ مۇنچە كۆز-
گە چېلىقىپ قالىدىغان تەنقىد، كىنايىلەرنى پرىنسىپ دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈشكە ئالدىرىماسلىق لازىم. خۇددى سارىس كېسـىلى، ئۆي
قۇشلىرى زۇكىمى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يات ـ يات تار-
قىلىپ، شەھەر ـ شەھەر، يېزا ـ يېزا بويىچە دېزىنفېكسىيە قىلىش
ئېھتىياجى تۇغۇلغىنىدەك، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزمۇ روھىي جەھەتتىن
دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئېھتىمۇ موھتاج. بولمىسا ئىچىدىن يۇقۇملى-
نىش، روھىي جەھەتتىن چىرىش ئېھتىمۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى
كەلتۈرىدۇ. شۇڭا گۇمانتارلىق پەنلەردە تەنقىد روھى بولۇشنى تە-
شەببۇس قىلىش ھەددىدىن ئاشقانلىق بولمىسا كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلـىش»،
«سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئىجتىمائىي ئادالەت»، «ئىلمىي قانۇنى-
يەتكە ھۆرمەت قىلىش»، «ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيىسى» ئالاھىدە
تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە پارتىيىنىڭ ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى توغرا ئىزچىللاشتۇ-
رۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەككى،
ئۇنىڭ ئورنىغا ئايرىم شەخسلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات ھەققىدىكى،
بۈگۈنكى يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي ئا-
ساسى كەم بولغان بىر تەرەپلىمە باھالىرىنى دەستىتىشكە، ھەدېسلا
قالپاق كىيدۈرۈپ، پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، ئىلىم مەسىلىسىنى سىياسىي
مەسىلىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ ئۆز قائى-
دىسى، ئۆز نەزەرىيىسى، ئۆزىگە تۇشلۇق باھا بېرىش سىستېمىسى بار.
ئەگەر سىز مۇشۇلارنى تولۇق تەتقىق قىلمىغان، مەخسۇس ئۆگەنمە-
گەن بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ھەقتە خۇلاسە، ھۆكۈم چىقىرىشتا
سەل ئېھتىيات قىلغىنىڭىز تۈزۈك. بولمىسا ھالىڭىزغا باقماي شىلتىڭ
ئاتقان بوپقالىسىز!

2005 ـ يىل سېنتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇ-
تىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەت-
لىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، تونۇلغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى

بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى (تەكلىپ قىلىنغان)



# يېڭى زامان چېقىمچىلىرى ئۈستىدىن ۋىجدان سوئال - سورىقى

—لۇشۇسۇك ۋەقەسى توغرىسىدا قوشۇمچە پارانچ

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى بىر جۇشقۇن ياش ئوقۇتقۇچى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسخانىسىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى دەرس قىلىپ سۆزلەپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى يېڭىچە قاراشلىرى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار بىلەن دەرس سۆزلىگۈچىنىڭ ھاياجانى گىرەلىشىپ، دەرسخانىدا پات - پاتلا دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. لېكىن شۇ ھاياجانلىق مۇھىتتا خەۋپنىڭ شەپىسمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن چىققان مەلۇم بىر ئاكتىپ يىگىت دەرستىكى ئايرىم سۆزلەرنى تۇتۇۋېلىپ، مەكتەپنى يېقىندىلا پۈتكۈزۈپ چىققان ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، مەخپىي چېقىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇتقۇچى ئاخىر چەت - ياقىدىكى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپكە سۈرگۈن بولۇپ، ئۇن نەچچە يىللىق جاپالىق تۇرمۇشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ.

شۇ ئادەم مېنىڭ مەكتەپدىشىم جۇلۇزى دېگەن ئادەم. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تور ھەۋەسكارلىرىنىڭ تولىسى بىلىدىكەن. ئۇ شۇنداق تارتقۇلۇقلارنى تارتقانلىقى ئۈچۈن، قارا نىيەت چېقىمچىلارغا - مۇئەييەن ئىدېئولوگىيە زېمىنىدا باشقىلارنى ئورىغا تىقىش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئادەملەرگە قاتتىق لەنەت - نەپرەت قىلىدىغان بوپقالدىم. جۇڭگونى ئادەملەرنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئۇيغىتىش يولى بىلەن تەرەققىي تاپتۇرۇۋشقا بىر مۇنچە ئادەم ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنىلا يېڭى زامان چېقىمچىلىرى پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. جىلىن سەنئەت ئىنستىتۇتىدا لۇشۇسۇك فامىلىلىك ئوقۇتقۇچى خانىم 2005 - يىلى دەرس ئۆتۈۋشتىن توختىتىپ قويۇلدى، بۇنىڭغا قايسىبىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنى مەخپىي ھالدا چېقىپ قويغانلىقى سەۋەب بوپتۇ؛ ماقالە يېزىپ ئۇنىڭغا مەدەتكارلىق قىلغان پروفېسسور ئەي شاۋمىڭنىڭمۇ 20 نەچچە يىل غەدىۋەت - شىكايەتكە قالماي ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان رېكورتىمۇ بۇزۇلۇپ

## چېقىمچىلىق قەبىھ ئىللەت

كېتىپتۇ.

پروفېسسور ئەي شاۋمىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن تۇغۇلغان يېڭى زامان چېقىمچىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ دەرسخانىدا بەرگەن بىلىملىرىمنى، نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى رەت قىلساڭ قىل، بوپتۇ مەيلىڭ. لېكىن مۇشۇ دۇنيادا ئۆي ـ پىكرى سېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قانچىلىك ئادەم باردۇ؟ شۇنداق ئادەملەر بىلەن كەلگۈسىدە قانداقمۇ چىقىشىپ ئۆتەرسەن؟ باشقىلارنىڭ ئىددىيىسىنى ھوقۇقىنىڭ كۈچى بىلەن تىزگىنلەيدىغان مەنسەپدارلارغا مەڭگۈ پايپېتەك بولۇپ ئۆتەرسەنمۇ؟»

راست شۇنداق. ئەي شاۋمىڭ پروفېسسور ئېچىپ ئېيتقىنىدەك، ھوقۇقلۇقلار بىلەن بىر نىيەتتە بولۇش چېقىمچىلارنىڭ ئەڭ تۈپ بەلگىسىدۇر. مانا بۇ ئەھۋال ئۇلارنى ئادەتتە پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىدىغانلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ. ھوقۇقلۇقلار بىلەن بىر نىيەتتە بولۇدىغانلار، تەبىئىيكى، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان ئادەملەرنىڭ ھوقۇقلۇقلار قولىدا زۇلۇم چېكىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چېقىمچىلىقنىڭ باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، چېقىمچىلار چاققانغا لايىق نەتىجە چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئاقىۋەتتە نېمە بولۇپ چىقىشىنى چېقىپ قويۇشتىن بۇرۇنلا بوداپ بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، چېقىمچىلار سوغۇققانلىقتا باغرى تاش بوپكەتكەن ئادەملەركى، ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى تاسادىپىي قان قىزىقلىقىدىن بولماستىن، روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى مەلۇم بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ.

چېقىمچىلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى بىر بولسا ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن بولىدۇ، بىر بولسا مەنپەئەتنىڭ زورى بىلەن بولىدۇ. چېقىمچىنىڭ ھەرىكىتى ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن بولغان بولسا، ئېھتىمال مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەيداندا تۇرۇپ قالغان بولۇشۇم ، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە گىنە ساقلىمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى لۇشۈسۇڭ ۋەقەسىدە چېقىمچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ چېقىمچىلىق قىلىش يولىنى ھەقىقەتەن ئېتىقاد زورى بىلەن تاللىۋالغانلىقىدا ياكى ئۇنداق بولمىغانلىقىدا.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا مۇنداق گەپ بار:

سىنىپ بىلەن سىنىپ قارىمۇ قارشىلىشىپ تۇرۇۋدىغان كونا بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغىنى شۇنداق بىر جامائەتكى، ئۇنىڭدا ھەر بىر شەخسنىڭ ھۆر ـ ئەركىنلىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئەركىن راۋاج تېپىشىنىڭ شەرتى بوپقالىدۇ.

شەخسنى ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىشكە كوللېكتىپ نامى بىلەن زورلاش ئەمەلىيەتتە كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسىغا زىت. بىزنىڭ ئىلگىرى كوللېكتىپ شەخستىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ تەكىتلىگەنلىكىمىز، مەيلى ھەر قانداق نۇقتىدىن قارايلى، ئۇقۇشۇلمىغان سەۋەنلىك بولغان. كوللېكتىپ دېگەن سۆز ئەسلىي Community (جامائەت) دېگەن سۆزدىن خاتا تەرجىمە قىلىنغانىكەن. 1995 ـ يىلىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»دە ئىلگىرىكى «كوللېكتىپ» دېگەن سۆزلەر «جامائەت»كە ئۆزگەرتىلدى؛ كوممۇنىزم (Communism)دىمۇ جامائەتىزم دەيدىغان دەسلەپكى مەنە روشەن چىقىپ تۇرۇۋدىغان بولدى. جامائەت دېگەن نېمە؟ شەخسلەرنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. ئۇ، شەخسلەرنىڭ جەم بولۇشىدىن ھاسىل بولغانكەن، شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن زىتلەشمەسلىكى، شەخسنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ۋە ئەركىن راۋاج تېپىشىنى مەقسەت قىلىشى شەرت. جۇڭگونى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دەيلى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەركىن ئادەملەرنىڭ بىرلەشمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى يەنە شەخسىي ئەركىنلىكنى كوللېكتىپنى پەش قىلىپ تۇرۇپ چەكلىشى يارىمايدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، قايسىبىر چېقىمچى ھەقىقەتەن كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىنىڭ زورى بىلەن چېقىمچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان بولسا، مەن شۇنداق دەيمەنكى، ئۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. مەلۇم بىر ئىدىيىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئۆزى نادانلىق بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى خەۋپلىكتۇر.

ئېتىقاد دېمەك كىچىك گەپ ئەمەس. ئاخىرقى يېڭى زامان مەسىلىكى دەۋر سۈرۈپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، مەلۇم بىر ياش ئادەمنىڭ ئېتىقاد سەۋەبى بىلەن چېقىمچىلىق قىلىش يولىنى تاللىۋېلىشى زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق ئېھتىمال نەزەردە تۇتقۇچىلىكى يوق دەرىجىدە ئاز بولۇشى، مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ چېقىمچى بوپكېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى بىر بولسا پۇل ئازدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، بىر بولسا ھوقۇق تەمەسى ئۇنى شۇنداق ھارامزادىلىك يولىغا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئالدىن ۋەدىلەشكەن مۇكاپات ـ ئىنئاملارنى ئالغان ـ ئالمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى پەس كۆرۈشكە ئۆززۈمنى ھەقلىقمەن، دەپ قارايمەن: قۇياش نۇرى ئاستىدا ياشاپ تۇرغان بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ مەلۇم خۇسۇسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە زامىن بولسا، بۇنداق ئىنساپسىزلىق ھەر قانداق ئادەمنى ۋەھىمىگە سالغانىنىڭ ئۈستىگە ئىپلاسلىق بولىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ دېموكراتىيە، تەڭ ـ باراۋەرلىك، ھۆر ـ ئەركىنلىك ئالقاچان دۇنياۋى يېتەكچى ئارزۇغا ئايلانغان 21 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى، يېڭى زامان چېقىمچىلىرىمۇ تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ مەيۈسلىنىش بىلەن بىللە سوئال ـ سوراق نىشانەمنى چېقىمچىلاردىن بارلىق جۇڭگو ئادەملىرىگىچە كېڭەيتمەي تۇرالمايمەن:

تېخىچە مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزغا نادامەت قىلىۋاتامسەن ـ يوق؟ ئۆكۈنۈۋاتامسەن ـ يوق؟

---

ۋاڭ شاۋخۇا ئىمزالىق بۇ ماقالە ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «خېبېي گېزىتى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل 28 ـ سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان. توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



▲ چاتاق تۆۋەندىكى تۆت خىل نەرسىدىن چىقمىسا، باشقا نەرسىلەردىن ئالدىراپ چىقمايدۇ: 1. ئىشەنگەن كىشىدىن؛ 2. تىلدىن؛ 3. يېقىن دوستتىن؛ 4. سەل قارىغان ئىشتىن.

— ئىمام مەجىد خەنجەرىي

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدا، دېھقان

**روھىمدىكى ئېزگۇ تىنىقلار**

▲ ئۆزى چوڭ بولسىمۇ، تەپەككۇرى چوڭ بولمىغان ئادەم مەڭگۈ گۆدەك.

▲ ھاياتلىقتا بىز تاللايدىغان نەرسىلەر بىزنىمۇ تاللىغانلىقى ئۈچۈن، ئېرىشىدىغانلىرىمىز ناھايىتى چەكلىك.

▲ غالىبلاردىن يېڭىلىش ئاجىزلىقنىڭ بىر تەرىپى، ئۆز - ئۆزىدىن يېڭىلىش - بىر پۈتۈن ئاجىزلىقتۇر.

▲ قەلبىڭنىڭ پىچىرلىشىنى ئاڭلىيالايدىغان قۇلىقىڭ بولمىسا، ئۆز - ئۆزۈڭگە تەۋە ئەمەسسەن.

▲ چۈشكۈنلۈك - ئىدىيىنىڭ ئەخلەتخانىسى.

▲ ئۆگىنىش قوبۇل قىلىشنىلا ئەمەس، شاللاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە

## تەپەككۇر كۆزى

ئالىدۇ.

▲ ھەر ئادەمنىڭ قەلبى - ئۆز - ئۆزىگە مەكتەپ.

▲ خاراكتېردىكى ئاجىزلىق - بارچە ئاجىزلىقنىڭ مەنبەسى.

▲ مۇھەببەتتىن ئارتۇق كۈچ يوق. پەقەت قەلب ئىگىسى مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىنى تولۇق ھېس قىلغاندىلا.

▲ ئائىلىسى ئۈچۈن كېرەك بولمىغان ئەر - ۋەتىنى ئۈچۈنمۇ كېرەك بولمايدۇ.

▲ كىملىكىڭگە بېقىپ، كىمنى سورا.

▲ ھايۋاننىڭ ۋەھشىيلىكى قورساق غېمىدىن،
ئىنساننىڭ ۋەھشىيلىكى ئەقىل كېمىدىن.

▲ ئاقىللار پىكىر ئىچىدە ئۈچرىشىدۇ، نادانلار زىددىيەت ئىچىدە.

▲ مەنزىلىڭ غۇۋا بولسىمۇ، غايەڭ روشەن بولسۇن.

▲ «ئادەملەر كىتاب ئوقۇمايدۇ» ئەمەس، كىتاب ئۆزىنى ئوقۇشقا مۇناسىپ ئادەملەرنى تاللاۋاتىدۇ.

▲ نادانلارچە سورالغان سوئالغا ئاقىلانە جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ.

▲ تەپەككۇر كۆزى روشەن ئادەم بىلىپ - بىلمەي روھىي ئەمالارنىڭ مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۆز زىممىسىگە يۈكلىۋالىدۇ.

▲ ئۆزىدە بىلىمنىڭ كەملىكىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك.

▲ تارىخ ئىبرەتلىرىدىن مەلۇمكى، ناداندىن قاتىل چىقىدۇ، قۇلدىن مۇناپىق.

▲ ۋاقىت - ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانغا ئۆز - ئۆزىنى ھېس

قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەرگەن چەكلىك پۇرستى.

▲ ئىرادە ـ ئۈمىدنى ياشارتىدىغان رېتسېپسىز دورا.

▲ ئىنسان قانچە سەممىي بولغانسېرى ئۆزىنىڭ قەلبىگە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

▲ تەپەككۇردىن كېيىنكى ھەرىكەت ـ سۈكۈتتىن كېيىنكى كۈچلۈك پارتلاشقا ئوخشايدۇ.

▲ نادان بىلەنكى سۆھبەت ـ روھقا كۈلپەت.

ـ نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قارا تېكىن سەنئەت كومپيۇتېرى» مەركىزىدە

* * *

▲ «قىز دوستۇم» دېگەن ئاتالمىنى چىققان ئېغىزغا تىقىۋەتسەم! دوست دېگەن ئوغۇلنىڭ ئوغۇل دوستى، قىزنىڭ قىز دوستى بولغان بولىدۇ. ئوخشىمىغان جىنسلار ياكى ئاچا ـ سىڭىل، ياكى قېرىنداش بولىدۇ.

ـ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسى قىرغىز مەھەللىسىدە، دېھان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ يۈرىكى سوۋۇۋاتىدۇ.

▲ ئايالنىڭ قىممىتى ئانا بولۇشتا، ئانىنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئىنساننى يارىتىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ تەشۋىش كۆپەيگەنچە تەدبىر سۇسلىشىدۇ،
تەپەككۇر كۆپەيگەنچە ئادەم تاكامۇللىشىدۇ.

▲ يۈرىكى يار ئۈچۈن ئەمەس، خەلق ئۈچۈن سوقىدىغان شائىرلار ياخشى شېئىر يازالايدۇ.

▲ نادىر ئەسەر تۇمەنىڭ قەلبىتە چاقنىسا، ناچار ئەسەر مەتبۇئاتنى زۇلمەتتە قالدۇرىدۇ.

▲ بىز باشقىلارنىڭ بىزگە باھا بېرىشىگە شۇنچە ئامراقيۇ، باشقىلارنىڭ بىزگە بەرگەن باھالىرىنى دەماللىققا قوبۇل قىلالمايمىز.

ـ ھەلىمە مەھمۇت

ئاپتور: پىچان ناھىيە تويۇق يېزا پەنجەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەممە جەھەتتە خاتىرجەم ئاۋامنىڭ قولىقىغا قىستۇرۇلغان گۈل. ئەكسىچە بولغاندا، ئاۋامنىڭ كۆتىگە قىستۇرۇلغان گۈل.

▲ ئۆز تارىخىدىن پەخىرلىنىدىغان مىللەت بىر بولسا تېخىمۇ تىرىشىدۇ، بىر بولسا بارغانسېرى چېكىنىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، دانىشمەن ئاز قەۋمدە نادانلار پادىشاھ بولغان.

▲ ئايالىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭگە قاراپ، مەجبۇرىيىتىڭنى قانچىلىك ئادا قىلىۋاتقانلىقىڭنى بايقىيالايسەن.

▲ «قايغۇرماڭ، ھۆكۈمەت سىلەرنى يۆلەيدۇ» دەپ تۇرۇپ قىلغان خەير ـ ساخاۋەت، «تىرىشماي، مۇشۇ ھالىتىڭلارنى ساقلاپ قېلىڭلار» دەپ قىلىنغان ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرمەسلىكنىڭ ئىپادىسى.

▲ تىللاپ، خاپا بولۇپ ـ ئاچچىقلاپ تۇرۇپ قىلىنغان ياخشىلىقتىن، كۈلۈپ تۇرۇپ قىلىنغان نەسىھەت ياخشىدۇر.

▲ ئېنىق بىر مەيدانى، غۇرۇرى، ۋىجدانى، كۆز قارىشى بولمىغان كىشى ـ قۇيۇندا ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئەخلەتكە ئوخشايدۇ.

▲ ھاراق بوتۇلكىسىنى ئاچقىنىڭ ـ ئەدەب ـ ئەخلاق بىلەن خوشلاشقىنىڭ.

▲ ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىغا ئۈلپەت بولمايدىغانلار ھەقىقەت بىلەن ئۈلپەت بولغانلاردۇر.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، تىنچ ئەلدىن دانىشمەن ـ ئالىم كۆپ چىقسا، تىنچسىز ئەلدىن قەھرىمان كۆپ چىقىدۇ.

▲ قەھرىمانلىق بىلەن دانىشمەنلىك بىرلەشسە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

▲ خۇشاللىقىڭنى ئەڭ ئاخىردا تەبرىكلىگەن كىشىدىن ھەزەر قىل.

▲ قايغۇلۇق كۈنلىرىڭدىن رەقىبىڭ ئەڭ ئاۋۋال خەۋەردار بولىدۇ.

▲ سەپەر ئادەمنىڭ ئەخلاقى ۋە روھىيىتىنى سىنايدىغان ئىمتىھان.

▲ ئاڭلاپ تەپەككۇر قىلىش ـ ئەقىللىقنىڭ، ئاڭلاپلا قويۇش قۇلىقى ساق، مېڭىسى يوقنىڭ ئىشى.

▲ ئۆلۈككە قىلىنغان قىرائەت، ھاياتلارغا قىلىنغان مۇراجىئەت.

▲ ئۆگەيلىكىنىڭ قانداقلىقىنى كەمچىلىك ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەنىڭدە ئاندىن بىلىسەن.

▲ باشقىلارنىڭ توغرا سۆزىنىمۇ قوبۇل قىلماسلىق ـ نادانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلىك.

▲ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قەدرىنى ئۆلگەندە يېشىڭ بىلەن ئىپادىلىمەي، ھايات ۋاقتىدا تەرىڭ بىلەن ئىپادىلە.

▲ ئۆز تارىخىدىن نومۇس قىلمايدىغانلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تارىخىمۇ ئۆتمۈشىدىكىدەك بولىدۇ.

▲ نادانلار ھەقىقەتنى دار ئالدىدىلا ھېس قىلىدۇ.

▲ نادانلارغا ھەقىقەتنى سۆزلەپ چۈشەندۈرەلمىسەڭ، كۈچ بىلەن چۈشەندۈر.

▲ سېنىڭ ھەقىقىتىڭ دۈشمىنىڭگە سەپسەتە ۋە ئىغۋا.

▲ روھىڭنى تاۋلاپ تۇرمىساڭ، جىسمىڭنى دات باسىدۇ.

▲ قان ـ قېرىنداشلىق قېرىنداشلىق ئەمەس، روھ قېرىنداشلىقى ھەقىقىي قېرىنداشلىق.

▲ روھىي ئويغاقلارنى ئىزدىسەڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى كۆر.

▲ تەن ئەركىنلىكى ئەركىنلىك ئەمەس، روھ ئەركىنلىكى ـ ئەركىنلىك.

ـ ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

## تەپەككۇر ياپراقلىرى

▲ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ـ غەلىبىنى تەدبىر، مەغلۇبىيەتنى تەقدىر دەپ قارايدىغانلىقىدا.

▲ كىم ھەقىقىي دوست، كىم ھەقىقىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن مەھرۇم بولۇپ باق: ھوقۇق، پۇل ۋە خوتۇن.

▲ نادانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ساختىپەزلەر.

▲ ئادەم پۇلنى قانداق تېپىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن نامرات بوپقالغان ياكى تاپقان پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن نامرات بوپقالغان.

▲ قىزلار ئۆزىنى باغرىغا باسقان ئوغۇللارغا پەيدىنپەي يېقىنلىشىدۇ. ئوغۇللار ئۆزىنى باغرىغا باسقان قىزلاردىن پەيدىنپەي يىراقلىشىدۇ.

▲ دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرمەك بەك قىيىن، چۈنكى ئۇلار دائىم سەن بىلەن بىللە.

▲ «ئادەمگە ئىشەنمە» دېگەن سۆز ـ دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرمىگەن ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان.

▲ سەن: ئاياللارنى بۇزغان ئەرلەر دەيسەن، ئۇ: ئەرلەرنى بۇزغان ئاياللار، دەيدۇ. مەن دەيمەن: ئاياللارنى بۇزغانمۇ خاتا ئىدىيە، ئەرلەرنى بۇزغانمۇ خاتا ئىدىيە.

▲ ئادەم ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن چاغدا ئادەم بولىدۇ ياكى ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولغان چاغدا ئادەم بولىدۇ.

ـ ئابدۇقەييۇم ئىيسا

---

ئاپتور: يېڭىشەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ باللار تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەربىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» كۆزنىكى يۇقىرىقى ئۈچ تەربىيىنىڭ مۇجەسسەملەشتۈرۈلمە جەۋھىرىدۇر.

ـ قەدىرنىسا مۇھەممەت

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## ئۈنسىز نىدالار

▲ ئەيش ـ ئىشرەت ئەرلەرنى دەسلەپتە يانچۇقتىكى پۇلىدىن، كېيىن قاۋۇل تېنىدىن، ئاخىرى بارچە نەرسىسىدىن ئايرىيدىغان كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر ۋابادۇر.

▲ جەمئىيىتىمىزدىكى تەمەخور، پارىخورلار يوقالمىغىچە، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى «يول مېڭىپ» دېگەن گەپمۇ يوقالمايدۇ.

▲ ئۆزى نامرات بولسىمۇ، ئەجىرسىز كەلگەن نەرسىلەرگە قول سۇنمىغان، دۇنيادىكى ھەقىقىي باي ئادەم.

▲ رەزىل چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ياخشى ئادەملەرگە قارا چېكىت قويۇپ قويىدىغان رەھبەر: توختا! خەلق ماڭا قانداق چېكىت قويۇۋاتىدۇ؟ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئويلىشى كېرەك.

▲ بەزى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن: «ھازىر زامان بەك بۇزۇلۇپ كەتتى» دېگەنلەرنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇلاردىن: «بۇ زاماندا كىم ياشاۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغىم كېلىدۇ.

▲ رەھبەر بولغۇچى ئۆزى تۈزگەن تۈزۈملەرگە باش بولۇپ خىلاپلىق قىلسا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ شۇ تۈزۈمگە بويسۇنۇشىدىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ بولىدۇ.

ـ ئەكبەر جاپپار

---

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

* * *

▲ ئۆزىنى ئۇنتۇش ئىككى خىل ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ: بىرى، كامىللىق، يەنە بىرى غاپىللىق.

▲ بىر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئوقۇتقۇچى سۇغا چۈشۈپ كەتسە بىرىنچى بولۇپ سۇغا سەكرەيدىغىنى دەل ئوقۇتقۇچى نەزىرىدىكى «يامان» ئوقۇغۇچى.

▲ دۇنيادىكى بارلىق دەرۋازىلار ئىچىدە قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىش ئەڭ مۈشكۈل.

ـ لۇتپۇللا كۈرەش

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى يىگىتلىرىمىزنى ۋىجدان ـ غۇرۇرلۇق، قىزلىرىمىزنى ئەدەب ـ ئەخلاق، شەرم ـ ھايالىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

▲ ئۆزىمىزنى بارغانسېرى پاكىز تۇتىدىغان بولدۇقيۇ، ئەتراپتىكى مۇھىتنى بۇلغاپ بولدۇق.

ـ ياسىنجان قەييۇم

---

ئاپتور: كورلا شەھىرى «ئىتتىپاق» سودا بازىرىدا تىجارەتچى

## تۇرمۇش تىنىقلىرى

▲ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىدىن ۋايساشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى يېتەكلەۋاتقان مائارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى كادىرلار ساپاسىغا قارا.

▲ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلار بىر بولسا بىلىملىك، بىر بولسا كەرىملىك، بىر بولسا تىرەكلىك.

▲ مائارىپى ساختىلاشقان ئەلنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاشقان بولىدۇ.

ـ ئابدۇغېنى توقۇ

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئەرلەرنىڭ خاپىلىقى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر، بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ خاپىلىقى سىم ـ سىم يامغۇر، ئاسان توختىمايدۇ.

▲ ئەقىللىق ئاياللار ـ ئەرلەر ئۈچۈن بىر ھېكايە.

ئەقىللىق ئەرلەر ـ ئاياللار ئۈچۈن بىر تېپىشماق.

▲ پەلسەپىدە ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى، دەيمىز. بىراق مىلتىق بىرەرسىنىڭ قولىغا چىقىپ بەتلەنگەندە ئاڭ بىرلەمچى، ماددا ئىككىلەمچى بوپقالىدۇ.

▲ مىلتىقنى قارىغا ئالغان ھەرقانداق مەرگەن ھامان بىر كۆزىنى قىسقىنىدەك، ھەسەتخور ئادەممۇ ھامان بىر كۆزىنى قىسىۋالىدۇ.

ـ ھۈسەنجان نامان

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تۇغۇندىلىرى

▲ ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشى ـ ئۆزىنىڭ ئېلان تاختىسى.

▲ تەبىئەت ھۆسنى گۈل بىلەن، جەمئىيەتنىڭ كۆركى ئايال بىلەن.

▲ بۇ دۇنيانىڭ جەننەت ھۆزۈرىمۇ ئايال، دوزاخ ئازابىمۇ ئايال.

▲ ئۆزگىچە ئويلاپ، ئۆزگىچە ئىشلەپ، ئۆزگىچە يول تۇتقانلار ئىسلاھاتچىدۇر.

▲ ئانىلار ھەمىشە ھەر يەردە باللارنىڭ خالىس ئاقلىغۇچىسى، قوغدىغۇچىسى.

▲ ئائىلە مەملىكىتىنىڭ تەختىمۇ ئايال، بەختىمۇ ئايال، شاھىمۇ ئايال، مالىيىمۇ ئايال.

▲ ئادەم روھىدا ۋىجدان، ئىمان، ئارماندىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەر بار.

▲ ياخشىغا سۆز قىلساڭ نىشانغا تەگكەن ئوققا ئوخشايدۇ، نادانغا سۆز قىلساڭ، شامالغا كەتكەنگە.

▲ ئاچچىقلىنىش ـ قولۇڭنى ئۇزارتىدۇ، ئەقلىڭنى قىسقارتىدۇ.

▲ چىن دوست تەبرىكلەيدۇ، تەنقىدلەيدۇ؛ يالغان دوست مەدھىيىلەيدۇ، تەبرىكلەيدۇ، ماختايدۇ، تەنقىدلىمەيدۇ.

▲ سەبىي بالا ۋاقتىدىن ئامراق دوست بولغانلار مەڭگۈ سەبىي تىلدا سىردىشالايدۇ.

▲ ئەرلەر بۆرىدەك قەيسەر، يىلپىزدەك چەبدەس، يولۋاستەك مەرد، شىردەك باتۇر، ئېيىقتەك كۈچتۈڭگۈر پالۋان بولسا...

▲ ئەسكى ھارۋا يول بۇزىدۇ، ئەسكى موللا ئەل بۇزىدۇ.

▲ پۇل ھەممىلا ئادەمنى جەلپ قىلالايدىغان دۇنيا گۈزىلى.

▲ ھازىر دورىخانا، دوختۇرخانىلار بىلەن بىمارلار ئوڭ تاناسىپ، دورا باھاسى بىلەن دورا ساپاسى تەتۈر تاناسىپ بولۇۋاتىدۇ.

▲ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا بىلمەستىن تۇرۇپ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ھەرقانچە كۆپ بىلسەڭمۇ، ھەرگىز مۇكەممەل بولالمايسەن، چۈنكى بىر قانات بىلەن ئۇچالمايسەن.

▲ بىلىم ـ قابىلىيەتلىك ئادەم بىر مەنزىل جاپا تارتسا، نادانلار بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدۇ.

▲ ئادەم ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئىككى ئىشتىن: بىرى، ئەخلاقسىزلىق ـ ئەدەبسىزلىكتىن، يەنە بىرى، پايدا ـ مەنپەئەتتىن ئاسانلا تۆكۈۋالىدۇ.

▲ ياڭاقنىڭ شاكىلى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق، ۋەسىيەتنىڭ ئېيتىلىشى قاتتىق، ئۈنۈمى تاتلىق بولىدۇ.

▲ ئۆگۈنۈشسىزلىك باتۇرلار ئۈچۈن ساۋاق، ئاجىزلار ئۈچۈن تاياق بولىدۇ.

▲ ئانىلار يىغلىسا ئائىلە تىترەيدۇ، ئاتىلار يىغلىسا ئالەم تىترەيدۇ.

▲ قوماندان ئەلەم بىلەن دۆلەتنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئالىم قەلەم بىلەن دۆلەتنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ.

▲ نامرات ـ كۆنۈك، ھورۇن ـ ئۆلۈك.

▲ سۇ بۇلۇتنى تۇغىدۇ، بۇلۇت سۇنى؛ پۇل پۇلنى تۇغىدۇ، پۇل كۈچ ـ قۇۋۋەتنى.

▲ دۈشمەن ماختىغاندا كۈلسەڭ، غەزەپ قىلغاندا ئۆلۈسەن.

▲ راستچىل بىرلا ئۆلىدۇ، يالغانچى مىڭ ئۆلىدۇ.

▲ تۇيۇقسىز كەلگەن مۇسىبەت، ئاساسسىز تۆھمەت، ئۈنۈمسىز خىزمەت، تۈگىمەس سۆھبەت ـ ئۆمرۈڭنى ئۆپرىتىدىغان ئاپەت.

▲ تىلىڭنى يىغمىساڭ بېشىڭغا ئاگاھ بول، نەپسىڭنى يىغمىساڭ چىشىڭغا.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، سارايى شائىرلىرى خەلققە يارىمايدۇ، خەلق شائىرلىرى شاھقا.

▲ پۇرسەتنى تۇتالىغانلار دارامەتتە، تۇتالمىغانلار نادامەتتە.

▲ گۈل قانچە ئاشكارا تۇرسا شۇنچە تارتىملىق، گۈزەل كۆرۈنىدۇ؛ ئاياللارنىڭ تېنى قانچىكى يوشۇرۇن، يېپىق تۇرسا شۇنچە سىرلىق، سېھىرلىك، تارتىملىق، گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

▲ ئىنسان ئەقىل ئىشلەتسە ئەڭ كۈچلۈك، ئىشلەتمىسە ئەڭ ئاجىز مەخلۇق.

▲ بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ـ ياخشى تەربىيە كۆرگەن قابىلىيەتلىك ـ ئىقتىدارلىق بالا.

▲ خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىپ قالغان ئەسكى ئىللەت، يامان ئادەت ساقچىسى يوق تۈرمىدىن ئىبارەت.

▲ ئەجەل ـ غايىب ئوق.

▲ ئۇرۇش ـ ئادەم ئادەمنى قىرىش دېمەكتۇر.

▲ ئۈچ خىل ئادەم ئاخىرى ئوسال بولىدۇ: يالغانچى، ئالدامچى، چېقىمچى.

▲ پۇل پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ساخاۋەتچى، پەس نىيەتلىك كىشىلەرنى جىنايەتچى قىلىدۇ.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر بىخلىرى

▲ ئوتقا ئوتۇن سېلىپ تۇرمىساڭ، ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ قالىدۇ، ئىرادىگە جاسارەت قوشمىساڭ، قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتقانغا ئوخشاش، نادانلارنىڭ جاپاسىنى ئەل ـ ئاۋام تارتىدۇ.

▲ جەمئىيەتنىڭ كۈچى كېرەكسىز ئادەملەرنى كۆپلەپ بېقىش بىلەن خوراپ تۈگەيدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

## تەپەككۇر ئۇۋاقلىرى

▲ قانائەتسىز ئەقىل بەختىنى ھېس قىلالمايدۇ.

▲ جان باقارلار كۈچىسىغا كىرىۋالغان ئوغۇتقۇچى – خەلق خەزىنىسگە چۈشكەن مىتە، مىللەت ئالدىدىكى گۇناھى ئەڭ ئېغىر خائىن.

▲ خىيانچى مەنسەپدارلار كۆز بويامچىلىقى بىلەن قانۇن سىرتىدىن ۋاقىتلىق قاچالغىنى بىلەن، ھېچبولمىسا بىر كۈنى سېمىزلىكتىن ئۆلىدۇ.

– مۇھەممەتئىمىن يۇنۇس

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا كارىندە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى

## ئاچچىق تەپەككۇرلار

▲ بەزىلەر تىلەمچىلەرنى كەمسىتىدۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قايسى خىلدىكى تىلەمچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ باقمايدۇ.

▲ گالۋاڭنىڭ رىزقىنى چېچەن يەيدۇ.

▲ بۇرۇنقى قۇلدارلار ئادەملەرنى مەجبۇرىي ساتقان بولسا، ھازىرقى ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى ساتماقتا.

▲ بىر نەرسىنى قانچىكى ئېگىز كۆتۈرسەڭ، ئۆزۈڭ شۇنچە پەستە قالىسەن.

▲ ھازىرقى زاماندىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرمۇ ئادەم تاللايدىغان بوپقالدىمۇ، قانداق. ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئادەتتىكى كېسەللىكلەر، پۇلدار – بايلارغا بولسا كېسەللىكلەرنىڭ چوڭلىرى ھەمراھ بولىدىكەن.

▲ بىرەر ئادەم بىرەر ئىشنى خاتا قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، قىلمىشىنى ئەيىبلە.

▲ كاج ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارقىلىقلا ئارام تاپىدۇ.

▲ بىشەم – جاۋابخور خوتۇن – تۆتۈن ياندۇرغان مورا، پۈتنى قىستىغان ئاياغ.

▲ دۈشمەننىڭ كۈلكىسى قىشتىكى ئاپتاپ.

– ئامىرجان مۇھەممەت شور

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## روھلانغان كۈيزار

▲ مەدەنىيەتنىڭ ئىناۋىتى – ئەخلاق – پەزىلەتنىڭ قولىدا.

▲ ھاياتتىن رەنجىگەنلەر چوقۇم ھاياتنى رەنجىتكەنلەر.

▲ ھەقىقىي سەنئەت ئاۋام يۈرىكىنىڭ سوققان تىنىقىدا.

▲ ئادەم ئويلىمىغان ئىشتىن خاتالىشىپ، ئورنىنى تولدۇرغىسىز پۇشايمانغا قالىدۇ.

– ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئاتەش نەپەسلەر

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھامىيسى يوق ھەقىقەت – زالىم ئۆگەي ئانا ئالدىدىكى بىچارە يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئەل ئالرىسىدىكى بىئېتىبارلىق، ئەلنىڭ پەسكەش كىشىلەرگە بەرگەن بىرىنچى جازاسى.

▲ مەڭگۈ ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان نەرسىگە ئىنتىلىش ئەخمەقلىق، ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان نەرسىگە ئىنتىلمەسلىك كالۋالىقتۇر.

▲ دائىم باشقىلارنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىغا موھتاج بولۇش، بىرى ئەمانىڭ، يەنە بىرى ھايۋاننىڭ ئىشى.

▲ يامانغا يانتاياق بولغۇچىنىڭ تەقدىرىنى، ئۆزى يانتاياق بولغان يامانلار بەلگىلەيدۇ.

▲ ئارزۇ – ئارمانلار ئىنساننى مەڭگۈ ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ.

▲ دۈشمەن ئۆز كۈچىگە تولۇق ئىشەنگەن چاغدا ئاندىن سېنىڭ ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىشىگىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

▲ ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ زىيىنى بىر ياكى بىر نەچچە ئادەمگە تەگسە، ۋىجدانسىز ئالىمنىڭ زىيىنى بىھېساب كىشىگە تېگىدۇ.

▲ ئەگەر سەن بىر جەمئىيەتكە باھا بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا زىيالىيلارنىڭ ئەخلاقىغا، مەنسەپدارلارنىڭ ئىستىلىغا ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئىنسابىغا قارا.

▲ ئەرلەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى، ئاياللار مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇغان چاغدا ئەر ۋە ئايال دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ.

▲ دورامچىلىق بىرەر جانلىقنىڭ سۈپەت ۋە ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بەلگىلەيدىغان بولسا، يەر شارىدا مايمۇندىن قابىلراق جانلىق بولمىغان بولاتتى.

▲ نادان – بىلىمسىزلەر مەشغۇل بولغان ئەللەتلەرنى سادىر قىلغان دانا – بىلىملىكلەر نادان – بىلىمسىزلەردىن نەچچە يۈز ھەسسىھە ۋە يىرگىنچلىكتۇر. چۈنكى نادان – بىلىمسىزلەر بۇنداق ئەمەلىيتى بىلەن پەقەت ئۆزىنىڭ يۈزىنىلا تۆكسە، دانا – بىلىملىكلەر ئۆز يۈز – ئابرۇيىغا قوشۇپ ئەقىل ۋە بىلىمنىڭمۇ يۈزىنى تۆكىدۇ.

▲ ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ سەگەك ئەقىلدىن غالىب كېلىش جەريانى، ئادەمنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىش جەريانىدۇر.

▲ ئادەمنىڭ قىممىتى يوق يەردە ۋاقىتنىڭمۇ قىممىتى قالمايدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە نامراتلىق ۋە ياكى بايلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر – مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇۋېتەلەيدۇ.

▲ تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرەلىگەن تەن قۇۋۋەتلىك تەن، شۆھرەت يۈكىنى كۆتۈرەلىگەن تەن قۇدرەتلىك تەن.

– ئابدۇللاجان قۇدرەت

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېگىز يار كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئالدىراش تۇرمۇش ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەرلەۋھىسىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈر پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىدىن خەلق ئەقىل – پاراستىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

– مۇھەممەتتۇرسۇن مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت دورا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ رەقىبلەرگە جۈرئەتلىك قارىيالماسلىق، بىر قېتىم مەغلۇپ بولغان بىلەن باراۋەر.

ـ توختىيۇسۇپ مەتياسىن

ئاپتور: لوپ ناھىيە جىيا يېزا لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

## خىيال ھاسلاتلىرى

▲ ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتەلمىگەن ھەرقانداق ئەسەر قۇرۇق گەپتىن ئىبارەت.

▲ ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىيات ماددىيەتتە ئەمەس، مەنىۋىيەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

▲ تەرەققىيات جوقۇم جىمى جانلىقنىڭ ئورتاق ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

▲ مودا ـ ئاقىللار ئۈچۈن خاسلىقنى ساقلاش ئاساسىدا دەۋر ئېقىمىغا لايىقلىشىش، نادانلار ئۈچۈن باشقىلارنى دوراپ خاسلىقنى يوقىتىش.

▲ مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى خاسلىقتا، ھاياتىي كۈچى ئەنئەنە ئاساسىدىكى يېڭىلاشتا.

▲ دۇنيا تارىخىدىن ساۋاق شۇكى، بىر جەمئىيەتتە يالغانچىلىق، ساختىپەزلىكنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىپادىسى: سۆزلەيدىغانلارنىڭ كۆپ، ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ ئاز بولۇشىدۇر.

▲ ئىدىيە سۆزلا ئەمەس ھەرىكەت، شۇنداقلا زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەيىيەن تەدبىر دېمەكتۇر.

▲ نورمالسىزلىقنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىشى كىشىلەر ئېڭىدا نورمالدەك، ئەسلىدىنلا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تەسىرات شەكىللەندۇرىدۇ.

ـ دىلشاد ھەبىبۇللا

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە پوسار چارۋىچىلىق مەيدانى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بالا كىچىكىدە قورساقتا پاتىدۇ، ئەمما چوڭ بولغاندا جاھانغا پاتمايدۇ.

▲ ئاتا ھاياتىنىڭ قورغۇچىسى، ئانا بولسا ھاياتىنىڭ باشلامچىسى.

▲ قانۇن پەقەت ئۇنى چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈنلا ئادىل.

▲ قانۇننى بىلمەي تۇرۇپ قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايمەن دېيىش، ئەمەلىيەتتە قورالسىز جەڭگە قاتنىشىپ، ئۆزىنى قوغدىغان بىلەن باراۋەر.

▲ ھەممە يەردە قانۇن ئادىل، گەپ، ئۇنى قانداق ئىجرا قىلىشتا.

▲ پەقەت قانۇننى چۈشەنگۈچىلەرلا قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ.

▲ خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى بىر كۈندىن ئىككى كۈنگە كۆپەيدى. ئەمما ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلاش قېتىم سانى بۇرۇنقىدىن ئازايدى.

▲ خىزمەتسىز، پۇلسىز چاغلىرىڭىزدا يۈرگەن مۇھەببەت سەن قوغلىغان مۇھەببەت؛ خىزمەتكە چىققان چېغىڭىزدا يۈرگەن مۇھەببەت سېنى قوغلىغان مۇھەببەت؛ پۇلدارغا ئايلانغان چېغىڭىزدا يۈرگەن مۇھەببەت دەل پۇلۇڭنى قوغلىغان مۇھەببەتتۇر.

ـ ئابدۇللا ياقۇپ

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى مۇنغۇلكۈرە ناھىيە خۇنخەي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا ساقچى

▲ پەقەت بىرلا نەرسە بىلەن پەخىرلىنىشكە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزى ياراتقان قىممەت.

▲ بارچە مەغلۇبىيەت روھتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەكلىكى ـ دېھقان روھىنىڭ ھەقىقىي قېزىلىشى ۋە زامانىۋىلىق بىلەن يۈكسەك مەقامغا يېتىدۇ.

▲ روھىي كەڭرىلىك مەنىۋى پادىشاھلىق، زېھنى كەڭرىلىك ماددىي پادىشاھلىقتۇر.

▲ سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ـ چىرىكلىكنىڭ پاچىقىغا پالتا ئۇرىدۇ.

▲ ھاراق، قىمار، زىناغا كۆنگەن قەۋمنىڭ بۇگۈنى چۈشكۈن، ئەتىسى زۇلمەت، ئۆگۈنى قىيامەتتۇر.

▲ چولپان ـ يۇلتۇزلاردىن يىراقلىشىش بىزنى كېچىسى نىشاندىن ئازدۇرغانغا ئوخشاش، ياخشى كىشىلەردىن يىراقلىشىش بىزنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئەڭ ئېسىل شېئىرلار مەتبۇئات يۈزىدە ئەمەس، بەلكى خەلق ئارىسىدا.

ـ قۇربانجان مەتتىمىن

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزىسىدا، ساتىراش

تارىختىن ساۋاق شۇكى، دائىم قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشاش ـ كىشىلەرنى يالغانچى، ئىشەنچسىز، شەكلۋاز، ساختىپەز قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ـ مەھمۇت ئەھمەت

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيىدىكى ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسلاتلىرى

▲ شەپقەتچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، بىچارىلەرنى كۆپەيتىۋېتىدۇ.

▲ ۋىسالغا ئېرىشكەن كۆڭۈل ھاياتىڭنىڭ يېرىم مۇستەقىللىقى يوقىلىدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئەڭ پەسلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت تاللىغان نىشانىدىلا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ سەرگەردانلىق ـ جەمئىيەتشۇناسلىق.

▲ خۇشامەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ـ تىلەمچىلىك.

▲ يول ـ ھوشيار بول.

▲ ئىشنىڭ بېشى ـ قىشنىڭ بېشى.

▲ ۋاپادار ئايال ـ جەننەت.

▲ ھېكمەتنىڭ ئۇلۇغلىقى ھاياتلىقنى ئۆزگەرتىشتە.

▲ قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ئەمەس، ئاۋام ـ خەلق تەرىپىدىن قوغدالسا ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

▲ تەگرىنىڭ كۆتكىنى ـ سەندىن باشقىلارغا كۆتكەن ياخشىلىق.

▲ كىشىلەر بىر ـ بىرىنى باغاق ئارقىلىق تەكلىپ قىلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كەتتى.

▲ ۋاپاسىز ئايالنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكى، سىنى ئايالسىز قويۇش بولماستىن، بەلكى سىنى ئاياللارغا ئۆچ قىلىپ قويىشىدۇر.

▲ كىشىلىك ھاياتتا قوشۇشقا ئوخشاش قوشۇلۇپ، كۆپەيتىشكە ئوخشاش ھەسسىلىنىپ، بۆلۈشكە ئوخشاش بۆلۈنۈپ، ئېلىشقا ئوخشاش ئېلىندىغانلىقىمىزنى ئەسلى لۇغەت مەنىسى بويىچە ھېس قىلالىساق، ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلالىغان بولاتتۇق.

▲ جايىدا قىلىنمىغان شەپقەتتىن تىلەمچىلەر بارلىققا كېلىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ شۇملىقى بىشەملەشكەن ۋاقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ بىزدە گەپ توشۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن گۇناھكارلار كۆپ.

ـ غوپۇرجان ياقۇپ(سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قومۇلۇق مەكتەپ ئو-قۇتقۇچىسى

## قانلىق قاداقلار

▲ ئەرلەر نازۇكلاشسا غىلجىڭلىشىدۇ، ئاياللار نازۇكلاشسا گۈ-زەللىشىدۇ.

▲ ئادەمدە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى چەكتىن ئاشقاندىمۇ مەگدەپ قالىدۇ.

▲ ئىشلار كىچىكىدىن باشلىنىدۇ، نەتىجىسى چوڭ ئىشلاردا كۆ-رۈلىدۇ.

▲ دېموكراتىيىنىڭ ئۇلى باراۋەرلىك خىشى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ.

▲ ئادىمىلىك پەزىلىتىڭنى گۈزەل قىز، ئېسىل تائام ۋە پۇل ـ بايلىق ئالدىدا سىناپ كۆر.

▲ ئىشلىرىڭ يۇرۇشكەندە مەغرۇرلارنساڭ مەغلۇب بولىسەن.

▲ ھازىر روھىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم كرىزىس ـ غۇرۇر كرىزىسى بوپقالماقتا.

▲ ئىشنىڭ غەلىتە يېرى دەل ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان يېرىدۇر.

▲ ئەلەم ـ خورلۇققا ئۇچرىغاندا غۇرۇرىڭنى، شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشكەندە يۇرىكىڭنى سىناپ باق. شۇ چاغدىلا ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلەلەيسەن.

▲ ئەگەر مومام ھايات بولغان بولسا، تېلېۋىزورلاردا داڭلاپ سېتىلىۋاتقان تۇرلۇك گىرىم بۇيۇملىرىنى جىگدىلىكتىن ئەكەلگەن بىر كاللەك جىگدە يېلىمى ۋە بىر نەچچە تال ئوسما يالپۇقىغا ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمىغان بولاتتى...

▲ ئەيىبلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەيىبىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىل-غان ئىشىغا قارا.

▲ سەگەك ئادەمنى غەپلەتتە سىنا، زېرەك ئادەمنى ھېكمەتتە.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇرىمىزنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا قويۇلغان كۆپ چېكىتكە جاۋاب تېپىپ بەرمەكتە.

▲ رەقىبلەر بىلەن تار يولدا ئۇچرىشىپ قالماسلىقنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ـ خالتا كوچىغا كىرىپ قالماسلىق.

▲ ئەخلاقنىڭ ئەڭ بۈيۈك نەزەرىيىسى ئەخلاقسىزلىق راسا ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە يارىتىلىدۇ.

▲ ئىچى تارلارنىڭ ئىچىگە بىمال پاتىدىغىنى ـ ھەسەت ئوتىدۇر.

▲ ئەل سۆيەر يازغۇچى ـ شائىرلار دائىم خەلقنى تەمەخور قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئەڭ شېرىن ئازاب ـ سۆيگۈنىڭ سالغان ئازاب؛ ئەڭ ئاچچىق ئازاب ـ ئايالىڭ سالغان ئازاب.

▲ مەن تەربىيىلەۋاتقان بالىلار مەندىن نېمىنى سوراشنى بىلمە-گەچكە، مەن ئۇلارغا نېمىنى دەپ بېرىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

▲ ئادەم ئۆزىدە قۇدرەتنىڭ كەملىكىنى ناھەقچىلىككە يولۇققاندا ھېس قىلىدۇ.

▲ خاتالىققا بىر قېتىم يول قويساڭ دانىشمەن بولىسەن، ئىككى قېتىم يول قويساڭ ھاڭۋاقتى بولىسەن، ئۈچ قېتىم يول قويساڭ نادان بولىسەن.

▲ جاھاندا پەتىۋالار كۆپەيگەنسېرى ياشاش قىيىنلىشىدۇ.

▲ سەپەرگە چىققاندا ئاناڭدىن رازىلىق ئال، تالاغا چىققاندا ئا-يالىڭدىن.

▲ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماسنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 6 ـ سانىغا بېسىلغان «ئىككى ئايال» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ شۇنى بىلدىمكى، نومۇس ـ ئاياللارنىڭ پەزىلىتى ۋە قەدرىنى سىناشتىكى ئەڭ ياخشى تارازا.

▲ ئاياللار بەكلا كۆنلەمچى بوپكەتسىمۇ ئۆيى بۇزۇلىدۇ؛ بەكلا كەڭ قورساق بوپكەتسىمۇ يەنىلا ئۆيى بۇزۇلىدۇ.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان ئىشنىڭ ئەمەلىيىتى يوق بولىدۇ.

▲ ئىشلار مۇرەككەپلەشكەنسېرى كىشىلەر مەككارلىشىدۇ.

▲ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ـ ئالەمنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر.

▲ جەمئىيەت سېنى ھەر كويلارغا سالغاندا تېرىكمە، ھەم بىر يوللارغا سالغاندا زېرىكمە. چۈنكى تېرىكىشلىك پۇرسەتسىزلىكنى، زېرىكىشلىك نىشانسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ تىجارەتچىلەر قولىدىن ئۆتكەننى غەنىيمەت، دەپ قارىسا، يا-شانغانلار گېلىدىن ئۆتكەننى غەنىيمەت، دەپ قارايدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ قىزلىقى قورساققا جىن كىرگەندە بۇزۇلىدۇ.

▲ مۇھەببەتنىڭ پايانى يوق، بىراق داۋانى بار.

▲ مېنىڭ ئەڭ تەشۋىشلىنىدىغىنىم شۇكى، ئەرلەرنىڭ بىغەملىكى، ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە بالىلارنىڭ يېتىم قېلىشىدۇر.

▲ بىر نەرسىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلاي دېسەڭ، ئۇنى ئىككى خىل مۇھىتتا سىناپ كۆر.

▲ ئۆتمۈشنى ئويلاپ بوۋامغا، ھازىرنى ئويلاپ ئۆزۈمگە، كەل-گۈسىنى ئويلاپ بالامغا قارايدىغان بوپقالدىم...

▲ روھنى تىزگىنلەش سېنى ئاسايىشلىققا ئاپىرىدۇ.

▲ سەنئەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىز ھېس قىلالمىدۇق. چۈنكى بىز ناھايىتى تېيىز يەرلەرگىلا سەكرىيەلىگەنىدۇق.

▲ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلغان مىللەت ـ ئەقىلنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن مىللەتتۇر.

▲ ھازىرقى لاۋزا ـ تېتىقسىز ئېلانلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە كۆپرەك بالىلار بىلەن ئاياللار قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

▲ تەقدىرنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ـ ئىنساننىڭ مەغلۇبلىقىدا، قۇللۇ-قى ـ ئىنساننىڭ غالىبلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ سەن جەمئىيەتكە قايسى خىل ئىدىيىدە قارساڭ، جەمئىيەت ساڭا شۇ خىل تەسىرنى بەرگەنلىكتىن، شۇ خىل ئىدىيە سەندە شەكىللەنگەن بولىدۇ.

▲ ئىگىز ئۇچقان قۇشنىڭ قانىتى تاۋلانغان بولىدۇ.

▲ ساڭا ھەر ۋاقىت زۆرۈر بولىدىغىنى تۈنۈگۈن قىلغىنىڭ، بۈگۈن قىلىۋاتقىنىڭ، ئەتە قىلىدىغىنىڭدۇر.

▲ پۇشايماننىڭ خاتىمىسى بولمايدۇ.

▲ خۇشاللىق ـ ئەڭ ئېسىل شاراب.

ـ مەھمۇتجان يانتاق

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### ئاجىز قەلبتىكى ياۋا تۇيغۇلار

▲ ھەقىقەتنىڭ دەرۋازىسى ـ گۇمانلىنىش.

▲ ئۆز ئەجدادىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەۋلادىغا كۆڭۈل بۆلۈش، «سۈنى كۆرمەي ئۆتۈك سېلىش»تۇر.

▲ «باشقا كەلگەننى كۆرۈش» ـ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە ئويلانمايدىغان ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق شۇئارى.

▲ ئادەم قانچە ئالدىراش بولغانسېرى ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى شۇنچە ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

▲ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى تىرىشچانلىق ـ ساختا تىرىشچانلىقتۇر.

ـ يۈسۈپجان تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ ئادەم بىر بولسا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزنى، بىر بولسا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان سۆزنى ئەڭ كۆپ تىلغا ئالىدۇ.

▲ ئۆز ئىسمىغا پاساھەتلىك سۆزلەرنى قوشۇۋالغانلار ئۆز ھاياتىغا نېمىلەرنى قوشۇۋاتىدىكىن؟

▲ بەزى كىشىلەرنى قىلغان يامانلىقلىرى ئازابلىسا، بەزى كىشىلەرنى قىلغان ياخشىلىقلىرى بىر ئۆمۈر ئازابلايدۇ.

▲ قىزلار ئۆزىگە پەرۋاسىز ئوغۇللارغا ئۆچ بوپقالىدۇ، ئوغۇللار ئۆزىگە بەك دىققەت قىلغان قىزلارغا.

ـ مەھمۇت مەھدى

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

### تەپەككۇردىن تەرمىچىلەر

▲ مىللەتنىڭ تراگېدىيىسى بىرى ئانىلاردا، بىرى ئوقۇتقۇچىلاردا. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى جان بېقىش غېمىدە بولسا، تېخىمۇ تېز زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ بىچارە مىللەت.

▲ مەن مۇھەببەتنى سەندىن يوشۇرۇن كۈتكەچكىلا مەغلۇپ بولغان بەندىمەن.

▲ كىچىكىدىن پۇلغا، سورۇنلارغا ئۆگەنگەن بالا بىر بولسا ئاتا ـ ئانىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، بىر بولسا مىللەتنى.

▲ ئاتا ـ ئانا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن بالا بىر بولسا ھەقىقىي ۋاپادار بالا، بىر بولسا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، لالما ئىتنىڭ كۈنىگە قالغان بالىدۇر.

▲ دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئەجداد بىلەن بارلىققا كېلىپ، ئەۋلادقا كەلگەندە تەبىئىيلىكىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ ئىنسان تەمەخورلۇقى بىلەن تارمار بولسا، تىرىشچانلىقى بىلەن ئادىمىيلىكىنى تاپىدۇ.

▲ تۇرمۇشتا يەڭگەنلەر قانچە كۆپ بولسا، يېڭىلگەنلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ ئەر ئۆيدىن بەزمە قورۇسى، ئايال ئۆيدىن بەزمە بالىسى ۋەيرانە.

▲ سەن نېمىگە ئېتىقاد قىلساڭ شۇنىڭ قۇلى بولىسەن. ئاشۇ قۇللۇق بىر بولسا سېنى ئەتىۋارلىق كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ، بىر بولسا خارلىققا قويىدۇ. ئالدىنقىسىغا يەتكەنلەر پەقەتلا سېزىمنى يوقاتمىغانلاردۇر.

▲ سوئالغا جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچى شاتۇتى، سوئال قويالىغان ئوقۇغۇچى تەپەككۇر ئىگىسىدۇر.

▲ بالاڭنىڭ كۆتكەن يېرىڭدىن چىقالمىغانلىقى يا سېنىڭ ئەقىللىقلىقىڭ ۋە ياكى سېنىڭ دۆتلۈكىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ يېزىدىكى باشلىق پېنسىيىگە چىقسا شەھەرگە كېتىدۇ، شەھەردىكىسى يېزىغا.

▲ نەشرىياتتىكى ئالدامچىلىق دۇنيانى ئالدايدۇ، مەكتەپتىكى ئالدامچىلىق مىللەتنى.

ـ كۆرەش

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە 62 ـ پولك مىللىي مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

### ھېكمەتلىك سوئاللار

▲ لەتىپە ـ چۆچەكلىرىمىزدە بايلار دۆت، نامراتلار ئەقىللىق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. دۆت ئادەم قانداقسىگە باي بولالايدۇ، ئەقىللىق ئادەم نېمە ئۈچۈن نامرات بوپقالىدۇ؟

▲ ئېشەك بىزدىن قورقىدۇ، بىزگە بويسۇنىدۇ، بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە بىز ئۇنىڭدىن قورقمايمىز، ئۇنى پەس كۆرۈپ: «ھارام» دەپ تىللايمىز، خالىغانچە ئۇرىمىز. پەسلىككە ئىما قىلىپ «ئېشەك!» دەپ قوللىنىمىز؛ شىر ـ يولۋاسلار بىزدىن قورقمايدۇ، بىزگە بويسۇنمايدۇ، بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ئەكسىچە بىز ئۇلاردىن قورقىمىز، ئۇلارنى باتۇرلۇق ھەم كۈچلۈكلۈككە ئىما قىلىپ «شىردەك»، «يولۋاستەك» دەپ قوللىنىمىز.

بۇنىڭدىن قانداق بىر قانۇنىيەتنىڭ يەكۈن بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. سۆزلەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. دەرمەھەل نېمىدەك ياشايسىز دەپ سورالسا، بۇنىڭ جاۋابىمۇ ئايدەك ئايدىڭ. نېمە دەرىكىن دەپ تۇرمايمىز. لېكىن يەنە بىر سوئال بار. ئۇنى جاۋابىڭىزغا سىغىنىپ سورايمىز: سىز ھازىر قانداق (نېمىدەك) ياشاۋېتىپسىز؟

▲ ئەگەر بىز: «ماددىي ئېھتىياج مەنىۋى ئېھتىياجنى بەلگىلەيدۇ» دەيدىغان بولساق، يەنە نېمە ئۈچۈن: «ئالتۇن قەپەس ئىچىدە گەر قىزىل گۈل بولسا، بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش» دەپ يۈرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئالتۇن قەپەس ئىچىدىكى دان، سۇدىن بىغەم قۇشنى بىچارە چاغلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىلىمىز؟

▲ «لەيلى داستىخىنىم»، «ئۇچار گىلەم»، «جاھاننەما» دېگەن نەرسىلەر راستىنلا بولغان بولسا، ئىنسانلار يەنىلا ھازىرقىدەك تەرەققىيات ھالەكچىلىكىدە بولارمىدى؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار ھاياتلىقىدا نېمىلەرگە ئىنتىلىپ، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتەر ئىدى؟ پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكلەر يۇكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشسا، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي ئەمگەكلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ماشىنا ئادەملەر ئۈستىگە ئالسا، ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى نېمە بولار؟

## دىل دانلىغان دانلەر

▲ ھۆپۈپ سېسىق، ئەجەبا ئۇنىڭ تاجى بار.

▲ پاخال بولماي دان بولماس، دانسىز پاخال نان بولماس.

▲ قولدىن كەتسە مائارىپىڭ، قولدىن كېتەر بارلىقىڭ.

▲ قارا بۇلۇت جاھالەتكە، مۇدھىشلىققا تەمسىل قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە قارا بۇلۇت يامغۇر بولۇتى بولۇپ، تەبىئەتكە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. ناۋادا قارا بۇلۇت بولمىسا، يامغۇر بولمايدۇ. يامغۇر بولمىسا ھاياتلىقنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟

▲ يېڭىلىق ئۆز قىممىتىنى كۆرسەتكەندە، كونىلىق ئۆز ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسىڭىز لاياقەتسىز ئاتىلىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسىڭىز ھەقىقىي لاياقەتسىز سانىلىسىز.

▲ باشقىلار ئۈستۈڭگە تاغ يۈكلەپ قويسىمۇ قول ئەمەسسەن، بەلكى باشقىلارنى ئۈستۈڭگە يۈكلىۋالغىنىڭدا ھەقىقىي قولغا ئايلىنىسەن.

— تاغلاش

---

ئاپتور: ئوقۇتقۇچى

## روھ ئىزتىراپلىرى

▲ جاھىل كىشىلەرگە ئارتۇق سۆزلەپ ئاۋارە بولما، ئۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق جاۋاب — ئەمەلىيەت.

▲ جۈرئەتسىزلىك — چەمبەردىن باشقىسىنى سىزغىلى بولمايدىغان سېركول.

▲ ھەقىقىي ياراملىق ئانىلارلا مىللەتنىڭ ئەتىسىنى تۇغىدۇ، يارامسىز ئانىلار مىللەتنىڭ يېشىنى تۆكىدۇ.

▲ باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدىغانلار مەڭگۈ ئۆزىنى تونۇمايدىغانلاردۇر.

— ئابابەكرى مەھمۇت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات كەسپى 2003 — يىللىق 3 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئەڭ چوڭ ئۈمىدسىزلىك، ئۈمىد يۇلتۇزۇڭ ئاتا قىلغان ئۈمىدسىزلىك بولسا كېرەك.

▲ بىر كىتابتا: «قىز بالا ئۆيگە بىر كېچە قايتمىسا دۇنيا يىغلايدۇ» دەپ ئوقۇغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىزنىڭ دۇنيانى يىغلىتىدىغانغا نېمە ھەققىمىز بار؟

— ئاسىيە نۇرمۇھەممەت

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ باللارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ، تەييار تاپ چوڭ قىلىۋاتقان ئاتا-ئانىلارغا: تەييارنى يەپ ئۆگەنگەن مۈشۈكنى سىناپ بېقىڭلار، چاشقان تۇتالامدىكەن دېگۈم كېلىدۇ.

— ئېيساجان نىزامىددىن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي رايون ئېلېكتر-تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئېلېكتر تېخنىكىسى 2000-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئانا — ئىنسان روھىنىڭ قاناتلانغان شەكلى.

كىشىلەر ئىسمىنىڭ ئەمەل-مەنسىپى بىلەن قوشۇپ ئېيتىلىشى — «بىچارە» ئاتىلار نامىنىڭ ئۆچۈشكە باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

— ئەزىمەت مۇھەممەتنىياز ئاتەش

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا باغ كەنتىدە، دېھقان.

▲ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تورخانىلارغا قىزىقىشى بىر بولسا ئىلىم-پەننىڭ، يەنە بىرى بولسا شاللاق مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

▲ ئىنسانلار قۇياشتىن سېخىيلىقنى، بۇلاق سۈيىدىن پاكلىقنى، تۇپراقتىن سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىقنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان بولسا، كىشىلىك دۇنيا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە گۈزەللەشكەن بولاتتى.

— ھاشىمجان روزى

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئىنسان تاقابىل تۇرالمايدىغان قىيىن سوراق — ۋىجدان سورىقى.

▲ ئەگرى يولدىكى يولۇچى ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئۆزىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى ئەگرى يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتى — تۈرمە.

▲ دوست سىناق بىلەن بىلىنەر، دۈشمەن ھەيۋىسى بىلەن.

▲ ئاچ كۆزلۈك — شىپاسىز كېسەل.

▲ دۇنيادا مەنىلىك ياشاي دەيدىكەنسەن، تىلغا مەسئۇل بولۇپ، كۆزدىن پەخەس بولۇشۇڭ لازىم.

▲ يالغانچىلىق — روھقا قىلىنغان تاجاۋۇز.

▲ توشقاننىڭ كۈشەندىسى — تۈلكە.

ھەقىقەتنىڭ كۈشەندىسى — خۇشامەت.

— مەرىيەمگۈل ئابدۇرېھىم

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزا قاساپ مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ ئىشرەتخانا — مۇھەببەتنى قەتل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ

قۇشخانا.

▲ «شۇنىڭ ئۈچۈن»دىن جاھىللىق تۇغۇلسا، «نېمە ئۈچۈن؟»دىن ئەقىل تۇغۇلىدۇ.

▲ ھەقىقەت يولىدا ماڭغانلارغا مەڭگۈ قايغۇرۇش يوقتۇر.

ـ ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەرىم ئەلىيەقىنى

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا، ناۋاي

▲ ئىنتىلىشنىڭ ئىككى بىسلىق بولىدۇ: بىرى ئىجابىي، بىرى سەلبىي.

ـ يار مۇھەممەت تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى 2003 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ساڭا سىرتتىن زەربە بېرىدىغان دۈشمىنىڭگە قارىغاندا، قەلبىڭگە سۇقۇنۇپ كىرگەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ھەممىدىن يامان.

▲ جاپالىق مۇھىت ئىككى خىل ئادەمنى يېتىشتۈرىدۇ: بىرى، تىرىشچان، ئىرادىلىك، قەيسەر كىشىلەر، يەنە بىرى، ھورۇن، بوشاڭ، قورقۇنچاق كىشىلەر.

ـ تۇرسۇنگۈل جېلىل

---

ئاپتور: ئۈلۈغچات ناھىيە كانسۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تارىخ مۇئەللىمەسى

▲ پەقەت ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارلا ئادەمگە ھەقىقىي ساۋاق بولالايدىكەن ھەم مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىكەن.

▲ ئىشلەپ يېسەڭ بەرىكەت ياغىدۇ، يېتىپ يېسەڭ غەپلەت باسىدۇ.

ـ ئايگۈل ئاۋۇت

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر قاراتال يېزا يۇقىرىقى سات كەنتىدە، دېھقان

▲ مۇھەببەت ـ ئۇ جاۋاب بەرگىلى، مۇتلەق ئاتالغۇ قويغىلى بولمايدىغان جەلپكار تېپىشماق.

ـ ئابلەت توختى

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۈچقات بازىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئەخمەق ئاتىنىڭ جاپاسىنى پەرزەنت تارتىدۇ.

▲ تەقدىر دېگەن نېمە؟ تەقدىر دەل ئۆزۈڭ.

ـ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئەر كەيپىلىكتە بۇزۇلار، ئايال غېرىبلىقتا.

▲ ئابرۇيخورلۇق ئىنسان روھىدىكى ساقايماس بىر كېسەل.

ـ ئەھمەتجان مۇھەممەت ھىجرانىي

---

ئاپتور: ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن تېببىي پەن سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزالمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتى مۇقەررەر ھالدا ساختىلىق بىلەن تولغان بولىدۇ.

▲ غۇربەتچىلىك بىلەن ياللانمىلىققا چۈشۈپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ـ جۇرئەتسىزلىكتە.

ـ يۈسۈپجان ئىمىن

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە پاختا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ ئىلگىرى بىر رومان ئوقۇسام بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلايتتىم. ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى بىر ئېغىز ئەقلىيە سۆزنى كۆرسەم بىر رومانغا يېيىپ چاقلايدىغان بولدۇم.

▲ ئەدەبسىزلەرگە قاراپ ئەدەبنى، ھەقىقەتكە قاراپ سۆزلەشنى ئۆگەندىم.

ـ بەھرىنىسا ئادىل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى 2001 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ھەر بىر ئوقۇغاندا، ئۆزۈمنى كەڭ قورساق ھەم بىلىملىك بوپكەتكەندەك ھېس قىلىمەن.

ـ راھىلە ئۆمەر

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

▲ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتكەنلەردۇر.

ـ بۈۋىخەلچەم تۇراخۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماشىنسازلىق ـ ئېلېكترون كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر ـ ئۇچۇر باشقۇرۇش 2004 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوتتۇز ئىككى ـ مەن ئۈچۈن مۇقەددەس سان. چۈنكى مەن ئوتتۇز ئىككى چىشىم بىلەن ھاياتلىقىمنى كاپالەتلەندۈرىمەن، ئوتتۇز ئىككى تاۋۇش بىلەن تىل تۇغۇمنى ـ مەۋجۇدلۇقىمنى جەۋلان قىلدۇرىمەن.

ـ جېلىل ئاۋۇت

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ئالدىنىشى ئۆزى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن كېلىدۇ.

ـ شېرىنگۈل تۇردىنىياز

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە «يېڭى سەھەر» كومپيۇتېر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ تېببىي ئۇنتۇش ـ ئەڭ ياخشى قۇتۇلۇش.

▲ بىرى، قەلبىگە ئېتىقاد سىڭگەن، يەنە بىرى، ئايالىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئەرلەر ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدۇ.

▲ ئېرىشەلمىگەن نەرسە ئەڭ قەدىرلىك بولىدۇ.

ـ ياقۇپجان ئەھمەت (مۇڭداش)

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا ئوتتۇرا ياغاچچى كەنت چۆجە مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ باشقىلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلىش، ئۆز ئەيىبىنى يېپىش ئۈچۈندۇر.

▲ ئەرگە نىسبەتەن ئايالىنىڭ ساداقىتىدىن ئارتۇق مۇكاپات يوق.

ـ ئادىلجان ئابدۇۋەلى

www.uyghurkitap.com

ـ ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ لابورانتى

▲ قەلبىمدە تۇغۇلغان نۇرغۇن قىين سوئالغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى»دىن جاۋاب تاپتىم.

ـ جۇماخۇن ئېلى

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى فىزىكا فاكولتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەۋجۇدلۇق ـ مەڭگۈ ئىجادىيلىق ياراتقانلارغا قالدۇرۇلغان نېسىۋە.

▲ «قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتۈمىز» دېگەن جۈملە تەرەققىياتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ـ لۇتپۇللا ئەركىن

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۇچۇن خۇيزۇ يېزا مىللىي 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىنى قىلالىغان بولساڭ، مەن سېنى ئەۋلىيا دەپ بىلگەن بولاتتىم.

▲ گۈزەللىك ـ ئانىدىن، غۇرۇر ـ ئاتىدىن، ئېتىقاد ئۇستازدىن.

ـ تاھىر نەمەت

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەشەككۈرۈم

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، سېنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرىڭ»گە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. چۈنكى مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسۇن قىز ـ ئاياللارنى مەدھىيىلەشتىن بەكرەك ئۇلارنى سۆكۈش كەسكىنلەشتى. ھېلى ئەخلاقتىن ياتلاشتى، دېسە، ھېلى پۇلغا بېرىلدى، دېگەن. ئەمما سەن نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى، ماھىيەتلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىڭ. سەن ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەنسەن. قىز ـ ئاياللارنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ قالالايدىغان ژۇرنالىڭمۇ بارلىقىغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆردۈمەن. ئۇنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ماڭا ھايات مۇساپەمنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. قانچىلىق خۇشاللىقتا چۆمۈلگىنىمدە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئىشارەت قىلدى، قانچىلىق ھەسرەتكە تولغىنىمدا تەسەللى بەردى، گاڭگىراپ قالغىنىمدا مەسلىھەت بەردى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ دانىشمەن دوستۇمغا ئايلاندى.

ـ مەريەمگۈل مۇھەممەت

---

ئاپتور: تۇرپان شەھەر سىڭگىم يېزا «قىزىلىيۇلتۇز» كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ئەخمەقلىق كۆپىنچە پۇت ـ قول ياكى ئېغىز كاللىدىن تېزرەك ئىشلەپ كەتكەندە يۈز بېرىدۇ.

ـ ئىمىننىياز مەتنىياز (شەيدائىي)

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە توغرىغاز يېزا بۆرەكچى كەنتىدە، دېھقان

## مائارىپىمىز ھەققىدە ئۆزۈك خىياللار

▲ تەلىم ـ تەربىيەدە تېز ئۈنۈم قازىنىمەن، دېيىش خىمىيۋى ئوغۇتنى كۆپ بېرىپ، بىر قېتىم مەھسۇلاتنى ئاشۇرغان بىلەن باراۋەر. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەھسۇلات ئاشقان بىلەن، تۇپراق قاتتىقلىشىپ، ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەنلەيدۇ.

▲ بىر مىللەت مائارىپىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى شۇ مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشى بەلگىلەيدۇ.

▲ مائارىپىمىزدا نېمە كەم ـ ئادەم كەممۇ؟ مەبلەغمۇ؟ مېنىڭچە، ھەر ئىككىلىسىنى كەم دېگىلى بولمايدۇ. بىزدە ھەقىقىي كەم بولۇۋاتقىنى مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى.

ـ نەبى ئابدۇللا

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كانتايىلاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئادەم قېرىغانلىقتىن ئالغا ئىنتىلمەي قالمايدۇ، ئالغا ئىنتىلمەي قالغان ئادەم ئاسان قېرىيدۇ.

▲ ھازىر مەكتەپكە، مۇئەللىمگە تايىنىۋېلىپ، ئۆزىگە تايانمايدىغان ئادەم ساۋاتسىز بولىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ چېرىكلەشىشى ـ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق چېرىكلىشىشىدۇر.

ـ ئەخەت ئابلىز

---

ئاپتور: «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر

▲ ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا نۇرغۇن كۆزنىڭ، ھەرقانداق سۆزنى قىلغاندا نۇرغۇن قۇلاقنىڭ ساڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەڭ ھەم بىلسەڭ، ھەر قاچان پالاكەتتىن نېرى بولالايسەن.

ـ ئايزىمگۈل ئېيسا

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ تۇرمۇش قانچە جاپالىق بولغانسېرى رېئاللىق ئۆزىنىڭ ئەملىي ماھىيىتىنى شۇنچە ئاشكارىلايدۇ.

▲ مۇزىكا ـ ئىنسان قەلبىنىڭ ھاياتلىققا قايتۇرغان ئەكس ساداسىدۇر.

ـ مېھرىبان نىياز (چوغلۇق)

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ مۇئەللىمى

▲ پەرزەنت تەربىيىلەشتە، ئانا بولغۇچى يۈرىكىنى تاش قىلغاندىلا ئاندىن پەرزەنتى ئىرادىلىك، غەيرەت ـ شىجائەتلىك، چىداملىق ۋە ئۈمىدۋار بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇ پەقەت يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئالىيجاناب، مەسئۇلىيەتچان، قابىلىيەتلىك ئانىلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ـ گۈلپەزىلەت مەتسىدىق

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا توپا كەنتىدە، دېھقان

▲ مەدەنىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن مىللەت، باشقا ھەرقانداق دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

▲ تەبىئەت ـ ئوقۇپ بولالمىغان كىتاب.

ـ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ئۆزىگە بويسۇنمىغانلارنى باشقىلار بويسۇندۇرىدۇ.

ـ ئىبراھىمجان ئىرپانىي

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر ھېيتگاھ ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت كوچىسى «تەبەسسۇم» زىبۇ ـ زىننەت دۇكىنىدا

▲ ھاياتلىق سەپىرىدە مۇنداق ئىككى نەرسە ئىنسانغا ئەڭ چوڭ روھىي تەسەللى بولالايدۇ: بىرى مۇھەببەت، يەنە بىرى كەسپ. بۇلار ئىچىدىن ھېچ بولمىغاندا بىرى ۋۇجۇدقا چىقىسىلا كىشىلىك ھايات پۇتۈنلەي ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ـ يۇسۇپجان ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: پەيجان ناھىيە تۇيۇق يېزا مەزىن كارىز كەنتىدە، دېھقان

▲ ئايالسىز ياشىغان ئەر ـ ئەر ئەمەس، ئەرسىز ياشىغان ئايال كىملىكىنى يوقاتقان ئايالدۇر.

▲تېلېۋىزور ئەڭ يامان ۋاقىت ئوغرىسىدۇر.

▲قىزلار مۇھەببەتنى پەقەت ئانا بولغاندىلا ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ.

ـ تۇرنىسا مەمتىمىن (پىنھانە)

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە كۆلاخما يېزا بازىرىدا، دېھقان

**مەن بىلگەن ھەقىقەتلەر**

▲سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە كۈلگەن ئادەمنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن. ئەمما ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يىغلىغان ئادەمنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايسەن.

▲ ئادەم دېگەن ھەمىشە كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ ھەسەت ـ ھەقىقەت ئۈستىدىن ئاچچىقلانغان كۈلكىدۇر.

ـ مەتقۇربان توختىيۇسۇپ

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە قاراقىر يېزا قاغىلىق كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ھاياتلىق ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئەمەس، نەتىجىسى بىلەن قىممەتلىك.

▲ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلايمىز، ھاراق بىلەن تاماكىدا... ئۆز گۆرىمىزنى كولايمىز.

▲باشقىلاردىن ئۈستۈن كېلەي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى، ئاندىن ئۆزگىنى چۈشەن.

ـ توختىھاجىم تىلىۋالدى (چاقماق)

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر قورغان يېزا قومپۇتۇق كەنتىدە، دېھقان

▲ ئەرلەر كىرىمسىز قېلىشتىن قورقسا، ئاياللار گىرىمسىز قېلىشتىن قورقىدۇ.

ـ سەيدىنەھمەتجان ئابدۇقادىر

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزا باغئېرىق كەنتىدە، دېھقان

▲ مۇھەببەت قانچە كۈچلۈك بولسا، نەپرەتمۇ شۇنچە بولىدۇ.

چۈنكى چىرايلىق ـ خۇش پۇراق گۈلنىڭ شۇنچە ئۆتكۈر تىكىنى بار ئەمەسمۇ؟

▲ بەخت ئوغرىلىرى ئىچىدە ۋاقىت ئوغرىلىرىدىن ئۆزگە يامان ئوغرى بولمىسا كېرەك.

▲ ھازىر جەمئىيەتتە تاشقى شەكىلگىلا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ساختىپەز ـ ئالدامچىلار كۆپىيىۋاتىدۇ.

▲ جەمئىيەتتە ھەممە كىشى چۈشىنى ئۆچ كۆرىدۇ. لېكىن چۈشىنىڭ بارلىق سېسىق پۇراقنى سۈمۈرۈۋېلىش ئالاھىدىلىكى بار. لېكىن جەمئىيەتتە بەزى ئەقىلسىز ـ نادان كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ قولىدىن پەقەت ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى سېسىتىشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ.

ـ نۇرمۇھەممەت روزبېيت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

**تەپەككۇر ئىزىدىن بويلاپ**

▲ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىشمۇ يېرىم بەخت.

▲ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقتىن ھۇزۇرلىنىش ئەڭ كاتتا مۇكاپاتتۇر.

▲ يەھۇدىيلاردا ئالىم تولا، ئۇيغۇرلاردا ھاجىم تولا.

▲ يېزىلاردا مۈشۈك ئەتىۋار، شەھەرلەردە كۈچۈك.

ـ غوجىئەھمەت ئارۇپ

---

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى

▲ قانۇننىڭ خاتالاشقان جىنايەتچىگە پۇرسەت بەرمەسلىكى ـ بىرنى جازالاپ مىڭغا ئىبرەت قىلىش بولسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ خاتالاشقان ئوقۇغۇچىغا پۇرسەت بەرمەسلىكى ـ بىرنى جازالاپ مىڭنىڭ قەلبىنى ۋەھىمىگە سېلىشتۇر.

▲ ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ـ ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىش، ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ـ جەمئىيەتنى چۈشىنىش.

ـ نۇرمۇھەممەت ئىسمائىل

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەر كۈنى ـ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۆزىنى تونۇش بوسۇغىسىدىكى ھېكمەتلەر

▲ كىشىلىك گۇۋاھنامىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كىشىلىكىنى بىلمەسلىك، ئادەملىرىمىزدىكى گۇمراھلىقنىڭ تىپىك جۈملىسىدىندۇر.

▲ گېپىنى قىلىپ ئىپىنى تاپالماسلىق، نەپنى كۆزلەپ ھەقنى كۆزلىمەسلىك زامانداشلىرىمىزدىكى ‹ئىمانى سۇسلۇقنى ئاشكارىلاپ قويدى. بۇنداق ھالدا مۇنداق قورقۇنچلۇق رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولدى: ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغانلار ئاز قالدى.

▲ بىز باشقىلارغا ئەگىشىمىز دەپ ئۆزىمىزدىن چەتلەپ كەتتۇق، باشقىلارغا ئىشىنىپ ئۆزىمىزگە ئىشەنمەس بولدۇق، ئۆزىمىزگە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن باھا بەردۇق، ئاخىر ئۆزىمىزنى يىتتۈرۈپ قويدۇق.

▲ سىرتقا چىققاندىلا ئۇ يەردە دوستىنىڭ بارلىقىنى بايقايسەن، دوست ـ دۈشمەن ھەققىدىكى بىلىمىڭ ئاشىدۇ، ھاياتىنىڭ ۋە مۇھەببىتىنىڭ قەدرىگە شۇ چاغدا يېتىسەن.

▲ شائىر دېگەن ئوت، ئۇ يېنىپ تۇرمىسا ئۆچۈپ قالىدۇ، يېنىپ تۇرغانىكەن، ئۇنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ ئوتقا موھتاج تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشىدۇ.

▲ بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە ھەممە ئىشنى رەسمىي بولغاندا بوپتۇ دېمىسە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر نەرسە دېمەك تەس.

▲ جاھاندا ئويلىغانلىرىنى تولۇق دېسە، قەھرىمان ئاتىلىدىغان جايلارمۇ بار، ئويلىغانلىرىنى تىندۇرۇۋېتەلىسە، قەھرىمان بولىدىغان جايلارمۇ بار.

## ئىلىم ئەھلىكارلىرىدىن تەۋسىيە

▲ بىر يازغۇچىنىڭ ھەسرىتىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىگە ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ مېھنىتى ۋە شۆھرىتىگە خەلق ئىگە، نادان ئەلنىڭ يازغۇچىسى تېخىمۇ شۇنداق ھالغا قالىدۇ.

▲ ئىچىڭ سىزىلگۇدەك نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن چاغلاردا كىتاب ئوقۇغۇدەك رايىڭ بولمايدۇ.

▲ ئۆيۈم كىتاب بىلەن توشتى، كاللام تەپەككۇر بىلەن. لېكىن كىتاب قويغۇدەك ئۆي، گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك ئۇلپەت يوق.

▲ كىتاب ئوقۇغانسېرى ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئوي ـ خىياللارنى سۈرۈدىغان بوپقالىسەن، شۇ تۈپەيلى كىشىلەر سېنى تاشلىۋېتىدۇ، سەن بىگانىلەرگە ئايلىنىپ قالىسەن.

▲ بىلمىگەننىڭ دەردى باشقا، بىلگەننىڭ دەردى باشقا. بىلمىسەڭ، دەردىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي سېزىمچانلىقى تۆۋەن بىر جانىۋاردەكلا خالاس بولۇسەن. بىلسەڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ باياۋانغا ئايلىنىسەن، پىكىر قوقاسلىرى سېنى ئارام تاپقۇزمايدۇ. چارچايسەن، قاقشايسەن، باتنايسەن، پاتمايسەن، ياتمايسەن... ھالىڭدىن كېتىسەن.

▲ كىتاب ئوقۇغانلارنى لازىم قىلىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزىم بارلىققا كەلمىگۈچە، ئوقۇمۇشلۇقلار جاھانسازلارنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ بىر نەرسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ئۆزى خۇراپىلىقتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، زامانىمىزنىڭ تادان كىشىلىرىدىن تۇرلۇك مەنىدىكى خۇراپىلىقنى يەتكۈچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

▲ ئىنسانغا ھۆكۈمران چەمبەردىكى ھەرىكەتلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، كائىناتنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە بولۇدىغان ھەرىكەت؛ يەنە بىرى تاسادىپىي ھەرىكەت، ئىنسان ئۇنى بىلىشكە ۋە ئالدىنى ئېلىشقا قادىر ئەمەس.

▲ ئىنسان ئۆزىنىڭ بىلىش چېكىنى ۋە بىلەلمەيدىغان ساھەلىرىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا خۇراپىلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

▲ ئۆزىنى ئۆزىدىن تاپالمىغانلار ئۆزگىدىن تاپالمايدۇ.

▲ بېلىق ھەرقانچە قاڭقىسىمۇ، ئۆزى ياشىغان سۇغا قاڭقىپ چۈشىدۇ.

▲ ئادەم ئالدىراش بولغانسېرى ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى قالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئادەم لايغەزەل بولغانسېرى ۋاقىت ھۇرۇن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك ئۇزۇن ھەم سۆرىلەڭگۈ بولىدۇ.

▲ ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەسلىك ۋۇجۇدى نېرىپىلاردىن ئەمەس، نوقۇللا گۆشتىن پۈتكەن ئادەمنىڭ تۇرمۇش يولى.

▲ تۈزۈم، تۈزۈلمە ۋە قائىدىلەر ئىنساننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە قانچىكى مۇجەسسەم قىلسا، ئىنساننىڭ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ قىممىتىنى قانچىكى نەزەرگە ئالسا، ئۇ شۇنچە ئىلغار بولىدۇ.

▲ مەدەنىيەت مەجبۇرلاشتىن ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىچكى قايىللىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ تەبىئىي خۇلقىغا ئايلىنالمىغان تەرتىپ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت شوئار بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئېتىزلارنىڭ، باغۋارانلارنىڭ، ئورمانلارنىڭ تۆمۈر يوللارغا، بازارلارغا ۋە ئولتۇراق رايونلارغا ئايلاندۇرۇلۇشى قارىماققا ھەشەمەتلىك تەرەققىيات مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇرگەندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرىنىڭ قىسقىرىشىدۇر، پاكى ھاياتلىق مۇھىتىنىڭ تەخىرسىز ئۇقتىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىدۇر.

▲ ئىمتىھان قېلىپلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، لېكىن ئىنساندىكى قابىلىيەتنىڭ تىپى چەكسىز بولىدۇ. ئەگەر ئىمتىھاننىڭ قابىلىيەتنى سىناشتىكى رولى مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىلسە، ئىمتىھان ئۆزى نىشان قىلغان قابىلىيەت تىپىدىن باشقا قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسراپ بولۇش پاجىئەسىگە دۇچ كېلىدۇ.

▲ ھوقۇق ۋە تەبىقچىلىك قارىشى ئېغىر بولغان جەمئىيەتتە فېئودالىزمنىڭ سايىسى تېخى يىراق كەتمىگەن بولىدۇ. بۇ ھالدا بىراۋنىڭ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىششى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىدۇ.

▲ تەرەققىيات دېمەك، ئۆزىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرالىغان مىللىي روھتۇر. مىللىي روھ سىياسىي تۈزۈم شەكلىگە كېلەلمىسە، ئىقتىسادىي سىستېما سۈپىتىدە ماددىي گۈللىنىش يارىتالمىسا، تېنەپ ـ تەمتىرەپ، ئاخىر يوقىلىپ كېتىدۇ.

▲ «بىلىم ئىگىلىكى» جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئىلغارلىق، ئۇقتىئىنەزەر ئەركىنلىكى، بايان ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا تولىمۇ موھتاج.

▲ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى خاس بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ بوشلۇق باشقىلارنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىغا ئۇچرىغاندا، ئىنسان ئۆزىدىكى پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ.

▲ كىتاب ئوقۇش پۈتكۈل كىتابنى سۈمۈرۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئالغا بېسىشىمىزغا ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان تەركىبلەرنى ئىزدەپ تېپىشتۇر.

▲ ھەرقانداق بىر مەنىۋى ئىنقىلاب ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ئىقتىدار مۇھىتقا قاراپ شەكىللىنىدۇ ۋە مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتكە كىرمىگەن ئىقتىدار ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

▲ شېئىرنىڭ ۋاقتى بولمايدۇ، ئۇ، زاماننىڭ ھەر بىر توچكىسىغا نۇرغا ئوخشاش قاپلانغان بولىدۇ. ھەقىقىي شېئىر ئۆزىنىڭ دەپتەرگە پۈتۈلگەن ۋاقتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

▲ مەن بۇ دۇنيادا مېنى ھۆرمەتلەيدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن ئەمەس، مېنى چۈشىنىپ سۆيىدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن چەكسىز بايلىققا ئېرىشىمەن.

▲ ھالال ئەقىدە ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئائىلە غەم ـ ئەندىشە، تۇرلۇك ۋەھىمە بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك شىپاخانا. ساغلام ئەقىل ۋە زەخمەتسىز بىلىم ئائىلىنى شەرت قىلغان ھالدا يېتىلىدۇ.

▲ جاھاندا ئادالەتنىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرۈدىغانلار ئاز بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئادالەتنى قولغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلارمۇ تېپىلماي قالىدۇ. بۇنداق چاغدىكى ئادالەت جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدىكى ئاۋام

تەشۋىشلىنىپ تۇرۇپ سېغىنىدىغان بوتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ بىلىم ئۆزىنىڭ قەدرىنى تاپمىغان جەمئىيەتتە قىزلارغا نىسبەتەن چىرايلىق بولۇش بىلىملىك بولۇشتىن ئەلا بىلىنىدۇ. چۈنكى قىز - ئاياللاردىكى گۈزەللىك بيۇروكراتلارنى بىر ئىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە يارايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال.

▲ ئىجرا قىلىشلا بولۇپ باھالاش بولمىغان سەنئەتنى مۇكەممەل سەنئەت دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاڭلىق يېتەكلەيدىغان ئەقىلدىن مۇستەسنادۇر.

▲ بىر دۆلەتنى جىگەر دېسەك، ئىشخانا ساقلايدىغان تەييارتاپ بيۇروكراتلار ئەنە شۇ جىگەرگە چۈشكەن قۇرت. ھازىر بۇنداق قۇرتلار كۆپىيىپ كەتتى.

▲ ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈشنى، غېمىنى يېيىشنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەرلا تەركىي ۋەتەن بوپقالماي، ۋەتەنىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىغانلارمۇ تەركىي ۋەتەندۇر.

▲ ۋەتەن كۆن ئېلىش تەسكە چۈشكەنلەر ئۈچۈن بىر ۋاقىتلىق تاماق ياكى تىرىكچىلىكنىڭ پاناھگاھىدۇر. ئۇنىڭدىن ھالقىغانلار ئۈچۈن ئەجداد ۋە ئەۋلادنى تۇتاشتۇرۇدىغان مۇقەددەس ھالقىدۇر. ۋەتەنپەرۋەر... ۋەتەنلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس نەپسىنى قاندۇرۇدىغان بايلىق ماكانىدۇر.

▲ ئۆز قەۋمىدىن ياكى ۋەتىنىدىن كېچىپ تاپقان ئۇلۇغلۇقلارنىڭ ھەممىسى پۈچەكتۇر. سېنىڭ دىيانىتىڭ ئالدىڭدا تۇرغان يېتىمنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈشتىن باشلىنىدۇ.

▲ ۋەتەن ھەرگىزمۇ جۇغراپىيىلىك مەنىدىكى زېمىن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە مىللىي روھ.

▲ سەن كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى خەلقىڭنىڭ بېرىقى ھاياتىنىڭ نىشانى، ئۇ سېنىڭ ۋەتىنىڭ ۋە كېلەچەك ئۈچۈن يول خېتىڭ. سەن ئۇ ئارقىلىق كېلەچەك بىلەن ئۆتمۈشنى ئۇلاپ، تەپەككۇرۇڭنى تېخىمۇ كەڭ بوشلۇقلارغا ئىگە قىلىسەن. نى - نى يات ئەقىلملارغا سەپەر قىلىپ، ئۆزۈڭمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن جاۋاھىراتلارنى قولغا كەلتۈرىسەن. غۇرۇرسىزلىقنىڭ مەينەت ھاۋاسى گېلىڭنى سىققاندا ياكى مەنىلەر ئىزدەپ چوڭقۇر دېڭىزغا چۆككىنىڭدە، ئانا تىلىڭ سېنىڭ ئۆشنەڭدىكى ئوكسىگېن خالتىسىغا ئوخشاش سېنى ئوگۇشسىزلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. مەدەنىيەتلەرئارا ئالاقە كۆپىيىۋاتقان بۇ ئۇچۇر دەۋرىدە سەن ئۆز مەدەنىيىتىڭنى دەسمايە قىلىپ رىقابەت سەھنىسىگە چۈشەلەيسەن.

▲ سەن قەيەرگە بېرىشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مەدەنىيىتىڭدىن ئۇچۇر بېرىدىغان روھ ۋە قىياپەتكە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك.

▲ نىيەت ھارام بولسا، بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

▲ ئېسىل سۈپەت بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئېسىل روھ ئىگىسى بولۇشتۇر.

▲ تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان دۇنيادا سەن ئۆزۈڭنىڭ مىللىي روھ ۋە ھەزارىي كىملىكىڭنى پۇختا قوروپ چىقمىساڭ، بىر ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش شەرتىڭنىمۇ ھازىرلىيالمىغان بولىسەن. ئۇنداق ئەھۋالدا سەندە ئىناۋەت بولمايدۇ.

▲ بۈگۈنكى دۇنيا ھەر بىر بوسۇغىسىدا «سەن كىم؟» دەپ سورىماقتا بىزدىن.

▲ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەر كىشى ھەرىكەت ئارقىلىق تەرلىنىپ تۇرۇشى، ئاجىزلىقتىن تەرلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك.

▲ پائالىيەت ۋە ئەپىئاللىرىدىن ھارام - ھالاللىق ئۇقۇمىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئاۋام بىر - بىرىنى يەۋېتىشتىنمۇ تەپ تارتمايدىغان بوپ كېتىدۇ.

▲ ئالدى بىلەن قەلب پاكىز بولۇش كېرەك. شۇ چاغدا مۇھىتمۇ تەبىئىي ھالدا پاكىز بولىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ياشاش مۇھىتى ساپ، تازىلىقى راۋان بولسا، ئۆزىنى دۇنياغا نىسبەتەن مېھماندەك ھېس قىلىدۇ.

▲ بىر ئادەمگە بىر ئۆيىنىڭ بولۇشى، ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنى نەزەرگە ئالىدىغان جەمئىيەتنىڭ نورمال ھالدا ئويلىنىدىغان بىر تەربىيى.

▲ ئۆزىنى قالتىس چاغلاشمۇ جاھان كۆرمىگەنلىكنىڭ ئالامىتى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز سىياسىي، جۇغراپىيىۋى بېكىنمىلىكتىن ساقەت بولۇپ، جاھانغا ئۆز كۆزى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولسا، باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولاتتى.

▲ ئىنسان روھ ئىگىسى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى بىلىشكە كەلگەندە بەكمۇ ئاجىز.

▲ ئىشلار بيۇروكراتلارنىڭ قارارى بويىچە ئەمەس، بەلكى خەلق ئىچىدىكى ئاقىللارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشنى چىقىش قىلغان مەسلىھەتلىرى ئاساسىدا ھەقلىقلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەتتە يامان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئاز بولىدۇ. خەلق ئەقىل قاناتاشتۇرۇشتىن مەھرۇم قالغان جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەت بۇلۇقنى قۇم باسىدۇ.

▲ ۋاقىت ئىنسانلارغا ئەڭ ئادىل تەقسىملەنگەن مۇلۇك. لېكىن بۇ مۇلۇكنىڭ سەرپىياتى ۋە ياراتقان قىممىتى ھەر بىر دەۋردە، جەمئىيەتتە ۋە تۇزۇمدە ئوخشاش ئەمەس.

▲ باشقا بىرى مەجبۇرلىمىسىمۇ، تەبىئىي ئىجرا بولغان ئەخلاقنىڭ ئۆزى ھەقىقىي مەدەنىيەتتۇر.

▲ ئادەم جاھاننىڭ ئىقلىملىرىنى قانچە كۆپ كۆرسە، ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرى بىلەن قانچە كۆپ ئارىلاشسا، ئادەم بولۇش يوللىرى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە شۇنچە مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر ھوقۇقشۇناس ئالدى بىلەن ئىنسانشۇناس بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى قانداق ئاياشنى بىلىدۇ.

▲ ئۆزىڭىز چالا بىلىدىغان تىلدا باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش سىزگە ئېغىر روھىي بېسىم ئەپكېلىدۇ.

▲ ئادەمدە بار بولغان ۋاقىت بىلەن تالانت ئاددىي تۇرمۇش ئۈچۈن دەسمايىگە ئايلانغان شارائىتتا قىمىرلاپ يۈرگەن نۇرغۇن گەۋدە تالانتنىڭ تىرىك مۇمىياسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

▲ ئۆي بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ سىمۋولى، ئەقىدداش بولمىغانلارنى ئۆيگە باشلاش ئۆينىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ. بوسۇغا ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئەقىدە، مول پەلسەپە بار. ئۇنىڭدىن قانداق ئادەمنى ئاتلىتىشنى بىلمىگەن ئادەم

ئۆز ئۆيىنىڭ توغرا ھىمايىچىسى بولالمايدۇ.

▲ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىرداشلىق ۋە ئىچكەكشىش بىلىم مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق فورمىلالاشقان تىل بىلەن دەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىلىملەرنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

▲ ھاراق بىزدە مەسئۇلىيەت ئەمەس، ئاپەت. ئۇ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇمىزنى يىگىلىتىپ، بىزنى رېئاللىق ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان، باشقىلار ئالدىدا قەدرى يوق ئەخلەت ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

▲ ھۆكۈمەت ئىشقا سالمىسا قىلىدىغان ئىشنى تاپالماسلىق، ئادەملەردىكى غايىسىزلىكنىڭ ئالامىتى. غايىلىك ئادەم بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئەڭ مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئۆزى چىن كۆڭلىدىن خوپ كۆرگەن ئىشلار ئۈچۈن قاقشىماي ئەمەلىي قىلىدۇ، قوللاش ۋە قارشىلىق، مۇكاپات ۋە جازا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر.

▲ مەدەنىيەتنىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغۇدەك دەرىجىدە سوغۇققان تۇرۇپ قوبۇل قىلىش كېرەك.

▲ مەدەنىيەتلەرئارا باردى ـ كەلدى كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مەدەنىيەت خاسلىقى روشەن بولغان خەلقلەرنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ تىلى ۋە ئېتىقادىنى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

▲ ئانا تىل بىر ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكىنى بەرپا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. كېيىنكى مۇرەككەپ بىلىشلەرنىڭ ئاساسى پەقەت ئانا تىل بىلەنلا سىڭىدۇ. ئانا تىل ئادەمگە ئادەم بولۇشنى، نېمىنى سۆيۈش ۋە نېمىدىن نەپرەتلىنىشنى ئەڭ ياخشى ئۆگىتىدۇ. ئىنسان خاراكتېرى ئانا تىل ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى يارىتىدۇ. بىز ئانا تىلىمىز ئاساسىدا باشقا تىللارغا ئۆتەلەيمىز.

▲ ئۆزىنىڭ كېرەكلىك ئالىملىرىنى دىتلاپ چىقالايدىغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن ئىنكاس قايتۇرالايدىغان خەلق تارىختىن ئىبارەت بۇ پاراخوتنىڭ يولۇچىسى ئەمەس بەلكى رولچىسى بولالايدۇ. مەلۇم ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرالمىغان خەلقنىڭ ئايىغى ئاللىبۇرۇن خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ نىجاسەتلىرىگە پېتىپ بولغان بولىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ كۆپ يەيدىغان بوپكېتىشى بىر مىللەت ئاياللىرىدىكى لاتاپەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن، تولا گەپ قىلىدىغان بوپكېتىشى بىر مىللەت ئاياللىرىدىكى نازاكەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئىجتىمائىي ئىللەت تەبىئىي بولمايدۇ، بەلكى سۈنئىي بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇقتۇرغۇچىلىرى ۋە يۇقتۇرۇلغۇچىلىرى، باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبكارى بولىدۇ.

▲ بىر مىللەتنى ئەقىل بىلەن چۈشىنىش ـ باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. لېكىن مۇھەببەت ۋە قەلب بىلەن چۈشىنىش پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

▲ تەپەككۇر ئىنكاس ۋە ئىنكاسقا ئىنكاس قايتۇرۇش يوللىرى بىلەن بېيىپ بارىدۇ.

▲ دەۋرنىڭ ئۈشتۈمتۇت رىقابەتلىرىگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان خەلق ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىيالماي، ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

▲ ئېتىقادسىزلىققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئۆگىنىش ـ ئىنسانىي مەھكۇملۇققا دۇچار قىلىدۇ.

▲ ھەسرىتى يوق ئايال يۈزەكى ئايالدۇر.

▲ ۋاقىت ئۆزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قوبۇللانمىغان سوۋغىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە بەك ئۇستا.

▲ تونۇتۇش ۋە تونۇش مىللىي كىملىكنىڭ تېشى ۋە ئەستىرى.

▲ ئەگەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەنمىسە، كېلەچىكى توغرىسىدا ئويلانمىسا، پەقەت قورساق بېقىش ۋەسۋەسىسىدىلا بولسا، باللار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، مىللىي كىملىكى ھەققىدە مەكتەپلەردىن ساۋاق ئالالمىسا، ئۇ بېلىققا ئوخشاش ياشىشى مۇمكىن. ئۇ پاكىز سۇدىمۇ ياشاۋېرىدۇ، پاسكىنا سۇدىمۇ ئاۋاز چىقارماي ياشاۋېرىدۇ، سۇسىزلىقتىمۇ ئاۋاز چىقارماي ئۆلىدۇ.

▲ ھەممە ئىش پۇرسەتكە باغلىق، پۇرسەت ئادالەتكە باغلىق.

▲ ئۆزىنى ئىپادىلەش بىر خىل ھۆرلۈك.

▲ مۇساپىرلىقنىڭ خېمىر تۇرۇچىنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئېلىپ چىققان ئادەم باشقا ئەللەردىمۇ مۇساپىر.

▲ بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، ئىشلەيدىغان، جەمئىيەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان مەنىۋى پۇرسەتلىرىمىز قادداقتۇر بىراۋنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق.

▲ پۇرسەت ھوقۇقنى شەرت قىلىدۇ. ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان ئادەم پۇرسەت تاللىيالمايدۇ!

▲ ھېسسىيات تىپلىق بىر مىللەت چاقماقنى «خۇدانىڭ قەھرى» دەپ سۈپەتلەش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ. بىر ئەقلىي مىللەت ئۇنىڭ فىزىكىلىق سەۋەبلىرىنى تەكشۈرىدۇ.

▲ پىكرىي ناچىنسلار ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

▲ ھەقىقەت شۇ ـ مەنبەسىدىن ئايرىلمىغان سۇ دۆڭدىنمۇ يول تاپىدۇ.

▲ ئانا تىلىڭ ئۆز كۆزۈڭگە ئوخشايدۇ. قالغان تىللار كۆزەينەك، دۇربۇن، تېلېسكوپ، مىكروسكوپ... دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئىلغار بولسىمۇ، كۆزۈڭ يەنىلا ساق بولۇشى كېرەك.

▲ ئانا تىلىڭ غۇرۇر، مۇھەببەت، ۋىجدان، ئەقىدىنىڭ تىلى. ئۇ بىلىك، مەرىپەت، ھەقىقەت، قۇدرەت ئۆزىنىڭدىن باشلىنىدۇ. باشقا تىللار گۇۋاھنامە، شاھادەتنامە، كاپالەتنامە، ھوقۇقنامە تىللىرىدۇر.

▲ بۈگۈنكى دەۋردە بىر كەسىپنىڭ چالا ـ پۇلا ئەھلى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى مۇكەممەل ئادەم بولۇش.

▲ مۇكەممەل ئادەم بولۇش نەدىن باشلىنىدۇ؟ ھىدايەت ئۈستىگە قۇرۇلغان روھىي ساغلاملىقتىن، پىكىر تىرەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. دېمەك، سەن غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇشۇڭ كېرەك. بولمىسا سەپەر ئۈستىدە ئاسانلا ئېغىپ كېتىسەن، ئۆزۈڭنى باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ سالىسەن. مانا بۇ ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ يىلتىزى.

▲ 21 ـ ئەسىر بىز ئۈچۈن كىملىك قۇرۇش دەۋرى، شۇنداقلا كىملىكىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش دەۋرى. يانچۇقۇڭدىكى كىملىك بىلەن يۈرىكىڭدىكى كىملىك بىردەك بولغاندا، دۇنيا ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ.

▲ بىر قېتىملىق ئىللىق مۇئامىلە بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك تەربىيە، مۇھەببەت بابىدىكى بىر قېتىملىق تېرىقچىلىق. ئۇنىڭ ھوسۇلىنىڭ كۆپلۈكىنى قىياسلاپ بولمايدۇ.

▲ شائىر ھايات ھېكمەتلىرىنى تەبىئەتتىن بايقايدىغان ئادەم.

▲ ساقلىقنىڭ قەدرى دوختۇرخانىدا بىلىنگەندەك، ۋەتەننىڭ قەدرى ۋەتەندىن ئايرىلغاندا بىلىنىدۇ.

▲ بىر دۆلەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېتىبار بېرىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

▲ ئۆي ئىشى قىلىۋاتقان ئايال ناھايىتى سۆيۈملۈك بولىدۇ.

▲ تېخنىكا پەنلىرىنى شوئار توۋلاپ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

▲ بۇرۇنقى ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئاجىز ئىدى، ھازىرقى ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قېلىشتى.

▲ بىزدىكى مائارىپ باللارنى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرگە ۋە ئېغى بىلەن بېغى يوق تاپشۇرۇقلارغا مەھكۇم قىلىۋەتتى. باللارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى تورمۇزلىنىپ، تاپشۇرۇققا تاقابىل تۇرۇدىغان تەكرار پائالىيەت شەكلىگە كىرىپ كەتتى.

▲ جۇڭگو مائارىپىدا قابىلىيەت دېمەك، ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ھەر قانداق تەلىم ـ تەربىيە ئىنسان توغرىسىدىكى قەدرىيەتتىن باشلىنىدۇ.

▲ باللار كىچىكىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشى، ئانا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشى، مۇھىمى ئۆز خەلقىنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇستەھكەم قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

▲ ئەجداد بىلەن ئەۋلاد بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلار يېتىمدۇر. ۋەھالەنكى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرۇدىغان نەرسە تىل ـ مەدەنىيەت ئەمەسمۇ.

▲ زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىنى يوقىتىش ئەمەس، ئېگىز بىنا، يورۇق كوچا، فونتان، ئايروپىلان ۋە پويىز ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن بىر خىل قىممەت قاراش. مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، ئۇزاق تارىخقا ئىگە خەلق ھەر قانداق بىر قىممەت قاراشنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قىممەت قارىشى بىلەن باھالاپ، تاللاش ۋە شاللاشنى بىلىشى زۆرۈر. زامانىۋى چىراغلار تارىخنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكى كېرەك.

▲ ھەر قانداق بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش زۆرۈرىيىتى بار بولغىنىدەك، ئۆزىنى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن، ئۆزىگە تۇز بەرگەن خەلقىگە مەسئۇل بولۇش بۇرچىمۇ بار.

▲ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا چالا ساۋات كىشى چەت ئەل تىلىدىمۇ چالا ساۋات بولىدۇ.

▲ ئالىي مەكتەپتە دىپلوم ئۈچۈن ئەمەس، بىلىم ئۈچۈن ئوقۇيدىغان، خىزمەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئەۋلادلار چىقىشى كېرەك.

▲ نادانلىقمۇ زامانىۋى بولسا كېرەك. مەلۇم بىر كەسىپتە ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق ئىنسانىي بۇرچ جەھەتتە قارا پېتى قېلىش زامانىۋى نادانلىقنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ، بۇ نادانلىقنى ئاقارتىش بەسىي مۇشكۇل. ئالىملارنىڭ نادانلىقى مەدەنىي قاتىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىدە تۇرۇدىغان نېگىزلىك قىممەت قارىشى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ تەبىئىتى نومۇسنى بىلمەيدىغان بوپكېتىدۇ.

---

ئۇستاز، ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسور ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۆزىنى ئىزدەش يوسۇنىدا» ناملىق كىتابىدىن تەۋسىيە قىلغۇچى: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى دۆۋىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى: مۇ. ھەممەت ئىسمائىل

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قوۋۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قوۋۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار، مەزكۇر كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

ـــــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# بىز كلاسسىك ئەسەرلەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟!

ئىمىن ئەھمىدى

## كلاسسىكلارنىڭ قۇدرىتى

زامان ـ زامانلاردىن بۈگۈنگىچە داۋاملاشقان يازما ئەدەبىيات ۋە دەۋرمۇدەۋر تارقىلىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئاغزاكى ئەدەبىيات ئادەتتە قەدىمكى ئەدەبىيات ياكى كلاسسىك ئەدەبىيات دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن كلاسسىك ئەدەبىيات نامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىلا كلاسسىك ئەسەرلەر بولۇۋەرمەيدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەر دېگەندە، كۆپ ھالدا ئۆچمەس نوپۇزلۇق، تەسىر دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، يېتۈك ـ تەڭداشسىز، زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ ھېلىمۇ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي بۈگۈنگىچە ياشاۋاتقان ۋە ياشايدىغان، كەلگۈسىدىمۇ، شۇنداقلا ھەر بىر دەۋر رېئاللىقىدا ئۆزىدىكى تېپىكلىك، مۇكەممەللىكنى ئورتاق ھالدا ئىپادىلەپ كەلگەن ئۆلمەس ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ناۋادا، خەنزۇچە لۇغەتلەردىكى لۇغەت مەنىسى بويىچە شەرھلەشكە توغرا كەلسە، «ناملار شەرھى» دېگەن كىتابتا بېرىلگەن تەبىر بويىچە، ئومۇمەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان، جىمىكى ئادەمنىڭ تىلىدا زىكىر قىلىنىدىغان ئەسەرلەر كلاسسىك ئەسەرلەر بولىدۇ.

ھالبۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئالدى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەردە ئۆزىنى مۇكەممەل نامايان قىلىدۇ. ھەرقانداق شەكىلدىكى تارىخىي قوللانمىلار، تارىخىي ماتېرىياللار، دەرسلىكلەر، يىلنامىلار ۋە تەزكىرىلەر پەقەت تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ بىر قىسمى ياكى سادىر بولغان ۋەقەلەرنىڭ يۈزەكى ھالىتىنى، مەشھۇر شەخسلەرنى ياكى غالىبلارنىڭ ئىرادىسىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە مۇشۇ ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولغان سىياسىي كۆز قاراش ـ خاھىشلار رامكىسى ئارقىلىق يەكۈنلەيدۇ. مەدەنىيەت تارىخى بۇنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۈزۈم ئاستىدىكى تارىخنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئاساسىي كۈچنىڭ، يەنى ئىجتىمائىي ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىنى، ئەخلاق ـ مىزانلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرى بىلەن بولغان ماسلىشىشى ياكى قارشىلىشىش جەريانلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى پىسخىك ئىزنالارنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئېتىكىلىق ئالامەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى، ئومۇمەن ئىجتىمائىي ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت جىمىكى تەرەپلىرىنى ئىدراكى تەپەككۇرى ۋە ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرى بويىچە بايان قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز دەللىمەكچى بولغان كلاسسىك ئەسەرلەر مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە ئۆزى ياكى ئۆزى تەسۋىرلىگەن تارىخىي جەريانلاردا

www.uyghurkitap.com

بارلىققا كەلگەن ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ ماھىيەتلىك سىرلىرىنى، ئۇلارنىڭ يازما تارىخقا كىرگەن ياكى كىرمىگەن تىپىك كۆرۈنۈشلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا ئۇيغۇن ھالدا تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ مەركەزلىك، تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەزەر بىلەن خۇلاسە قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ خۇلاسىنى تىپىك پېرسوناژ، تارىخىي شەخس، ھېسسىي ئوبراز، ئېستېتىك تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ھەرقانداق دەۋردىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان قۇدرەتلىك دەستۇرغا ئايلاندۇرىدۇ. دىدروننىڭ 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك يازغۇچى، ئەنگلىيە يېقىنقى زامان ھېكايىچىلىقىغا ئاساس سالغۇچى رىچارتسىنغا يازغان خېتىدىكى: «ئەڭ ئېنىق يېزىلغان تارىخمۇ قەغەز بېتىنى بويىغان يالغاپ گەپ، ئەكسىچە، سەن يازغان ھېكايىلەرنىڭ ھەر بىر خېتىدىن چىنلىقنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. تارىخ پەقەت بىر نەچچە شەخسنىلا يازىدۇ. سەن ئەكسىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى تەسۋىرلەيسەن. تارىخ بىر نەچچە شەخسنىڭ سۆزلىمىگەن سۆزلىرىنى، قىلمىغان ئىشلىرىنى ئۇلار سۆزلىگەن، قىلغان دەپ يازىدۇ. سەن تەسۋىرلەۋاتقان ئىنساننىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ئىشى ئۇلار سۆزلىگەن، قىلغان ئىشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. تارىخ پەقەت قىسمەن ۋاقىتنىلا، يەر شارىنىڭ يوستىدىكى بىرەر نۇقتىنىلا كۆرىدۇ. سەن ئەكسىچە ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقنى، ھەممە دەۋرنى كۆرىسەن. ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن تەقلىد قىلماقچى بولغان ئۆرنەك. ئەگەر ئەڭ ياخشى بىر تارىخچىغا مۇنتىزىم يوسۇندا باھا بېرىشكە توغرا كەلسە، سانا ئوخشاش باھالاشتىن ئۆتەلەيدىغاندىن بىرەرسى چىقامدۇ؟ مۇشۇ نۇقتىسىنەزەر بويىچە تارىخنى ئەڭ ناچار يېزىلغان ھېكايە دېيىشتىن ھەرگىز قورقمايمەن. ئەكسىچە ھېكايىلەر، سەن يازغىنىدەك ھېكايىلەر ئەڭ ياخشى تارىخ» ① دېگەنلىرى بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمىزنى قىسمەنلىكتىن بولسىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ بىر ـ بىرىدىن پايدىلانغان تەقدىردە ھەم ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدىبلەرنىڭ تارىخقا ئېھتىياجلىق بولۇشى ياكى تارىختىن پايدىلىنىشى، بۇ تارىخنىڭ ئاللىبۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە بۇ سەۋەبلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ تارىختىن پايدىلىنىشى، ئەدەبىياتقا قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەم بوپقالغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تېخىمۇ يۈكسەك بىر مۇددىئانىڭ بولغانلىقى تۈپەيلى بارلىققا كېلىدۇ. تارىخنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئەتۈرسىچە بولىدۇ. يەنى تارىخ كونكرېت ۋە ھېسسىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقى ياكى مەلۇم سيۇژېتلارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك تارىخنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئامالسىز يوسۇندا ئەدەبىياتنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ. ئالايلۇق، غەربىي جۇ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى تارىخ ئۇنچىۋالا كونكرېت ئەمەس. لېكىن «شېئىرنامە» «تارىخىي خاتىرىلەر»دىكى بۇنداق كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ بېرەلەيدۇ. مانا شۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىلا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەقىقىي تارىخىي پەزىلەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بۇ پەزىلەتنى پەقەت كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭلا نامايان قىلالايدىغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمىغان ھالدا دەلىللەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، بۇنىڭدىن غەربىي جۇ سۇلالىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «شېئىرنامە»نىڭ ھەقىقەتەن جۇڭگودىكى تۇنجى كلاسسىك ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، نادىر ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلىرى بولمىغان مىللەت، مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتە ئاجىز مىللەت ھېسابلىنىدۇ. بىز مەدەنىيەت تارىخى جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئومۇمەن تارىخنىڭ، تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ۋە ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىدىكى ئەبەدىيلىكنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىغان ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقەتەن شۇ چاغدىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن تارىخىي ھادىسىلەر، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار مۇناسىۋىتى، ئادىمىيلىك پەزىلەت، ئەلىم ـ پەن ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىنكاسى ۋە تارىخىي چىنلىقى ئىكەنلىكىنى، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتە دەۋرنىڭ غايەت زور چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا تارىخنىڭ ئالغا بېسىش تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن تىرىشقانلىقى، ئۇلارنىڭ يەنىلا خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، مىللەتنىڭ روھىنى مەشئەل قىلىپ كۆتۈرگەنلىكىنى بايقايمىز.

بىز ئەدەبىيات تارىخى مانا شۇ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى دېگىنىمىزدە، يەنىلا ئەدەبىيات تارىخىنىڭ غوللۇق لىنىيىسى ۋە روھىي تۈۋرۈكى، تايانچ كۈچى بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئالدى بىلەن تىلغا ئالىمىز. گېپىنىڭ پوسكاللىسىنى قىلغاندا، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىپ چىقىش جەريانىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئەمەلىيەتتە ھەر خىل ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە كۆرە كلاسسىك ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنى تەۋرىتىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن باشقا نەرسە بولماي كەلدى. مەلۇم مەنە بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش خەلقنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى بوپقالدى. كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى تەۋرىتىش، ئەكسىچە، مىللىي ئىنكارچىلىق ۋە مىللەت روھىنى يوققا چىقىرىشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بۇ خىل ئەھۋال بەك يىراقتىكىسىنى بىر ياققا قويۇپ، يېقىندىكى رېئاللىقنىلا سۆزلىسەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوخشاش دەۋرىدە، ئۆزئارا ئوخشىمايدىدىغان ئىككى رايوندا ئوخشاش شەكىلدە سادىر بولدى. يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيىدىكى دۇنياغا داڭلىق ئالىي ئوقۇتۇش ئورنىدا يەنى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش پروگراممىسى زادى نېمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەھس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مەسىلە ئاخىرىغا بېرىپ ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى،ئەدەبىي ئەسەرلەرگە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارغا بېرىپ تاقالدى. رادىكال تەنقىدچىلەر: «ئۇلۇغۋار ئەنئەنىگە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىش لازىم» دېسە، ئالىي مەكتەپلەردىكى پروفېسسورلار: «ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر

www.uyghurkitap.com

ھەققىدە گەپ قىلىش ۋە ئۇلارنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز» دېگەن
پىكىردە چىڭ تۇردى. بۇ گەرچە ئالىي مەكتەپلەردىلا ئېلىپ بېرىلە-
ۋاتقان بەھس ـ مۇنازىرە بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىگە جىددىي قارايدى-
غان يەنە بىر قىسىم تەنقىدچىلەر: «بۇ ئىشنىڭ يېرىمى سىياسىيغا،
يېرىمى ئىلمىي مۇنازىرىگە تەئەللۇق» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.
شۇ يىللىرى يالغۇز ئەنگلىيىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل غەرب دۇن-
ياسىدا ھەتتا يەر شارى بويىچىمۇ كلاسسىكلارنى «مەركەزدىن يىراق-
لاشتۇرۇش» (de Centralzation) ئېقىمى دەيدىغان بىر ئېقىم باش
كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئېقىمنىڭ تەشەببۇسچىلىرى يۈرىكىنى قاپتەك
قىلىپ، ئىشنى ئالدى بىلەن شېكىسپىرنى ئىنكار قىلىشتىن، شېكىسپىر-
نىڭ كلاسسىكلىق ئورنىنى، شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ كلاسسىكلىق
ئورنىنى تەۋرىتىشتىن باشلىدى. 1996 ـ يىلى لوس ـ ئانژېلىستا چاقى-
رىلغان «شېكىسپىر ئەسەرلىرى دۇنياۋى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا
«شېكىسپىرنى قوغلاش» (de shakespeare)نىڭ چۇقان ـ سۈرەنلە-
رى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. لېكىن بۇ چۇقان ـ سۈرەنلەر يىغىپ
ئېيتقاندا، يەنە بىر تەرەپتىن شېكىسپىرنى «مەركەز»لىك ئورنىدىن
قوغلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ كلاسسى-
كىلىق ئورنىنى تەۋرىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تۈپكى جەھەتتىن ئىس-
پاتلىدى. يەنە دەل مۇشۇ مەزگىلدە، جۇڭگودىمۇ لۇشۈن ۋەكىللىك-
دىكى كلاسسىك ئەدەبىياتقا، جۈملىدىن، جۇڭگودىكى جىمكى كلاس-
سىكلارغا ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا بىر ـ بىرىگە
مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش بارلىققا كەلدى. ناۋادا،
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ھەر مىللەت ئەدەبىياتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك
نارازىلىقى، قارشىلىقى، بولۇپمۇ ماۋزېدۇڭنىڭ لۇشۈن ھەققىدىكى تا-
رىخىي باھاسى بولمىغان بولسا، لۇشۈننىڭ كلاسسىكلىق ئورنىنىڭ
تەۋرەپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭمۇ كلاسسىك ئەسەرلەر قاتارى-
دىن سىقىپ چىقىرىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. يەنە ناۋادا لۇشۈننى،
لۇشۈننىڭ كلاسسىكلىق ئورنىنى، «AQنىڭ تەرجىمىھالى»دەك ئە-
سەرلەرنىڭ كلاسسىكلىق ئورنىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلە-
رى پۈت تىرەپ تۇرالىغان بولسا، يالغۇز لۇشۈنلا ئەمەس، بەلكى
نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي نەمۇنىلە-
رى، كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە كلاسسىكلىرىمۇ سوغۇق سارايغا كىرىپ
كەتكەن، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخى يىگى-
لەپ قالغان، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي رو-
ھىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى.
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆ-
رۈركى، يەنە دەل مۇشۇ 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى-
دىمۇ ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە كلا-
سسىكلىق ئورنىنى چۆرىدىگەن ھالدا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئە-
مەس بىر قېتىملىق داۋالغۇش يۈز بەردى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ
چاغدىكى ئاتالمىش «گۇڭگا» شېئىر يەنى مودېرنىستىك شېئىر ياكى
يېڭى شېئىرلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيەت تەرەققىياتىدىكى يۆنىلىشى ۋە
ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىدىكى تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىش، نەۋائىينى «مەركەز»لىك
ئورنىدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ئىدى. ھەتتا يېڭىچە
شېئىرلارغا يول ئاچىمىز، دەپ نەۋائىينىڭ 500 يىلدىن بۇيانقى تەس-
رىنى ھازىرغىچە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان «تۈتەك پەردە» دېيىشكە
تېخىمۇ بولمايتتى. ناۋادا، نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى

جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى تەۋرىسە، ئۇنىڭ بى-
لەن بىرگە تېمورىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىي-
لارنىڭ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى بىلال نازىمىي زامانىسىغىچە ياشىغان
كلاسسىكلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى يوقىلىپلا قال-
ماي، تېخىمۇ يامىنى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا، جۈملىدىن
پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، مىللەتنىڭ روھىغا دەز كەتكەن بولاتتى.
ئۇنداقتا، بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇ-
نىڭ مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى، تىلىنى يوقىتىش كېرەك، دېگەن
سۆزلەرمۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىناتتى ـ دە، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ
ھېچ نەرسىسى قالمىغان پاجىئەلىك ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى.
دەرۋەقە، ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىكلارنىڭ ۋە كلاسسىك
ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى تەۋرىتىشنى ئاساسىي
نۇقتا قىلغان مۇنداق مۇنازىرە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىلا
يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس. ئەدەبىيات تارىخىدا بوھران خاراكتېرىنى
ئالغان بۇ ئەھۋال تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم سادىر
بولدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئە-
سىردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە ئۆتۈش
مەزگىلىدىكى غەربىي ياۋروپادا، ئىككىنچى قېتىملىقى، كلاسسىزمدىن
رومانتىزمغا ئۆتۈش مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا شىمالىي ياۋروپادا، ئۈچىن-
چى قېتىملىقى، ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىغا مۇناسىۋەتسىز بۆلەك بىر
جايدا، يەنى جۇڭگونىڭ كونا جۇڭگودىن ھازىرقى زامانغا ئۆتۈش
مەزگىلىدە كېلىپ چىقتى. ئېھتىمال، مەسىلىنى مۇنداق يىغىنچاقلاش
قارىماققا ئالدىراڭغۇلۇق ياكى ھېچبولمىغاندا مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇ-
رۇشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇنداق مۇنازىرىنىڭ ماھىيەت جەھەتتە
كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ۋە كلاسسىكلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈننىڭ
تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەيلى بالدۇر بولسۇن ياكى كې-
يىن بولسۇن، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن ياكى جۇڭگودا بولسۇن
ھامان بىر كۈنى پارتلاپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي ـ ئىدېئولوگىيە مە-
سىلىسى ۋە تارىخىي پاكىت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەتتە،
ھېلىمۇ ياخشى، كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە كلاسسىكلارنىڭ بېشىغا كېلە-
ۋاتقان ۋە كەلگەن ھەر قېتىمقى دىشۋارچىلىق، يەنە بىر ياقتىن ئال-
غاندا ھەر قېتىمدا كلاسسىك ئەسەرلەرنى ۋە كلاسسىكلارنى يەنە بىر
قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئورنىنى يەنە بىر مەر-
تىۋە مۇستەھكەملەش بىلەن نەتىجىلەندى. بىز بۇ يەردە ياۋروپادىكى
زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش
دەۋرىگە ئۆتۈش مەزگىلىدە گۇمانىست شائىر پېتراك قاتارلىقلارنىڭ
قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى بىلەن رىم مەدەنىيىتىنى جۇلالاندۇرغان
كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە كلاسسىكلار توغرىسىدىكى ئادىل باھا ۋە
يالقۇنلۇق مەدھىيىلىرىنى، يەنىلا شۇ ياۋروپادىكى فرانسىيە بۇرژۇئا-
زىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن كلاسسىزمدىن رومانتىزمغا
ئۆتۈش مەزگىلىدە ھيوتى، كانت ۋە ھيوگولارنىڭ شەخسنىڭ ئازادلىقى
ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىكىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى
ۋە شۇ دەۋردىكى كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن كلاسسىكلار توغرىسىدا
ئوتتۇرىغا قويغان ئۇنتۇلغۇسىز يۈكسەك باھالىرىنى تەكرارلاپ ئول-
تۇرمايمىز. لېكىن شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، گەرچە كلاسسىك ئە-
سەرلەر ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بويىچە نوپۇزلۇق ئەسەرلەر، يېزىلغان ۋە
جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن تۇنجى مىنۇتتىلا ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز
ئورنىنى نامايان قىلغان ئەسەرلەر، بىز ئەسىرمۇ ئەسىر، دەۋرمۇدەۋر

تاللىۋالماقچى ۋە پايدىلانماقچى بولغان پۈتكۈل مەنىۋى بايلىق
جەۋھەرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ئەسەرلەرنى كۆزدە تۇتقان
بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە ك-
لاسسىكلارنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش نوقۇل مەدەنىيەت ياكى
ئەدەبىيات مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولمىدى. ئۇلارنىڭ پۈت تىرەپ
تۇرالىشى ئۆزىدە يوقىرىدا تىلغا ئالغان شۇنچە زور ئەۋزەللىكىنى ھا-
زىرلىغانلىقىغا قارىماي، ئۇنچە ئوڭايغا چۈشمىدى ياكى بۇ مەسىلە
پېتراك ياكى ھيوتىدەك زاتلارنىڭ ئىككى ئېغىز لىللا گېپى بىلەنلا ھەل
بوپكەتمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قانداق ئەسەرلەرنىڭ كلاسسىك ئە-
سەر بولىدىغانلىقى ياكى بولمايدىغانلىقى، مۇشۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا
قويۇلغان چاغدىكى تارىخىي شارائىتتىن، سىياسىي مۇھىتتىن ۋە ھۆ-
كۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىدىن ۋە باشقا غەيرىي ئېھتىياجلاردىن
بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. ھەتتا مۇشۇ شوئارنى بىرىنچى بولۇپ كۆ-
تۈرۈپ چىققانلارمۇ بۇ مۇنازىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ياكى ئۇنىڭ
ئاخىرلىشىش باسقۇچىدا ئۆزىنىڭ مىلنى ياكى باشقىلارنىڭ ئاز سانلىق
ئادەملەرگىلا يارىغان ئەسەرلىرىنى بازارغا سىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز-
لىرىنىڭ ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغان شەخسىي مۇددىئالىرىغا يې-
تىشكە ئۇرۇندى. ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر-
نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە رولىنى مىسالغا ئالساق، بۇ كلاسسىك
ئەسەرلەرنىڭ شۇ چاغدىكى گۇمانتارلىق تەربىيە ۋە مائارىپ ساھە-
سىدە گىگانت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر قا-
تاردىكى ئىمپېرىيە ھوقۇقى ۋە ئىلاھىيەت ھوقۇقى، ئۇ دۇنيانىڭ
بەخت ـ سائادىتىنى ئاۋام پۇقرالارغا قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيانىڭ را-
ھەت ـ پاراغىتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان روھانىي كۈچلەرنىڭ غەرىزى
ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. ئىمپېرىيە ھوقۇقى ۋە ئىلاھىيەت ھوقۇقىنىڭ
ھامىيسى بولغانلارنىڭ ئاۋام پۇقرانى ھەقىقىي ئىنسان تەرىقىسىدە يا-
شاشقا ئۈندەيدىغان مۇنداق كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە كلاسسىكلار بىلەن
چىقىشالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى باشلانغان يېڭى دەۋرنىڭ
دەسلەپىدىكى شائىر دانتىنىڭ «ئىلاھىيەت كومېدىيىسى» ۋە بوكاچىيو
يازغان «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ
ئىمپېرىيە ھوقۇقى ۋە ئىلاھىيەت ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلارنىڭ
كۆزىگە قادالغان مىخ ئىكەنلىكى ھەقىقەت ئىدى. ئەگەر ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەزگىلىدىكى دانتى، پېتراك، بوكاچىيولار-
نىڭ، مىكلانجىلو، راپائىل، داۋىنچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر ھەققى-
دىكى جەڭگىۋار سادالىرى بولمىغان بولسا، قەدىمكى يۇنان ئەدەبىياتى
ۋە رىم ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر، جۈملىدىن، ھومېرنىڭ
«ئىلليئادا»، «ئودىسا»لىرى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولاتتى.
مەسىلە، مەيلى ئوتتۇرا ئەسىر تامامىلانغاندىن كېيىن بولسۇن ياكى
ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش
دەۋرى باشلانغان چاغدا بولسۇن، ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك
ئەسەرلەرنى سىياسىي بىلەن چەمبەرچاس باغلاش يەنى كلاسسىك
ئەسەرلەرنى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇش شۇ
چاغدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ يادروسى بولغانلىقىدا.

ھەر خىل رىسالە، «مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق كىتابلار تە-
رەققىيچىلىك ئىلمىنىڭ گۈپپاڭچىسى بوپقالغان جۇڭگو تارىخىدىمۇ، شۇ
چاغدىكى تەرەققىيچىلىك بىلەن سىياسىينىڭ ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن
بوپكەتكەنلىكى تىپىك بىر ھادىسە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇڭگودىكى
ھۆكۈمران سىنىپلار تاكى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپلا تەرەققىيچىلىك
ساھەسىدىكى دەستۇرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خىزمەت قىلى-
دىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ دەستۇرلەر ئالدىدا تىزلاندى ۋە
سەجدە قىلدى. بۇ ئەھۋال تەخمىنەن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
داۋاملاشتى. تەرەققىيچىلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى يالغۇز دۆلەتنى
ئىدارە قىلىش، ئەلنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئىلمىي قوللانمىسىلا ئەمەس،
ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە ھۆكۈمران گۇرۇھلار يولغا قويىدىغان
«ئەھكام» ۋە «ئەركان»لاردىن بوپقالدى ھەمدە ئاۋام پۇقرانى بې-
خۇدلاشتۇرىدىغان مۇقەددەس ئايەتلەرگە ئايلاندى. دەل مۇشۇ سە-
ۋەبلەرگە كۆرە، جۇڭگودا كونا جۇڭگودىن ھازىرقى زامانغا ئۆتۈش
مەزگىلىدە شۇ خىل كلاسسىك ئەسەرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە
ھەقىقىي كلاسسىك ئەسەرلەرگە قايتا باھا بېرىش كېلىپ چىقتى.
كونكرېت سۆزلىگەندە، 1905 ـ يىلغا كەلگەندە كېچۇ تۈزۈمىنىڭ ئە-
مەلدىن قالدۇرۇلۇشى تەرەققىيچىلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەر نوپۇزىنى
دەسلەپكى قەدەمدە ئاجىزلاشتۇردى. 1919 ـ يىلدىكى «4 ـ ماي يې-
ڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» تەرەققىيچىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن ھالىدىن
كەتكەن كلاسسىك ئەسەرلىرىگە يەنە بىر نۆۋەت قاقشاتقۇچ زەربە
بەردى. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى بولغان
لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسى ئادەمنى
ئادەم يەيدىغان فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتكە
مەنىۋى مەدەت بېرىدىغان تەرەققىيچىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى
ئاتالمىش كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل
پاش قىلدى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تۈۋرۈكى بولغان
كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋرەتتى. 2000
يىللىق ئەنئەنىگە كۆرە تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى
ئاسانلىقچە خالىمايدىغان، ئۆزىنىڭ مۇساپىسىدە تەڭرىنىڭ يەردىكى
ئاۋازىغا ئايلانغان بۇ كلاسسىك ئەسەرلەر تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ
40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن قۇيرۇقىنى غىت قىستى. لېكىن تارى-
خىي تەقەززالىقنىڭ دەۋرەپ كېلىۋاتقانلىقىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا
بولغان تونۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسكەنلىكىگە پىسەنت قىلماي، يەنە
بىر قىسىم ئادەملەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئېلىمىز تارىخى-
دىكى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن يەنە بىر
قېتىم ئېلىشتى. ئاتالمىش «ئۈلگىلىك تىياتىر»لارنىڭ خوجايىنلىق
ئورۇنغا چىقىۋېلىشى، ياۋشۆيىننىڭ تارىخىي رومانى «لى زىچىڭ»
كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، باشقا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىر يولىلا نەزەر-
بەنت قىلىنغانلىقى بىر ياقتىن ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئوتتۇرا
ئەسىردىكى ياۋروپا ۋەزىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان
جۇڭگودىكى ھەقىقىي كلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدىكى بوھراننىڭ ئىنى-
تايىن كەسكىن مۇمىنتلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر
ياقتىن بۇ بوھراننىڭ ھەر قاچان، ھەر قانداق جايدا مۇئەييەن سىياسىي
ئېھتىياج بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى سەممىزگە سې-
لىپ تۇردى. ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بىر
بۆلۈك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە شەخسىي ئۆلچەملىرى بو-
يىچە جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى، بولۇپمۇ «4 ـ ماي يېڭى مە-
دەنىيەت ھەرىكىتى»دىن كېيىنكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كلاسسىك ئە-
سەرلەر نامىدا تۇرغۇزغانلىقى، تارىخ، خەلق ۋە مىللەت ئورتاق ئېتە-
راپ قىلغان بىر تۈركۈم ئەسەرنى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قاتارىدىن

www.uyghurkitap.com

شاللاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دادىل ئاشقان باشقا ئەسەرلەرنى قويماقچى بولغانلىقمۇ جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەر مەسىلىسىنىڭ ناھايىتى نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا چوقۇم دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي قاراشلار بىلەن باھا بېرىش لازىملىقىنى يەنە بىر مەرتىۋە تەكىتلىدى. بۇ مەسىلە پەقەت ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش شوئارى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغاندىلا دەسلەپكى يېشىمگە ئېرىشتى. شۇنداقلا بۇ جەھەتتىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر يەنە بىر مەرتىۋە جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىكى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئورنى جۇڭگودىكى خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە بۇ ئەدەبىياتتىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش، مۇئەييەنلىشىش تارىخىدەك مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى ۋە بۇ جەرياندا ناھايىتى ئۇزۇن، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىزنالىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە كلاسسىكلىرى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ گەرچە دەسلەپكى چاغلاردا شېئىر، قىسسە ـ داستانلارنى ئاساسىي ئىپادىلەش شەكلى قىلغىنىغا قارىماي دوستلۇق، ۋاپادارلىق، چىن مۇھەببەتنى يادرو قىلغان تۈركۈم ـ تۈركۈم نادىر ئەسەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، خەلقچىللىقنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. ئۇلاردا بىلىم بىلەن پەزىلەت، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن بەختلىك تۇرمۇش، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى، ئىناقلىق بىلەن ساداقەت ئەخلاقىنىڭ يۇقىرى پەللىسى تەرىقىسىدە تەسۋىرلەندى. سان ـ ساناقسىز ئەدىب ـ ئۆلىما ئۆزى ياشىغان رېئال دەۋرگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە، غايىۋى تىنچ تۇرمۇشقا ئۇمىدۋارلىق بىلەن كۆز تىكىپ، ئۇيغۇرلار ھېلىھەم قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەقلىي شىجائىتى ۋە جىسمانىي قۇدرىتىگە ھەمدەم بولالايدىغان نادىر ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن كلاسسىك ئەسەرلەرنى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىي خەزىنىسىگە تەقدىم قىلدى. گوبىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «مەڭگۈ تاشلار»دىكى خاتىرىلەر، ئوغۇزخان ۋە ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى داستانلار، قاراخانىيلار دەۋرى، ئىدىقۇت خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ۋە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋرلەردە يېزىلغان، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچكەن ئەسەرلەر جۇڭگو مەدەنىيەت سورۇنى ۋە ئەدەبىيات تارىخىي سورۇنىدا ئەتىۋارلاندى. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆز زامانىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، يايلاق مەدەنىيىتىدىن بوستانلىق مەدەنىيىتىگە، مەھەللىۋى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىدىن شەھەر ـ قەلئە مەدەنىيىتىگە ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە دۇنيا قاراش ۋە ئېتىكىلىق قاراشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۆز نۆۋىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىلەن مىللەتشۇناسلىقتا ئاساس سالغان ئەسەرلەردىن بوپقالدى. بۇ ئۈچ پارچە ئەسەر ئۆزىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق پەلسەپىۋى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئىدىيىدىكى ئومۇمىيلىقتا، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشتىكى ئوي ـ پىكىرلەرگە، ئېستېتىك ئوبرازلاردا جۇلالاپ تۇرغان سۇبيېكتتىكى ئىجادكارلىقتا كۆرە شۇ دەۋرنىڭ ۋە ھازىرقى زاماننىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۈردى.

تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى ئاتائىي، سەككاكىي، لۇتفىي ۋە نەۋائىيلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى لىرىك مىسرالار قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇننى ۋۇجۇدقا چىقاردى. سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان ۋە ئامانىساخانلارنىڭ جانپىدالىقى ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گۈللىنىشى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دۇنياۋى خاراكتېرلىك يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا قامۇسى، سەنئەت بابىدىكى كلاسسىك ئەسەر شۆھرىتىگە كۆتۈرۈلدى. زەلىلىي، نەۋبىتىي، مەشرەپ، خىرقىتىي، نىزارىي ۋە بىلال نازىمىي قاتارلىق ئەدىبلەر 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇننى تەۋەللۇت قىلدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ قېتىملىق دولقۇن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى بولدى. ئەدەبىيات تارىخى بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ سالمىقىنى ئۇ يازغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ سۈپىتى، ئومۇمىيلىقتا ئىگە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ـ قويمىغانلىقى، تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژنى يارىتالىغان ـ يارىتالمىغانلىقى، ئورتاقلىقنى خاسلىق ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرەلىگەن ـ ئەتتۈرەلمىگەنلىكىگە قاراپ بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مۇبارەك نامى تىللاردا زىكىر قىلىنغان يۇقىرىدىكى ئەدىب ـ ئۆلىمالارنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرى خۇددى زەڭگەر ئاسماندا چاقنىغان قۇياش نۇرىدەك زامان ۋە ماكان چېگرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىدىكى ئېستېتىك قىممىتى ۋە ھەرقايسى دەۋرگە شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋرگىمۇ تەئەللۇق تارىخىي قىممىتىنى يوقاتماي، ئۇيغۇر مىللىتى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىغا كىردى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ قىممەت يادروسى ھەرگىزمۇ رەڭدار ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن تەرىپلىنىدىغان ئىدېئولوگىيە ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ ياكى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تارىخى. ئىجتىمائىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىلا قىممەت مىزانى قىلىپ يازىدىغان ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆز قارشىسىدىكى رېئاللىق بىلەن روبىرو بولالايدىغان، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ئۇدۇل قارىيالايدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بولمايدۇ. بۇخىل كۈچ پەقەت كلاسسىك ئەسەرلەردىكى بەدىئىي مەۋجۇدلۇقتىلا زاھىر بولىدۇ. چۈنكى بەدىئىيلىك، تەسىرلەندۈرۈش، ئەسىرلەر بويى دات باسمايدىغان روھىي ئۆتكۈرلۈك، ھەرقايسى دەۋر ئادەملىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ۋە رېئال ئەمەلىيىتىگە مەشئەل بولالايدىغان مىللەت روھى مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ

مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ياكى مۇنداقچە ئالغاندا، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىرىنچى پەزىلەت. بىز ئەڭ باشتىكى «تۇرا قوشىقى»دىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىن كلاسسىك ياكى كلاسسىك ئەسەر دەپ بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە ئاتا قىلغان كۈچ ـ قۇدرىتىگە قاراپلا، ئۇلارنىڭ ئەبەدىيلىك سالمىقى، قىممىتى، ۋەزنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەي ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئامېرىكىلىق ئالىم موتىم ئادلېر: «قانداق ئامىللار بىر پارچە كىتابنى ئۇلۇغ كىتاب قىلالايدۇ» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلۇغ كىتابلار ئەڭ ياخشى ماتېرىياللارنى ئۆزىگەسىڭدۇرغان، باشقىلارغا ئىنساننىڭ قەلبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا ئويغىنىش بىلەن پاراسەتنى تەڭ بېرىدىغان كىتابلارنى كۆزدە تۇتىدۇ، دەيدۇ. ئۇ يەنە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «خېلى جىق كىتابنىڭ مەزمۇنى كۆپ ھالدا تارىخنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپ قىلماقچى بولغان نەرسىلەر ھەممە دەۋر، ھەممە جايدىكى ئىنسان تۈركۈمى ئورتاق دۇچ كېلىدىغان تۈپكى مەسىلە بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ ھەممە دەۋر، ھەممە جايدىكى ئادەملەر ئوخشاش چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كىتابلاردا ئومۇمىيلىققا ئىگە مەزمۇنلار بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلۇغ كىتابلار ئۆزى تۇغۇلغان زېمىننىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىيدۇ. ئۇلار باشتىن ئاخىرغىچە دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئەسەرلەر بولىدۇ. بىز ئۇلۇغ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى بولغان ئەسەرلەر بارلىق دەۋرنىڭ ھەممە ساھەسىدىكى ئادەملىرى توختىماي مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ» ② دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇلۇغ كىتاب بىز دەلىللىمەكچى بولغان كلاسسىك ئەسەرنىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن تارتىپ جۇڭگوغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەدەر تارقىلىشى، نەچچە ئون يىل، نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەسلىكى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە مەسىلىلەرنى يازغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىدە ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھېچقانداق ئەسەرنى دەسسىتىشكە بولمايدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

بىز بىلەن 1960 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەرقەم بولغان دۇنيا ئەدەبىيات تارىخى قەھرىمانلىقنىڭ تىپى تەرىقىسىدە گراكلېتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تىپى تەرىقىسىدە پرومېتىنى، ئىنتىقام ئالغۇچىلارنىڭ تىپى تەرىقىسىدە گراف مونتى كرىستونى، كۈندەشلەرنىڭ تىپى تەرىقىسىدە ئوتېللونى، ئارىسالدى ئادەملەرنىڭ تىپى تەرىقىسىدە هاملېتنى، ھورۇنلارنىڭ تىپى تەرىقىسىدە ئوبلوموپنى ③ مىسال كەلتۈرۈپ، مۇشۇ خىل تىپنى ياراتقان ۋە بۇ تىپلارنى دەۋرمۇ دەۋر ئورتاقلىققا ئىگە قىلغان كىتابلارنى كلاسسىك ئەسەر بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە يەنە «دونكىخوت»، «AQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدىكى چۈشەنچە بويىچە ئۆمەر ھەييام، ھافىز شىرازىي، شەيخ سەئدىي، ھىيوتى، شېللېر، بايرون، پۇشكىن، بودلېر، ئۇئىتمان، نېتزىي، ۋالرىي، ئىلليئوت، پاستېرناك، پاز، ماندىرشتام، سۋېتايېۋا، ئاخماتوۋا، بورخىس، نرۇدا، مىۋۇش قاتارلىق چەت ئەل يازغۇچى ـ شائىرلىرى، لى بەي، دۇفۇ، سۇشى، لى چىڭجاۋ، شىلڭ چىجى، لۇ يۇ، گومورو، شۈي جىمۇ قاتارلىق جۇڭگو شائىرلىرى، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق رومانلار كلاسسىك ئەسەرلەردىن ئىدى. لېكىن جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە «تىپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇنىڭ «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم» دەيدىغان تەبىرى بىر ياقلارغا قايرىپ قويۇلدى. بەزىدە تېخى ئەدەبىي ئەسەرگە ئۆسكەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدەك سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ يۈكسەكلىككە، قەھرىمانلىققا، ئىدراككا قارشى تۇرۇش ئەدەپ كەتكەن 1970 ـ يىللاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ چاپارمەنلىرى ۋە يالالنما ئەدىبلىرى «تىپ» دېگەن مۇشۇ بەدىئىي ئۇقۇمنىمۇ سىياسىي مۇددىئانىڭ توقۇمىنى توقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىرىغا ماس كېلىدىغان ئاتالمىش ھەم گىگانت ھەم ئۇلۇغ، ھەم مۇكەممەل «پېرسوناژلار»نى بىرىدىنبىر «تىپ» دەپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بىراق ئىدىيە لۈكچەكلىرى، قەلەم مۇستەبىتلىرى ھەرقانچە غالجىرلاشسىمۇ، تاۋلاش، غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈش، خاسلىق ئىچىدە ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەنىسىدىكى بۇ سۆز ئىنسان تۈركۈمىدىكى چىنلىقنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى ئومۇمىيلىققا ئىگە قىلىش شەكلىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېتىشتىكى ھاياتىي كۈچى ۋە قىممىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى تىپىك مۇھىت، تىپىك ۋەقە، تىپىك پېرسوناژ مۇئەييەن بىر دەۋرنى ياكى ئەسەردە بايان قىلىنىۋاتقان مەلۇم تارىخىي مەزگىلنى ھەممە دەۋرگە مەنسۇپ بولىدىغان قىلىپ سۆزلىيەلىگەن بولغاچقا، كېيىنكى ئەۋلادلار دەل مۇشۇ تىپ ئارقىلىق شۇ دەۋرنى بىلدى ياكى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىمۇ «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم»لەرنى كۆردى. ھەرقايسى دەۋرنىڭ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان دەريالىرىدىكى تامچا ـ تامچا سۇلاردىمۇ ئەبەدىلئەبەد يېنىۋاتقان قۇياش نۇرىنىڭ جىلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. مانا مۇشۇلار بىز دېمەكچى بولغان كلاسسىك ئەسەرلەردىكى تۈپكى خاسىيەت ئىدى.

گېگېلمۇ كلاسسىك ئەسەرلەر توغرىسىدا بۇرۇنلا: «ھەقىقىي ۋە ئۆلمەس بەدىئىي ئەسەرلەردىن ئەلۋەتتە ھەممە دەۋر ۋە ھەممە مىللەت ئورتاق رەۋىشتە زوقلىنىدۇ» ④ دېگەنىدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى كۆپ مەرتەم تىلغا ئالغانىدى. ماركس «‹سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىگە تەنقىد›كە كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسىدە قەدىمكى يۇنان سەنئىتى بۈگۈنگە قەدەر ھەم «بىزگە بەدىئىي زوقلىنىش بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شۇنداقلا مەلۇم مەنە يېقىدىن ئالغاندا مۇئەييەن بىر خىل ئۆلچەم ۋە يەتكىلى بولمايدىغان ئۈلگە» دەپ كۆرسەتكەن ۋە قەدىمكى يۇنان سەنئىتى «مەڭگۈلۈك جەزبدارلىققا ئىگە» دېگەنىدى. لېنىن كلاسسىك ئەسەرلەر ھەققىدە ئەڭ كۆپ گەپ قىلغان داھىي. ئۇ، تولستويدىن قالغان ئەدەبىي مىراسلار توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ گىگانت ئەسەرلىرى «پۈتكۈل ئىنسانىيەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى»دىن دېرەك بېرىدۇ. كەڭ مېھنەتكەش خەلق «يەر ئىگىلىرى ۋە كاپىتالىستلارنىڭ زورلۇق ـ زۇمبۇلۇقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن ئىنسانىي ھاياتلىق شارائىتىنى بەرپا قىلغان چاغدىمۇ بۇ ئەسەرلەرنى قەدىرلەيدۇ، مەڭگۈ قولدىن چۈشۈرمەيدۇ». چۈنكى بۇ ئەسەرلەردە «قىلچىمۇ ئۆتمۈشكە ئايلانمىغان بەلكى كەلگۈسىدە تەئەللۇق بولغان نەرسىلەر بار» ⑤ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇددى ماركس تەكىتلىگەندەك سەنئەتنىڭ نېمىلەرگە كۆرە «ئەبەدىيلىك جەزبدارلىققا ئىگە» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، بەدىئىي ئەسەرنىڭ نېمىلەرگە كۆرە ھەممە دەۋر، ھەممە سىنىپ ۋە ھەممە مىللەت ئورتاق زوقلىنىدىغان نەرسە بوپقالىدىغانلىقىنى بىلىش، بىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلىرىمىزنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، كلاسسىك ئەسەرلەر تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئىجادى. ئۇلار دەۋر ۋە ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرگىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېزىلغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئومۇمىيلىقنى، ئىنسانلار تۇركۇمىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەدىئىي چىنلىق ۋە بەدىئىي ھەقىقەتنى ھەمراھ قىلغانلىقى ئۈچۈن كلاسسىك ئەسەر بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر ئالدىدا بىز خۇددى ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا پەستىن تۇرۇپ قارىغاندەك ياكى پايانسىز ئوكيانغا قىرغاقتا تۇرۇپ تەلمۈرگەندەك ئاجايىپ بىر خىل ئىنتىزارلىق، سۆيۈنۈش ئىچىدە چوقۇنىمىز ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاشقىلى بولمايدىغان ئېگىزلىك، يەتكىلى بولمايدىغان چەكسىزلىك، چاغلىغىلى بولمايدىغان چوڭقۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، كىمدۇر بىرلىرىنىڭ كلاسسىك ئەسەر دېگەن مۇبارەك نام تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئەدىبلەرگە تارقىتىپ بەرگەن شەرەپنامىسى، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى تىنىش بەلگىسى دېگەنلىرىگە قايىل بولماي بولمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بىز كەلگۈسى ئەسىرنىڭ قايسىبىر يىللىرىدا كىملەرنىڭدۇر يەنە بىر «دونكىخوت»نى، يەنە بىر «AQ» نى ياكى يەنە بىر «ئىلاھىيەت كومېدىيىسى»نى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلالايدىغانلىقىنى، يەنە بىر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى كۆتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمايمىز. دەرۋەقە، يېقىندىن بېقى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرگە ياكى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارغا ئوخشايدىغان ئەسەرلەرنىڭ، پېرسوناژلارنىڭ يېزىلىشىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئەسەرلەر ياكى پېرسوناژلار شۇ خىلدىكى تۇنجى ئەسەر ياكى تۇنجى پېرسوناژ بولالمايدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ۋە پېرسوناژلارنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ ھەم بولالمايدۇ. يەنە مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، لى بەي بىلەن دۇفۇ، گومورو بىلەن لۇشۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىي، لۇتفىي بىلەن نەۋائىي، زەلىلىي بىلەن مەشرەپ، نىزارىي بىلەن بىلال نازىمىنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەر ئوخشاشلا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ يۈكسەك پەللىسى ۋە شۇ دەۋردىكى يۈكسەك پەللىنىڭ تۇغۇنى. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا يۈز بەرگەن، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا دەرۋەرمۇ دەۋر تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەلەرنى تولۇقى بىلەن ئېيتماي ـ تېيمتماي سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئۇلۇغ ئەسەرنىڭمۇ ئالەم قوينىدىكى شەيئىلەرنىڭ كارامىتىنى چالا قويماي يېزىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭمۇ ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ۋەقە، مۇشۇ شەيئىي ۋە مۇشۇ پېرسوناژلار كارامىتىنىڭ 10 مىڭدىن بىرىنى يازالىشى مۇمكىن. مەسىلىنىڭ ماھىيىتى دەل بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېلىقى ۋەقە، ھېلىقى شەيئىي، ھېلىقى ئادەملەردىكى كارامەتنىڭ 10 مىڭدىن بىرىنى قانداق ئۇسلۇب، قانداق شەكىل، قانداق بىر مەنىۋى ئويلىنىشتا يازغانلىقى. بىز دەۋاتقان تېپىكلەشتۈرۈش، ئۇلۇغلۇق مانا شۇ يوسۇندا رويابقا چىقىدۇ. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار ھاياتلىق، پاجىئە، خۇشاللىق، ھىجران ۋە ۋىسال بىلەن لىق تولغان سۆيۈملۈك ھاياتلىق، تەڭدىن تولسى ھەسرەت، ئازراقلا قىسمى بەخت بولۇپ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان گۈزەل ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭدىكى كۆزنى ئالچەكمەن قىلىۋېتىدىغان ھەر خىل ئادەم، ھەر خىل ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يازغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژ بولالىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھېلىقى چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاڭغا ئۇلىشالىشى، ھاياتلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كلاسسىك ئەسەرلەردە ئورنى بولۇشى ناتايىن. مۇشۇلارغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ھەممە نەرسىگە قارا ـ قويۇق ئىلتىجا قىلىدىغان بەزى ئەسەرلەر ئەدەبىياتنىڭ سالتەنەتلىك مۇنبىرىدە كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلغاندەك نۇر چاچالمايدۇ. مۇنداق ئەسەرلەر كۆرۈرمەنلەرنى بىردەملىك تەسىرلەندۈرەلىشىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى ئۆزىدىكى ماسلىشىشچانلىقنى تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ، قاتاردىن چۈشۈپ قالىدۇ.

كلاسسىك ئەسەرلەردىكى مۇكەممەللىككە كەلسەك، بۇ يەردىكى مۇكەممەللىك ھەرگىزمۇ تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنىڭ توققۇزى تەل بولۇشى لازىم، دېگەننى كۆزدە تۇتمايدۇ. ئەكسىچە، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنىڭ دەللىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluqى، نامايان بولۇۋاتقان تەسىرىي كۈچىنىڭ ئومۇمىيلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مەزمۇتلۇقىدا بىلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كلاسسىك ئەسەرلەر تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە چېچىلاڭغۇلۇقتىن خالىي، پارچە ـ پۇرات ئىشلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھاياتىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىش خاھىشلىرى، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى دەپ ماھىيەتلىك نەرسىدىن قۇرۇق قېلىش، ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمىلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي چاكىنىلىق يۈز بەرمەيدۇ. مۇنداق ئەسەرلەر باش ـ ئايىغى راۋان، تەبىئىي بېرىككەن، مەزمۇن بىلەن شەكىل، تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق بىرلەشكەن، ھەرقانداق دەۋردىكى ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگە لايىق ئويلىنىش ۋە ئىبرەت ئاتا قىلالايدىغان بولىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويغاندا، قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، يېقىنقى 200 يىل مابەينىدىكى كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرمۇ ئۇنچە كۆپ چىقمايدۇ. جۇڭگو ئۈچۈن ئالغاندىمۇ، نەچچە ئون ئەسىرلىك كلاسسىك ئەسەر دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەر ئەسەرنى دەسسىتىشكە بولماسلىقى ئۇنىڭ يېتۈك ـ تەڭدىشى يوق ئىكەنلىكىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر، تۇنجى ئىجادىيەت، باشلامچى ئىكەنلىكىدە. مۇنداق ئەسەر يازغۇچى تەسۋىرلىمەكچى بولغان شۇ ئىجتىمائىي دەۋردىكى بىردىنبىرلىكى، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىقى، پەۋقۇلئاددە مۇھىتنى، شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى رېئاللىقنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىدە. ئەگەر قانداقتۇر بىرەر ئەسەر ئۇنىڭغا ئوخشىغان بولسا، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە كلاسسىك ئەسەر بولالمايدۇ. ئاددىي مىسالدىن بىرنى ئالايلۇق، ئالدىنقى يىللىرى بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلار ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرىدىكى بەدىئىي شەكىلنى ئىستېمال قىلىپ «ياش ئىدۇق مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز» دېگەن مىسرالارنىڭ ئورنىغا باشقىچە مەزمۇنلارنى قويۇپ باقتى. شائىر روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرىنىمۇ «ئۇ بولماق تەس»، «بۇ بولماس تەس» دەپ ئەينەن دوراپ ـ تەقلىد قىلىپ باقتى. لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر مەيدان تراگېدىيە، ئاپتورلار ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا مەسخىرىلىك كۈلكە بولۇپ ئاياغلاشقانلىقىنى تۇيماي قالدى.

كلاسسىك ئەسەر دېگەن بۇ ئىبارىگە ھەر خىل كىتابلار ۋە ھەر كىملەر خىلمۇخىل ئىزاھات بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئورتاق ھالدا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يىلتىز خاراكتېرى ۋە دەستۇر خاراكتېرى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. دېمىسىمۇ، كلاسسىك ئەسەر قانداقتۇر بىرەر شەخس ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھ تەرىپىدىن

ئەمەس، بەلكى ئىنسانلاردىكى زامانلارسىرى داۋاملىشىپ كېلىــۋاتــقــان
ئىستىتىك قىممەت، ئىستىتىك ھاياجان، ئىستىتىك قىزىقىش ۋە ئىستىتىك
زوق تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك رەۋىشتە مۇكەييەنلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا،
ئۇ بىرەر شەخس ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ، ئىجتىمائىي مەزھەپلەرنىڭ
يەكۈنى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان بوپكەتمەيدۇ. كلاسسىك ئەسەر دېگەن گەپ
چىققان ھامان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەم خۇددى بىرەر پەيلاسوپنىڭ
ھېكمەتلىك سۆزى ئالدىدا ھودۇقۇپ قالغاندەك بولىدۇ. كلاسسىك ئە-
سەرلەرنى قايتا ـ قايتا كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭدىكى ئىستېتىك چوڭقۇرلۇق
ئالدىدا چوڭراق بىرنى تىنىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. پەقەت قەلبىدىكى چايقە-
لىشنى، روھتىكى تەۋرەشنى، ۋۇجۇدىدىكى زىلزىلىنىلا ھېس قىلالايدۇ.
شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ ئورنىغا ئوخشاش قېلىپتىن چىققاندەك قىلىپ يەنە
بىرنى ياساشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

چۈنكى كلاسسىك ئەسەرلەر ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا،
ئەنئەنىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇدىغىنى ئەلۋەتتە بىزدىن كۆپ بۇ-
رۇنقى ئەسەرلەر. ئۇنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخى تىندۇرمىسىدا خەلق-
نىڭ روھى بولۇپ داۋاملاشقانلىقى، بىزگە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بىزدىن بەك
بۇرۇنقى چاغلاردىكى مەنىۋى قۇدرەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا،
بۇگۈنكى كۈندە بىرلىرىنىڭ تېخى تۇنۇگۈنلا يېزىلغان بىر پارچە ئەسە-
رىنى ياكى قەدىمدىن ھازىرغىچە بار بولغان جىمىكى ئەسەرلەرنى تومتاق
ھالدا كلاسسىك ئەسەر دېيىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ. يەنە بىر
جەھەتتىن ئالغاندا، كلاسسىك ئەسەرلەر خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ مەنىۋى قە-
سىر ـ سارايلىرى، ئۈلى چىڭ، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم، تاملىرى قېلىن،
مۇنارلىرى كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك مەنىۋى بىنالىــرى. ئــۇ خــۇددى
رەڭدار قۇببىلىك، ئەگمە تورۇسلۇق ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدىكى، كۆپ تۈۋ-
رۈكلۈك، ھەيۋەتلىك رىم ئۇسلۇبىدىكى، ئېگىز دېرىزىلىرىدىن كۈن نۇرى
سىرغىپ چۈشۈۋاتقان گود ئۇسلۇبىدىكى، تىيەنئەنمېن ياكى سۇجــۇنــىڭ
ھويلا ـ ئاراملىرىدەك خۇاشيا ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلاردەك ئۆزىنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى ئابىدە ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. دۇرۇس،
مۇنداق ئىمارەتلەرنى تېخىمۇ ئوخشىتىپ ئەسلىدىكىدىنمۇ ياسىداق قىلىپ
سېلىشقا بولىدۇ. ھەتتا سەددىچىن سېپىلى، پىرئەۋن ياتقان پىرامىدالارنى
ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە تېخىمۇ سەلتەنەتلىك قــىــلــىــپ
قۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن ئەنئەنە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، كىشىلەر يەنىلا ئەڭ
دەسلەپتىكىسىنى ئالقىشلايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇن ئىككى مۇقامىنى
ئابدۇرەشىدخان، قىدىرخان، ئامانىساخان دەۋرىدىكىدىنمۇ قالــتــىــس،
تۇردىئاخۇن ئاكىدىنمۇ بەك لەرزان ئورۇندىغىلى بولىدۇ. لېكىن كىشىلەر
يەنىلا ئەڭ دەسلەپتىكى ـ ياراتقۇچى پېشۋالاردىن سۆيۈنىدۇ. كلاسسىك
ئەسەرلەرگە يېتىپ ـ قوپىدىغان باشقا ئەسەرلەر تۈركۈملەپ يېزىلىدىغان
مەزگىللەر يېتىپ كەلگەندە ھەم ئوقۇرمەنلەر يەنىلا ئالدى بىلــەن ئــەڭ
باشتىكىسىنى ھۆرمەت بىلەن قولغا ئالىدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدە مۇنداق ئىككى زاتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىلا
كلاسسىك ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ مىسالغا ئالىمىز.
ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى يېقىندىن سۆزلىگەندە، ئەلشىر نەۋائىي ئە-
سەرلىرىنىڭ دەۋر ئاتلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممىتى، ئۇنىڭ ئەدە-
بىياتتىن ئىبارەت مەنىۋى قورال ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ زۇل-
مەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئىنسانىنى نادانلىقتا قالدۇرماقچى بولغان جا-
ھالەتلىك چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغانلىقى،
ئىنسانلارنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى مەدھىيىلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ۋەتەننى، ئەل ـ يۇرتنى، خەلقنى سۆيۈش، ئۇلارنىڭ رېئال ۋە ئاخىرقى

تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرى، جار
سېلىپ تۇۋلاشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مەڭگۈ جۇلالايدۇ. شۇن-
داقلا ئۇنىڭ مىللەتتىن، رايوندىن، دىنىي ئېتىقادلاردىن ھالقىغان يۈكسەك
دەرىجىدىكى ئويغىنىش روھى، ئۇنىڭدىكى گۇمانىستارلىق ۋە ئىنسانپەر-
ۋەرلىكتىن مۇجەسسەملەنگەن ئىجتىمائىي غايە، ئىستېتىك مەنىۋىيەت كې-
يىنكىلەرنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. ئەمەلىي
ئەھۋالنى سۆزلىگەندە، مەيلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بولسۇن، مەيلى
يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەلشىر نەۋائىينى
ھازىرغىچە ئاغزىدىن ۋە قولىدىن چۈشۈرمىگەنلىكى، ئەلشىر نەۋائىي ئە-
قىدىلىرى، نەسىھەتلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە يالقۇنلۇق مىسرالى-
رىنىڭ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن يىراقلاشمىغانلىقى، بىز دەۋاتقان
چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە ياندىشىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى
ئاۋۇندۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىنىڭ يەنىلا ساختىلىق،
رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكنى قامچىلايدىغان، ھەقىقىي مۇھەببەتنى، دوست-
لۇقنى، ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەيدىغان مەنىۋى دەستۇر بوپكېلىۋاتقانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى
تەتقىقات، ئۇنىڭ ھېلىھەم بىزنىڭ راۋان، ئىناق بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت
بەرپا قىلىشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان روھىي بۇيۇكلۇك ئىكەنلىكىگە
گۇۋاھ بولالايدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن
ئۇچرىشىش، بىرىكىش، گىرەلىشىش، ئالمىشىش تارىخىدىكى ئۈچەمەس
يۇلتۇز. ئۇ ئورخۇن ۋادىلىرى، قەشقەر ـ تۇرپان دىيارىدىكى ئىدىقۇت،
قاراخانىيلار خانلىقلىرى ۋە تېمۇرىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى مەدەنى-
يەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋ-
ھەرلىرىنى قوبۇل قىلدى. قەدىمكى گرېك ـ رىم پەلسەپىسى، ئەرەب ـ
پارس دۇنياسىدىكى ئىلىم ـ پەن ۋە ھىندىستان ئەدەبىياتىدىكى بايلىق-
لارنى چۈشىنىش، قېزىش، بىلىش جەھەتتە كامالەتكە يەتتى. بەدىئىي تە-
پەككۇر، پەلسەپىۋى پىكىر، ئىستېتىك ئوبراز، تىل سەنئىتى قاتارلىقلار
ئۆزى بىلەن بىر دەۋردىكى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق ئەلىيۇلئەلا-
لاردىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇل سالغان ئۇيغۇر شې-
ئىرىيەت سەنئىتى ۋە مەھمۇد قەشقەرىي ئۆرە قىلغان تىل دۇردانىلىرىنى
پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ھەيرانۇھەس بولىدىغان دەرىجىدە بەدىئىي كاما-
لەتكە يەتكۈزدى. ئۇ ئۆزىدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ۋە ئۆزىدىن 500 يىللار
كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ
باقمىغان تېما ۋە ژانىر جەھەتتە غايەت مول، رەڭدار، سان ۋە سۈپەت
جەھەتتە، ئىدىيىۋى سەۋىيە ۋە بەدىئىيلىكتە تەڭداشسىز ئەدەبىيات ـ
سەنئەت مېۋىسىنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلدى. مۇشۇلارغا ئاساسەن،
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۈركىي تىلدىكى شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ قامۇسى، تۈركىي
تىلدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مىزانى، كېيىنكى ئەۋلادلار چۆرگىلەپ كېتەل-
مەيدىغان شېئىرىيەت باغچىسى، دەپ ئاتالدى.

ئەلشىر نەۋائىي بىزگە تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، دىن ئىلمى،
تىل، مۇزىكا، ئېتىكا، پەلسەپە قاتارلىق جەھەتلەردە ھەددىي ھېسابسىز زور
بايلىقنى قالدۇردى. ئۆزىدىكى ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئىلمىي كامالەتتىن
كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈكسەك مۇنار تىكلىدى. ئۇ بىزنى ئۆزى ياشىغان
دەۋردىكى ئىجتىمائىي تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى
ۋە پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ غايەت زور ماتېرىيالى بىلەن
تەمىنلىدى. مەيلى ئىلمىي قىممەت، مەيلى بەدىئىي قىممەت ياقتىن
بولمىسۇن، ئەلشىر نەۋائىي ئۆز تۆھپىسى، ھازىرقى تەسىرى ئارقىلىق

كلاسسك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان كلاسسىك ئەسەرلەردىن بوپقالدى.

ئەنگلىيە ئالىمى بېن. جونسون (BeN. JONSON) شېكسپېرنى «بىرلا دەۋرگە ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيانىڭ ھەممە دەۋرلىرىگە تەڭ تەئەللۇق» شائىر ۋە دراماتورگ دېگەندە، ئېھتىمال مۇشۇ سۆز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ زاتقا بولغان ئەقىدىسى، ھۆرمىتى، قايىللىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولۇشى، لېكىن مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ تارىخ ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ سۆزنىڭ تارىخ ۋە ئەمەلىيەت ئۈچۈن شېكسپېر ھەققىدىكى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان باھا بوپقالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، شېكسپېر ئەسەرلىرى 400 يىل مابەينىدە «ئىنجىل»دىن قالسىلا ئىنگلىز تىلىدا ئەڭ كۆپ بېسىلغان ۋە تارقىتىلغان، 100 دىن ئارتۇق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىققان، سەھنىلەردە ئۈزۈلمەي ئوينالغان، سەھنىلەردىن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىغا كىرگەن، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشلۇق بوپقالغان ئەسەرلەرگە ئايلاندى. 1889 ـ يىلىدىن بېرى شېكسپېردراملىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنو فىلىملىرىدىن 43 پارچىسى «ئوسكار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئەنگلىيە دۆلەتلىك كىنو ـ سەنئەت ئىنستىتۇتى شېكسپېر دراملىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن كىنو فىلىملىرىگە 200 قېتىمدىن ئارتۇق مۇكاپات تارقاتتى. شېكسپېر دراملىرى ئالتە قېتىم ئەسلىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ياكى ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئەسەر مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. ئەنگلىيە BBC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يۇقىرىدىكىلەرگە كۆرە شېكسپېرنى «20 ـ ئەسىردىكى ئىستېداتلىق شەخس» دەپ باھالىدى. ھيوتىنىڭ سۆزىدىكى «تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان شېكسپېر» ئەدەبىي ئىجادىيەت كۆپ خىللىشىۋاتقان 21 ـ ئەسىردە كىنو رېژىسسورلىرىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندى.

دەرۋەقە، ھەممە دەۋرگە تەڭ تەئەللۇق شېكسپېر يالغۇز سەھنە، كىتاب جاھازلىرى ياكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرۈنۈش قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جۈملىدىن دراملىرى، شېئىرلىرى ئۆزىدىن كېيىنكى ھەممە دەۋرنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ۋە كۆرۈرمەنلىرى ياخشى كۆرىدىغان مەزمۇنلارنى بىزگە قەدەمدە بىر تەڭلەپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەممە دەۋرگە تەئەللۇق بولۇشى، دراملىرىنىڭ ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسلۇب بويىچە ھەرقايسى دەۋرنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا توختاۋسىز رەۋىشتە ئىشتىراك قىلىپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان دەرىجىدىكى دەۋرىيلىك ۋە ماسلىقنى ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈندى. قىسقىسى، شېكسپېر ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن بىر دەۋردە ياشايدىغان، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى، غەزەپ ـ نەپرىتى، بەختى ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا قاتنىشىدىغان شەخسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئادەملىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە تارتمىدى. ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈۋاتقان ۋە يەتكۈزمەكچى بولغان ئۇچۇرلارنى ئۇلار بىلەن بىرگە يەتكۈزدى.

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان «شېكسپېر تەتقىقاتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جاڭ چۇڭ شېكسپېرنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ھەممە دەۋر بىلەن بىرلىكتە ياشىغانلىقى ۋە ھېلىھەم بىز بىلەن بىرلىكتە ياشاۋاتقانلىقى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ھەممە دەۋرگە ماسلىشالايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: شېكسپېرنى ھەرقانداق دەۋرگە ماسلىشىدۇ دېگەن گەپ، يالغۇز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغىلا ھەرقانداق دەۋرگە ماسلىشىشنىڭ پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي ئامىللىرى يوشۇرۇنغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ شېكسپېرنى شەرھلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە بىۋاستە قاتنىشىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ، دېدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چىڭ جاۋشياڭ شېكسپېرنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى رېئال مەۋجۇدلۇقىنى تىلغا ئېلىپ: شېكسپېر تەسىر دائىرىسى غايەت زور شائىر ۋە دراماتورگ بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارادىكى ئايىغى چىقمايدىغان جەڭگى ـ جېدەللەردىن، ئۇرۇش يانغىنلىرىدىن بىردەممۇ نېرىدا بولمىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئالىملارنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن شېكسپېر ئەسەرلىرى ئۆزىدىكى ئىچكى قىممەتنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىچكى قىممىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغانىدى، دېدى. ئۇ يەنە: «ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش تەھدىتى ھەممە يەرنى قاپلىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سىياسىي بىلىم بىلەن ئۇرۇش ئىلمىغا ئائىت كىتابلارنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شېكسپېرنى ئوقۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. دەرۋەقە، شېكسپېرنىڭ درامىسى «ۋېنتسىيىلىك سودىگەر»دىكى: «ئەجىبا!... يەھۇدىيلارنىڭ كۆزى يوقمۇ؟» دېگەن سوئال 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياۋروپادا يۈز بەرگەن يەھۇدىيلارنى كەمسىتىش ھەتتا جازا لاگېرلىرىدا نەچچە يۈز مىڭلاپ يەھۇدىينى قىرغىن قىلىشتەك ئەھۋالدىن ئالدىنئالا بىشارەت بەرگەندەك ئىدى. كىشىلەر ھەتتا «چارلىز []»نى 1968 ـ يىلى چېخوسلوۋاكىيىدە پارتلىغان خەلق دېموكراتىيە ھەرىكىتى «پراگا باھارى» بىلەن باغلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ھاملېت ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدىكى «كارغا كەلمەيدىغان» ياشلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. «بوران ـ چاپقۇن»دىن كىشىلەر مۇشۇ كۈنلەردە ئىراقتا يۈز بېرىۋاتقان ئاتالمىش ئەركىنلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى...

شېكسپېر ھەممە دەۋرگە مەنسۇپ. لېكىن شېكسپېرنىڭ ھەممە دەۋرگە مەنسۇپلۇقى شېكسپېر دراملىرىدا رەڭگارەڭ ۋەقە، ئاجايىپ ـ غارايىپ پېرسوناژلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس. شېكسپېر دراملىرىدىكى تىلنىڭ ئاجايىپ ئوبرازلىق، پەلسەپىۋى مەنالارغا تويۇنغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، شېكسپېر دراملىرىدىكى پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر ياكى ئېستېتىك ئىماگىدىنمۇ ئەمەس، مۇھىمى شېكسپېر دراملىرىدىكى باش تېمىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى بارلىق دەۋرلەرگە ماس كېلەلىگەنلىكىدە، شېكسپېر ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى شەرھلەشلەرگە ئاساسەن يېڭىدىن يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇ مۇشۇلارغا كۆرە، بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى، ئىدىيىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، بىزنى تېخىمۇ كەڭ ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە قىلدى، بىزنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئادىمىيلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. بىزنىڭ شېكسپېر دراملىرىدىن تاپماقچى بولغانلىرىمىز يالغۇز كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى كۈلكە ياكى پەۋقۇلئاددە ھۇزۇر ئەمەس ياكى قانداقتۇر گۇمانلارنىڭ جاۋابى ئەمەس، بەلكى مەسىلىنىڭ

ئۆزى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەسىلىنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى. شېكسپىرنىڭ دەۋرىيلىكى، يالغۇز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە دەۋرلەرگە ئۇيغۇنلاشقانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى دەۋر ئادەملىرىنىڭ شېكسپىر بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاتناشقانلىقىدا ۋە شېكسپىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇۋاتقانلىقىدا...

بىز كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە كلاسسىكلار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ۋە بۇ ئىجادىيەت بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئارىلىقى ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز. ھەتتا ئۆز - ئۆزىمىزگە بىز كلاسسىك ئەسەرلەردىن، كلاسسىكلاردىن قانچىلىك يىراقلىقتا، دەپ سوئال قويىمىز. چۈنكى 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان بازار ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە ئەگەشكەن ھالدا شەھەر ئائىلە قاتلىمىنىڭ، يېزا - قىشلاقلاردىكى دېھقانلارنىڭ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى زىيالىيلارنىڭ، بالاغەتكە يەتكەن ياكى يەتمىگەنلەرنىڭ ھەتتا باللارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىگە پاتماي قالىدىغان دەرىجىدە كۆپەيدى. سەھنە ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرى بىكار قالىدىغان چاغلار تۈگىگەندەك بولدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ھەش - پەش دېگۈچىلا يۈزەلىك، ئاددىيلىق ئامىللىرى باش كۆتۈردى. رېئاللىقنى تەسۋىرلەۋاتقان تۈركۈم - تۈركۈم ئەسەر شەخسنىڭ بىۋاسىتە تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغان بولغاچقا، روھىي چوڭقۇرلۇقتىن ئۆتكەن ياكى ئۆتۈۋاتقان، ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىققا ئىگە ئادەم ۋە ھادىسىلەر بىر يانغا قايرىپ قويۇلدى. تۇرمۇشنىڭ تاشقى پوستىدىكى، چەت ياقىسىدىكى، ھېسسىياتنىڭ گىرۋىكىدىكى شەبنەمگە ئوخشاش نەرسىلەر ئۆزىگە قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ، باش تېمىنىڭ قوينىغا سوقۇنۇپ كىرىشكە باشلىدى. تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن ۋەزنى يوق، ياسىما تۇيغۇلار، بىۋاسىتە ھېسسىي ئىنجىقلاشنىڭ ئەخلەت دۆۋىسى بوپقالغان كۆرۈنۈشلەر، ئىدراكتىن يىراقلاشقان ھىجران غەۋغالىرى، ئوقۇرمەنلەرگە كىمئارتۇق قىلىپ ساتىدىغان ياكى بىرنى ئالسا، ئىككىنى قوشۇپ بېرىمىز، دەپ ئۇلارنى دەيدەيگە سالىدىغان ساختا مەبۇدلارئۇلاردىكى شەخسىيەتچىلىكنى ياكى بولمىسا فىزىئولوگىيىلىك ھاۋايى - ھەۋەسنى قوزغىتىپ، مەنپەئەت سودىگەرلىرىنىڭ ھارام بايلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەدەبىيات ئادەمنى ئويغىتىدىغان ئەمەس، بەلكى سەمەرقەند ئالمىسىدەك چۆل - جەزىرىلەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ غەپلەتتە قالدۇرىدىغان «مەدەنىيەت تېز تامىقى» بوپقالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، تارىخ ۋە مىللەت ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان، ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە ئۇدۇل تىكىلىپ قارىيالايدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدىغانلار بارغانسېرى ئازايدى. ھەتتا ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى تۇرمۇشقا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر قىسىم ئاۋانگارت شائىر - يازغۇچىلارمۇ غەلىتە بىر خىل ماددىي ئىنتىلىشنىڭ قىيا - چىيالىرى ئىچىدە پەسكويىغا چۈشۈپ، نام ۋە مەنپەئەت ئۆڭكۈرىدە پاناھلىنىدىغان ئىلمىي دەرۋىشلەرنىڭ يولىنى تۇتتى.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى ئاساسىي ئامىل. ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ دەۋرنىڭ ئاۋازى ۋە ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇلار بېشىغا يامان كۈنلەر كەلگەندىمۇ ياكى راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقاندىمۇ يەنىلا ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار. خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، پارلاق كېلەچىكى، دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ۋە خەلقئارادىكى ئورنى توغرىسىدا ئويلىنىدىغانلار. ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدىغان ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ماددىيلاشقان شەكلى. ئۇلار پەقەت شائىر - يازغۇچىلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقى ۋە خاپىلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىدىن ئۆتكۈزۈشى، كۈلۈشى ياكى يىغلىشى، ئۆزىنى ۋە ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىنى تونۇشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە كلاسسىكلارنىڭ مېھنىتى ۋە كلاسسىكلارنىڭ ئورنى شائىر - يازغۇچىلارغا مەڭگۈلۈك يول كۆرسەتكۈچ. كلاسسىكلار قاتارىغا كىرىشنى خالايدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنى خالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا بەل باغلايدىغان، مۇھىمى ئۇلۇغ مىللىتىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولىدىغان ھەرقانداق شائىر ۋە يازغۇچى مۇقەررەر ھالدا قەدىمدىن بۈگۈنگىچە، چەت ئەللەردىن جۇڭگوغىچە بولغان كلاسسىكلارنى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆلچىمى، ھېچبولمىغاندا سېلىشتۇرما ئاساسى قىلىشنى، شائىر ۋە يازغۇچىلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا زىممىسىگە ئېلىشنى، رېئاللىقتا چىڭ تۇرۇپ ئەبەدىيلىككە ئىگە ئىنسانىي ئىدراكنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدلۇق مۇھىتىنى روھىدىن ئۆتكۈزۈشنى، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە سەنئەت شەكلىنى گۈزەللىك ئۈنچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆلمەس ئىچكى جەزبىدارلىققا ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىشنى ئەدەبىياتىمىز تەقەززا قىلىدۇ.

2005 - يىل ئاۋغۇست، شەھرى ئۈرۈمچى

## سىتاتا مەنبەلىرى

① دىدرو: «رېچارتسىنغا مەدھىيە»، «دىدرو ئېستېتىكا ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «خەلق ئەدەبىياتى» نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 257 - بەت.

② موتىم ئادلېر: «غەربنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت»، خەينەن نەشرىياتى 2002 - يىل خەنزۇچە نەشرى 122 - بەت.

③ گراكلېت، پرومېتى قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژلار، گراف مونتى كرىستو - ئالىكساندىر دىيۇما يازغان شۇ ناملىق كىتابنىڭ باش قەھرىمانى، ھاملېت - شېكسپىرنىڭ شۇ ناملىق دراممىسىنىڭ باش قەھرىمانى، ئوبلوموپ - روسىيە يازغۇچىسى گونچارنىڭ شۇ ناملىق رومانىدىكى باش پېرسوناژ.

④ گېگىل: «ئېستېتىكا» I توم (خەنزۇچە نەشرى) 336 - ، 337 - بەتلەر.

⑤ لېنىن: «ل.ن.تولستوي»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 16 - توم، خەنزۇچە نەشرى 321 - ، 325 - بەتلەر.

---

ئاپتور: ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ باش مۇھەررىرى

www.uyghurkitap.com



# زەپەر ئالغان ستاتا

ئۇبۇل مۇھەممەت ئۆكمەس

ئۇدۇل بايان قىلغاندا «ستاتا» ئاتالغۇسىنىڭ لۇغەت مەنىسى: بىرەر تېكىست، ئەسەردىن ئېلىنغان كۆچۈرمە ـ كۆچۈرۈلمىلەرنى، يازما شەكىلدە ئېلان قىلىنمىغان مەشھۇر ئىبارىلەرنى، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇلۇغلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى، ئېھتىياج تۇپەيلىدىن كۆچۈرۈلگەن سازلارنى كۆرسىتىدۇ. «ستاتا»نىڭ ئىستېمال مەنىسى كۆپ قىرلىققا ئىگە. مۇلاھىزە قىلغۇچى بىرەر گەپ ۋە بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئىسپاتلاش، خاتا بولسا رەددىيە بېرىپ ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كونسېپكىلەشكەن تەييار يېزىلمىلاردىن «ستاتا» ئالىدۇ. ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە باشقىلارنى ئىشەندۇرۇپ، قايىل قىلىپ بىرەر يېڭى چۈشەنچە ـ بايقاشنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈنمۇ «ستاتا» ئېلىنىدۇ. «ستاتا» ئېلىش ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى يازما شەكىلدە قالدۇرۇشتەك ھالقىشقا كۆچۈش بىلەن تەڭ بارلىققا كەلگەن ئورتاقلىشىش، ئورتاق پايدىلىنىش، بىلىمنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇش ھادىسىسى. «ستاتا» ئېلىش ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىش ۋە بىلىم خەزىنىسى چەمبەرچاسلىققا، زەنجىرسىمانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، قەۋم، ئىرقتىن ھالقىغان ئومۇمەيەتنىڭ ئالاھىدە مەسئۇلاتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ گەپلىرىدىن، يازمىلىرىدىن «ستاتا» ئېلىش توغرا ئۇدۇم ۋە ياخشى ئادەت. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئاغزاكى پىكىر بايان قىلغۇچى: «بوۋام، مومام، دادام، ئانام مۇنداق دېگەن» ياكى ئۆزىگە ئۈلگە بولغان مۇئەللىم ـ مۇئەللىمەسى، كامالەتلىك تۇغقىنى، يۇرت پېشۋالىرىنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى ئاتاپ: «پالانى مۇنداق دېگەن» دەپ ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى دەيدۇ. قەلەمىي پىكىر قىلغۇچىلار: «مەنχχنى تەشەببۇس قىلىمەن. چۈنكى پالانى يەردىكى پۇستانى ئالىم مۇنداق دېگەن، ئىككىمىزنىڭ قارىشى ئوخشاش چىقتى. دېمەك، مېنىڭ دېگىنىم توغرا» دەپ ئۆزى بايقىغان يېڭى چۈشەنچىسىنى ئىسپاتلاپ باشقىلارنى قايىل قىلىدۇ ياكى بىراۋ ئوتتۇرىغا قويغان «قاراش»قا رەددىيە بېرىدۇ، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاغزاكى پىكىر قىلغۇچىلار ياكى قەلەمىي پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ «ستاتا» ئېلىشى، ئۆزى مۇقىملاشتۇرماقچى ياكى ئىنكار قىلماقچى بولغان «قاراش»نىڭ ئاساسىنى تېپىپ، ئىسپات كۆرسىتىپ يېڭى بايقاش ـ چۈشەنچىلىرىنى جەزملەشتۈرۈش، رەددىيە بېرىپ ئىنكار قىلماقچى بولغان بىراۋنىڭ قارىشىنى ئىسپاتلاپ ئاغدۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «ستاتا» ئېلىشنىڭ رولى، ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن چوڭ.

«ستاتا» ئېلىش كەڭ مەنىگە ئىگە ئاتالغۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي پەنلەر، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ يازمىلىرىدىن «ستاتا» ئېلىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى پىشقان تەلىماتلاردىن «ستاتا» ئېلىش...تەك ئەپلىك تار مەنىلىرى بار.

ئومۇمىيلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەندە، «ستاتا» ئېلىش «ئۆزى» رويابقا چىقارماقچى ياكى ئىنكار قىلماقچى بولغان بىرەر گەپ ياكى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقىلار يازغان بىرەر تېكىست ياكى ئەسەردىن پايدىلىق قىسمىنى كۆچۈرۈپ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئاغزاكى پىكىر قىلىشتا بولسۇن، قەلەمىي پىكىر قىلىشتا بولسۇن، دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن «ستاتا» ئېلىش مەدەنىيىتى ياراتقان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ تەڭ قاتارى. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ھەققانىي بايان

## ياش ئالىملىرىمىزغا تەشەككۈر

قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ «ستاتا» ئېلىشى كۆپ مەنبەلىككە، نىسپىي
تۇراقسىزلىققا، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۆزى»نى تاشلاپ ـ شاللىۋېتىپ،
«ئۆزگە»لەرگە يوپۇشۇش تەكشىسىزلىكىدە تەرەققىي قىلىپ كەلدى.
«كۆپ مەنبەلىك» دېگىنىمىزدە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام
مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىلدە ئۇ-
لىما، مۇخلىسلىرىمىز ئاغزاكى، قەلەمىي پىكىرلىرىدە ئەرەب، پارس،
ئوردۇ... مىللەت زىيالىيلىرى، ئالىملىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ
دېگەنلىرى، يازغانلىرىدىن «ستاتا» ئېلىپ دېمەكچى بولغانلىرىنى
ئىسپاتلاپ كەلدى... مەن 1955 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ
سىنىپىغا كىرىپ، ياندۇرقى يىلى 2 ـ سىنىپقا كۆچكەندىن ئېتىبارەن
مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىۋېلىپ دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇق-
لارنى ئوقۇشنى باشلىغانىدىم. ئۇ چاغلاردا دەرسلىك كىتاب، دەرس-
تىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنىڭ ھەممىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «ئېلىپبە» دەرسلىكىدىكى مۇنۇ سېخما ھا-
زىرغىچە ئېسىمدە:

| ۋەتىنىم | س س س ر |
|---|---|
| پايتەخت | موسكۋا |
| داھىي | لېنىن |

بۇ، بىز يېزىپ، ئوقۇپ ئۆگىنىدىغان خەت بولسىمۇ، كۆڭلۈمدە پاي-
تەختنى موسكۋا، داھىينى لېنىن ئوخشايدۇ، دەيتتىم. «س س س ر»نى
بىلمەيتتىم. بۇنىڭغا 50 يىل، خەت ئوقۇپ مەنىسىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر
بىلگىنىمگە بىركەم 50 يىل بولدى. ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا
دەرسلىك تۈزۈش شارائىتى يوقلۇقىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
دەرسلىك ۋە باشقا كىتابلىرى كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەچكە كىتاب ئوقۇش،
«ستاتا» ئېلىشلارنىڭ ھەممىسى رۇس ۋە سوۋېت ئېلىدىكى باشقا
مىللەتلەرنىڭ يازمىلىرى بولدى. بالا چېغىمدىكى زامانداشلىرىم گۇ-
ۋاھكى، رۇسچە جاي، ئادەم، نەرسە ئىسىملىرىنى سۆدەك تەلەپپۇز
قىلاتتۇق. رۇسلارنىڭ دېگەنلىرىدىن، قىلىقلىرىدىن «ستاتا» ئېلى-
شاتتۇق. ئۇيغۇرلار يازغان يازمىلارنىڭ ماۋزۇسى ئاستىغىمۇ رۇسلار-
نىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى «ستاتا» ئېلىنىپ قىستۇرۇلاتتى... 1960 ـ
يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر شا-
ئىر، يازغۇچى، ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلى-
نىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇرلار يازغان يازمىلاردا خەنزۇ ۋە باشقا مىل-
لەتلەر ئالىملىرىنىڭ يازمىلىرىدىن «ستاتا» ئېلىش باشلاندى. 20 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كۆپ
خىل تىل ـ يېزىق ئىگىلەشكە يۈزلەندى. «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش،
تەرەققىيات»نى توتېم قىلغان ھازىرقى يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر زىيالىي-
لىرى «ستاتا» ئالىدىغان مەنبە تېخىمۇ موللاشتى...ئۇيغۇرلارنىڭ
«ستاتا» ئېلىش ئادىتى نىسپىي تۇراقسىزلىققا ئىگە بوپكەلدى، دېگەن
قارىشىمىزنىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ «ستاتا» ئېلىشى «ئۆزى»نى تاشلاپ «ئۆزگە»
لەرگە يوپۇشۇش تەكشىسىزلىكىدە تەرەققىي قىلىپ كەلدى، دېيىشى-
مىزدە رېئال پاكىتلار كۆزدە تۇتۇلغان! ھەقىقەتەن «ئۆزى»مىزنى
تاشلاپ «ئۆزگە»لەرگە يوپۇشتۇق. خۇددى ئەرەبلەردىن ئۆگىنىۋال-
غان «بىسمىللاھ» سۆزىدەك! بىر قىسىم ئاسپىرانتلىرىمىز، پروفې-
سور ـ دوتسېنتلىرىمىز، مۇتەخەسسىس ـ ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلى-
رىمىز، ئاقىللىرىمىز، ئومۇمەن يازغۇچىلىرىمىز ماقالە، ئەسەر، كىتاب
يازغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىكچىلىك شارائىتى، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بولغان ئېتنوگرافىيىسىنى،
گۈزەللىك ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى پەلسەپىۋىلىك تەلىماتلىرىنى،
پەلسەپىۋى ۋە بەدىئىي قاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان ئىدېئولوگى-
يىسىنى، شەيئىيلەرنى چۈشىنىش قۇۋۋىتى، ئىختىرالىرىنى، ئېتىقاد ـ
غايىلىرىنى، ئىنساپ، ھايا، پاكلىق، مېھرىبانلىق، ھۆرمەت، ئىززەت،
غۇرۇرلىرىنى ئاممىۋى ئەخلاق بىلەن تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇ-
رۇش، دائىملاشتۇرۇشتا ئىلغۇالغان تەدبىرلىرىنى، قابىلىيەت، ئىستەك،
ئىستىقبال گىرەلەشكەن ئالاھىدىلىكىنى، ئەدەب، ئەلپاز، ئىرك، ئارزۇ
ئوخچۇاتقان روھىي ھالىتىدىكى تىنىم ـ تىندۇرمىلىرىنى گرېكلارنىڭ،
گېرمانلارنىڭ، ئىنگلىزلارنىڭ، ئىنگلىز تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدىغان
مىللەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەتتا ھىندىستانلىق مەدداھ ئوشۇنىڭ
ئىدراكى، ئېتنوگرافىيىسى، ئارخېئولوگىيىسى، ئېكدىنومىستى (ئېتىقاد-
شۇناسلىقى)، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ھەتتا دۇنيا قارىشى...
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يازمىلاردىن «ستاتا» ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يولى،
قارىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىدى. ئۇيغۇر تۇرۇپ
ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ، باشقىلارنى «ئاي» كۆرسىتىدىغان يول تۇتتى.
«ستاتا» ئېلىشتا بەسلەشتى. بىرسى «سۆز» «ستاتا» ئالسا، بىرسى
گەپ ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكرنى تولۇقى بىلەن «ستاتا» ئالدى. ئاب-
زاس ھەتتا بىرەر بەت بويىچە «ستاتا» ئالغانلارمۇ بار. يازغۇچىلىرى-
مىزنىڭ يۈزىنى تۆكمەي، ئىسمىنى ئاتىماي دېسەم بىرەيلەن ئۈچ ۋاراقلىق
(ئالتە بەت) ماقالىسىدە 19 يەردە «ستاتا» ئالغان. ئوقۇرمەنلەرنى
قايىل قىلىش ھەم ئۆزىنى «كۆرسىتىش» ئۈچۈن ئالغان «ستاتا»لە-
رنى شۇ مىللەت يېزىقىدا قانداق ئىپادىلەيدىغانلىقىنىمۇ يېزىق پېتى
تىرناق ( ) ئېچىپ ئېرىنمەي يازدى... ئۇلار نېمىگە ئېرىشتى! يازغان
ئەسەر، كىتابلىرى ئالغان «ستاتا»لىرى نوچى بولغاچقا، ئىلمىي ئۇنۋان
ئېلىش «ئۆلچىمى»گە يەتتى. كەسپىي ئۇنۋان ئېلىش «ئۆلچىمى»گە
يەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىگىنىمۇ شۇ بولسا كېرەك! ئەپسۇس، ئۇيغۇر ئا-
لىمى تۇرۇپ ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يازمىلىرىدىن «ستاتا» ئېلىشنى خا-
لىمىدى ياكى ياراتمىدى. ئۇلارنىڭ «بېسىپ چۈشۈش ئېڭى» شۇمە-
كىنتالڭ؟! ھەق گەپ: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمىدى. تۇراقلاشقان
تىنىملىرىمىزنى يازما شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ جاۋاھى-
راتلىرىنى تارىخىي ماتېرىيال دەرىجىسىگە كۆتۈرمىدى ياكى خالىمىدى
ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ياكى زامانداش ئالىملارنىڭ قاراشلىرى
قەلەمىي مەھسۇلاتلىرىدىن «ستاتا» ئېلىپ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تە
رەققىيات بوشلۇقى يارىتىشنى ئويلاشمىدى. يازغۇچىلىرىمىزدا بىر ـ بىرىنى
ياراتماسلىق مەنتىقىسى يوشۇرۇن تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ئاپەت تۇ-
سىنى ئالغان بۇ خىل «تەرەققىيات» ئۇيغۇرنىڭ دوپپىسى بىلەن بۇ-
رۇتىنى يەڭگۈشلەش گىردابىغا يەتتى.

«ستاتا» ئېلىش مەدەنىيىتى ئەكەلگەن ئاقىۋەت ئۇيغۇرلارنى تەش-
ۋىق قىلىش بولماستىن، كەمسىتىش، خۇنۇكلەشتۈرۈش بولدى. بىر مىل-
لەتنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاسلىقىنى كەمسىتىش شۇ مىللەتكە كولىغان ئورا...

خەيرىيەت، يېڭى بىر ئېرا ـ يېڭى بىر ئەسىر باشلانغان قىسقىغىنە
تۆت يىلدىن ئارتۇق ئازغىنە ۋاقىتتا ياش ئالىملىرىمىز، سەزگۈر ئا-
قىللىرىمىز «ستاتا» ئېلىش مەدەنىيىتى ھەققىدە ئويلىنىپ، داۋراڭ
قىلماي قەلەمىي پىكىر ـ ئەمگەك قىلىپ ئوبدان رىسالە شەكىللەندۇ-
رۇشكە يۈزلەندى. بەزىلىرى ئاشكارا چۇقان كۆتۈرۈپ قەلب ئىزھار
قىلدى. 2002 ـ يىلى مارتتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «تارىم قوۋۇقى
چېكىملىگەندە ‹ئەسەد سۇلايمان ئەسەرلىرى ـ 1›» دېگەن كىتابنى
چىقاردى. ئاران 22 يۇەنلىك بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ، 1 ـ بېتىدىن
504 ـ بېتىگىچە ئىككى قېتىم تەكرار قىلدىم ـ ئوقۇدۇم. تونۇلغان

www.uyghurkitap.com

ياش ئالىم، دوكتور ئەسەد سۇلايمان كىتابىدا مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئابدۇقادىر داموللا، ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئىي، موللا مۇسا سايرامىي، شەرىپىدىن ئۆمەر قاتارلىق توققۇز نەپەر ئالىم - ئۆلىمانىڭ بىر نەچچىدىن كلاسسىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن قەلەمي پىكىرلىرىدىن «ستاتا» ئاپتۇ. ئاشۇ توققۇز پازىلنىڭ يازغانلىرىدىن ئېلىنغان «ستاتا»لار مۇئەللىپنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى «ھەسەن - ھۈسەن»دەك جۇلالىتىپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۇيغۇرلار ياراتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارلا تەرەققىي قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ. كىتابنى ئوقۇپ قەلبىمدە «ستاتا» ئېلىش مەدەنىيىتىمىزدە ئۈمىد يۇلتۇزى چاقنىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئىشنى ياشلار ئۆگىشىدىغانلىقىغا ئىشەندىم!

ئاغزىم تاتلىق بولغان ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ يۈرسەم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 1 - سانىغا توقسۇن ناھىيە شاھ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى، نامى مۇبارەك سىڭلىمىز خەلچەم رىشتىنىڭ «ئەدەبىياتىمىزنىڭ قويىنى ئىللىقراق بولسا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. يېپيېڭى قاراشقا تولغان ماقالىدە مۇئەللىمە: «بىز قاچانغىچە ئۆزىمىزنىڭ لاچىنلىرىنى خەقنىڭ سارلىرىغا تەڭ قىلماي يۈرىمىز ؟!... تالانتلىق كىشىلىرى، ئالدىغا ئوزۇپ چىققان كىشىلىرى خارلىنىدىغان مىللەت - مەڭگۈ خارلىققا مەھكۇم مىللەتتۇر. شۇڭا بىز مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئەۋلادلار ئالدىدا جىنايەتكار بوپقالىمىز» دەپ چۇقان كۆتۈردى! بۇ، ئىچ - قارنىمۇ خۇددى مەڭزىدەك، كۆڭلىنىڭ ياقىسىدەك پاكىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چۇقانى! باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئىلغار مەدەنىيىتى، مەشھۇر زاتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرلاردىكى «لاچىن»لارنى باشقا مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان، ئالماشتۇرۇشتىكى باراۋەرلىكنى ياقىلىغۇچى غۇرۇرلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ چۇقانى! مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېھقانلار، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ھال سەۋىيىلىك پۇقرالارنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان يېزىقنى «ستاتا» ئورنىدا كۆچۈرۈپ، كۆز - كۆز قىلىۋاتقانلارغا قارشى چۇقان! بىرەر گەپ ۋە بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قوللاش، قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىپ ئىنكار قىلىشتا، ئۆزىمىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەمدە ئۆزىمىزگە زامانداش ئالىملارنىڭ، ئەل ئىچىدە پىشقان سەرخىل ھېكمەتلەرنىڭ لازىملىقلىرىدىن «ستاتا» ئېلىپ، باشقا مىللەتلەر ئالىملىرىنىڭ يازمىلىرىدىن «ستاتا» ئېلىپ، ئۇيغۇر تىنمىلىرىنى ئۇيغۇرچە ھەل قىلايلى، دېگەن چۇقان!...

مۇئەللىمەنىڭ ئىككى كەلىمىگە جەمى كەچمىشنى سىغدۇرغان چۇقانىنى ئوقۇپ، پىكىر - قاراشلىرى كۆزلىرىدەك ئويناق ياشلارغا ئاپىرىن ئوقۇپ يۈرسەم، 2005 - يىلى 22 - ئاۋغۇست (دۈشەنبە) كەچ سائەت 6دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2 - يۈرۈش ئۇنىۋېرسال ئاخبارات قانىلىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا پروگرامما ئەھلى ئۈمىد غەنى: «بۈگۈن كۆپچىلىككە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بىر مېھماننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي» دېدى. قولۇمدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ دەررۇ ئېكرانغا تىكىلدىم. سۆھبەت ئوبيېكتى بولغان مېھمان جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، ئاكادېمىيە باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى، جۇڭگو دورىگەرلىك تەتقىقات جەمئىيىتى ەتاپولىت دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگودىكى ئەڭ مەشھۇر دوختۇرخانا بولغان شيخې دوختۇرخانىسى باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى، ئاتاقلىق تېبابەت ئالىمى (مەسئۇل مۇھەررىردىن) زەپەر ئابلىز ئىكەن! مەرھۇم ئۇستاز ئەدىب، مۇھەررىرلەر ئۇستازى ئابلىز نازىرىي ئاكىمىزنىڭ ئوغلى زەپەر ئىكەن! زەپەر ئابلىز: «مەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان، بەزى ئاتالغۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسام ئەپۇ قىلغايسىلەر» دەپ سۆز باشلىدى. جەمى ئادەمگە ئوخشاش ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى - بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئاچچىق كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ بەردى: «مېنىڭمۇ باللار بىلەن بىللە يۈگۈرۈشۈپ، پومداقلىشىپ ئوينىغىم كېلەتتى. سىرتقا چىقسام باللار ‹گېزەندىنىڭ بالىسى› دەپ ئۇر - سوق قىلاتتى. شۇڭا كۈنلەپ، كېچىلەپ ئۆيگە سولۇنۇپ كىتاب ئوقۇيتتىم» دېدى. غۇبارسىز كىچىك بالىنىڭ قەلبىگە، پىسخىكىسىغا، غۇرۇرىغا يات كەچمىشنى ئاڭلاپ كۆزۈمدىن تامغان ياش مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىمدىن پىيالەمگە تامدى. ياش بىلەن چاينى ئارىلاشتۇرۇپ ئاغزىمنى نەمدىدىم!!! زەپەر ئابلىز ئىككى «ستاتا» ئالدى:

«بىر قېتىم نازارەت ئاستىدىكى دادام بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدە، - دېدى ئۇ بىرىنچى ‹ستاتا›سىدا، - دادام: ئۇيغۇرلاردا تەبئىي پەن خادىملىرى كەمچىل. سەن تەبئىي پەن ئۆگىنىشتە ئوزۇپ چىقىپ داداڭنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا» دېگەنىدى»، دېدى. ئىككىنچى «ستاتا»سىنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۈمىد غەنىدىن «گاۋجۇڭنى نېمە دەيمىز؟» دەپ سورىدى. ئۈمىد غەنى: «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ» دەپ جاۋاب بەردى. «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، - دەپ سۆزلىدى زەپەر ئىككىنچى ‹ستاتا› سىنى دېيىشكە تەييارلىنىپ، - لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىككى كۇپلېت شېئىرىنى يادلىۋالغانىدىم. بىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. نەتىجە قازىنىشىمغا تۈرتكە بولغان بىر كۇپلېتنى ئوقۇپ بېرەي» دەپ ل. مۇتەللىپنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى «ستاتا» ئېلىپ ناھايىتى راۋان، تەبئىي ھەم ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلدى:

«ياشلىق، تىرىش - تىرماش ھارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قاينام ھەم چوڭقۇر.
نادانلىق ئۇ، ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ...ۋاراقلاپلا بىر قۇر».

زەپەر ئىككى «ستاتا» سىنى دەۋېلىپ: «مېنىڭ بۈگۈنكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىشىم دادامنىڭ نەسىھىتى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاشۇ بىر كۇپلېت شېئىرى بولدى» دېدى. نەق مەيداندىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

ياش ئالىم زەپەر ئابلىزنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا دېيىشىچە، ھازىرقى ئىشى ئاساسلىقى ئىنگلىز تىل - يېزىقىدا بېجىرىلىدىكەن. ئۇ، خىزمەت داۋامىدا، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغاندا ئىنگلىزلارنىڭ ئالغا بېسىشقا، بېسىپ چۈشەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇدىغان، رىغبەتلەندۈرىدىغان، دەۋەت قىلىدىغان، مېڭە، پىسخىكىسىنى غىدىقلايدىغان مەشھۇر ھېكمەتلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدۇ!؟ ئوقۇمىغانمىدۇ!؟ توغرا جاۋاب: ئاڭلىغان، ئوقۇغان. نەتىجە: مەنبەنى ئۇنتۇمىغان! ئۆزىنى كۈچەيتىشتە ئۆز مىللىتىنىڭ ھېكمەتلىرىنى دەستۇر قىلغان. مۇشۇ دەستۇر زەپەر ئابلىزنى ئىنگلىز يېزىقىدا چىقىدىغان بىر دۇنياۋى تېببىي پەن ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇشتەك شەرەپكە نائىل قىلىشقا كۈچى يەتكەن. ئۇشبۇ يازمىغا «زەپەر ئالغان ستاتا» دەپ ئات قويۇشۇمنىڭ «چىلىك پەدىسى» ئاشۇ!

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى



«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى»، «بەدەن تۈزۈلۈشى نورمال بولمىغان كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى»، «رىشلىيە گۈل ئۇسخىلىرى»، «ئۇيغۇر كىيىملىرىنى لايىھىلەش ئاساسلىرى»، «كىيىنىش ۋە ياسىنىش سەنئىتى»، «كىيىم-كېچەك كېسىش ۋە تىكىش ئاساسىي بىلىملىرى» (ئابدۇرەشىد زۇنۇن بىلەن بىرلىكتە)، «تىكۆچىلىك تېخنىكىسىدىن سوئال-جاۋابلار»، «خورازم كىيىم-كېچەكلىرى كېسىش-تىكىش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، ياش تىكۆچىلىك ئۇستازى، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مائارىپى ۋە تەتقىقاتىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ياش تۆھپىكار نۇرمۇھەممەتجان جېھان ئەپەندى

— ئابلەت جۇمە فوتوسى


《新疆文化》 （维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区 艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001 电话：(0991) 2856942
印刷：《新疆日报》印务中心
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22 定价：5 元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2005-يىل 6-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھ) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991) 2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى توپلايدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uighurkitap.com

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز



ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار

رەسسام: مۇراددىل ئابلىمىت